# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى



2006 2

# 吐鲁番学研究

# Turpanological Research

شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نەشرئەپكارى







① تۈركلەرلەر قەبرىسى ئالدىدىكى تاش بالبال
( ئېگىزلىكى 285 سانتىمېتىر )

② تۈركلەرلەر قەبرىسى ئالدىدىكى تاش بالبال
( ئېگىزلىكى 191 سانتىمېتىر )

③ تۈركلەرلەر قەبرىسى ئالدىدىكى تاش بالبال
ئارقىسىنىڭ كۆرۈنۈشى
( ئېگىزلىكى 191 سانتىمېتىر )

2006 ـ يىل 2 ـ سان

# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

(ئومۇمىي 14 ـ سان)



تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى:
ئابلا قاسىم

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:
ئابلىم قېيۇم
ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

باش مۇھەررىرى:
ئابلىم قېيۇم

ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان
ئالىي مۇھەررىرى:
ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

تەھرىرلىرى:
ئابدۇگۇل ئابلىمىت، ئەركىن ئى-
مىننىياز قۇتلۇق، زۇلپىيە مۇھەم-
مەت، ئۆمەر ئابدۇقادىر


مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە:
قوچو ئىدىقۇت تاپىنغۇچىلار رەسىمى (10 ـ ئەسىر تۇرپان بېزەكلىك بۇددا غارى 20 ـ نومۇر)

مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە:
تۇرپان پىچاندىكى «يەتتە قىز مازىرى»

## مۇندەرىجە

### يازما يادىكارلىقلار تەتقىقاتى


دۇنخۇاڭ، تۇرپاندىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر ......
...... ئا. مۇھەممەت ئۇمىديار، ئە. ئىمىننىياز قۇتلۇق (1)
تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بالا بېقىۋېلىشقا ئائىت ئۈچ پارچە ھۆججەت توغرىسىدا ..........
.......................... يۇنۇسجان ئېلى (18)


### مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى


تۇرپاندا ئوبوروت قىلىنغان بىر قىسىم قەدىمكى پۇللار توغرىسىدا دەسلەپكى تەتقىقات........... ئەنۋەر ئابباس (27)
قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ پوچتا كەسپى ......
........................ ياسىن نۇر (47)


### تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى


دەسلەپكى مەزگىلدىكى چاغاتاي خانلىقى ..................
........................... ليۇ يىڭشېڭ (49)
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى
........................ ئابلىز ئورخۇن (64)


### مەشھۇر شەخسلەر


دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر بۇددىست شائىرى، مۇتەپەككۇرى پرتياشىرىنىڭ ئەخلاق قارىشى.................
................. ئابدۇرېھىم تۇرسۇن تاشقىن (77)
پىچاندىكى يەتتە قىزلار مازىرى توغرىسىدا ئىزدىنىش
...................... ئەھمەد ئىمىن ئەلنەزەر (81)
قوچو ئۇيغۇر ئېلىدە ئۆتكەن ئىككى تارىخشۇناس ھەققىدە
...........................ئىسرائىل مۇتەللا (89)


### تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات


ئەرگىنەقۇننىڭ ئورنى ھەققىدە .......................
..........................تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى (95)
2006 ـ يىللىق «جۇڭگو موڭغۇلىيە بىرلەشمە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى»نىڭ تەكشۈرۈش پائالىيىتى ..........
........................ ئابلىم قېيۇم (101)

吐鲁番学研究
2006 第二期，维吾尔文
（总第十四期）

编委会
主任：
阿布拉·卡斯木

副主任：
阿布力木·克尤木
艾尔肯·伊明尼牙孜

主编：
阿布力木·克尤木

特邀编审：
艾尔肯·伊明尼牙孜

编辑：
阿布都古力·阿不利米提，艾尔肯·伊明尼牙孜，祖力菲亚·买买提，吾买尔·阿布都哈地尔

封一：

回鹘亦都护供养像（十世纪——吐鲁番柏孜克里克石窟20号洞）

封四：

吐鲁番善鄯七神女墓

# 目录

## 文献研究

敦煌吐鲁番发现的回鹘文献 ……………… ..阿布拉江.吾米德雅尔，艾尔肯.伊明尼牙孜(1)
吐鲁番发现三件回鹘文养子文书 ……………… ……………… 尤努斯江. 艾力(18)

## 文物研究

论吐鲁番流通的部分古代钱币 ……………… ………………艾尼瓦尔.阿巴斯(27)
高昌回鹘汗国邮政事业……………亚森.努尔(47)

## 吐鲁番学研究

早期的察哈台汗国………………刘迎胜(49)
论现代维吾尔族的形成过程……………… ………………阿不力孜.鄂尔浑(64)

## 高昌人物研究

中世纪回鹘佛教诗人思想家普拉提牙.牙谢里的道德观………………阿不都热依木.吐尔逊(77)
谈吐鲁番善鄯七神女墓 ……艾合买提. 依明 (81)
谈高昌回鹘汗国的两位翻译家 ……………… ………………斯拉伊.木提拉(89)

## 科学探索

额尔古纳的地理位置 ………吐尔逊.吾守尔(95)
2006 年‘中蒙联合学术考察队的考察活动 ……… ………………阿布力木.克尤木(101)

# دۇنخۇاڭ، تۇرپاندىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر

ئابلاجان مۇھەممەت ئۇمىديار، ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

1) تارىخ - تەزكىرە خاراكتېرلىك ئەسەرلەر

قەدىمكى ئۇيغۇرچە دۇنخۇاڭ ۋەسىقىلىرى ئىچىدە تارىخى تەزكىرە تۈرىدىكى ئەسەرلەرمۇ خېلى كۆپ.

ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتىدا، ئىلگىرىكى تەتقىقاتلاردا خېشى كارىدورى ۋادىسىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت تەتقىقاتلار تۈرلۈك سەۋەبلەر (تىل - يېزىق پەرقى، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى بېكىنمىچىلىك، ئىلمىي قاراشنىڭ بىردەك بولماسلىقى قاتارلىقلار) تۈپەيلىدىن تازا يېتەرلىك بولماي كەلگەن ياكى تەتقىقاتتىكى ئەنئەنىۋي بېكىنمىچىلىك تۈپەيلىدىن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى بىر پۈتۈن ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدا ئېتىبارسىز قارىلىپ كەلگەندى. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرلارغا دائىر تارىخ - تەزكىرە خاراكتېرلىك ۋەسىقىلەر قەدىمكى دەۋردىن ئوتتۇرا ئەسىرگىچە بولغان نەچچە ئەسىرلەر داۋامىدا خېشى كارىدورىدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيىتىنى بىلىش ھەم ئۇنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە. ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تارىخ - تەزكىرە تېمىسىدىكى بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى دېگۈدەك ئابىدە شەكلىدە يېزىلغان ياكى تاشقا ئويۇپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ خىل ئالاھىدىلىك بىزگە ئۇيغۇرلارنىڭ سېرىق دەريا ۋادىسىدا ياشىغان مەزگىللەردە خۇددى ئورقۇن ئۇيغۇرلىرىغا ئوخشاش ئۆز تارىخىنى ئابىدە سۈپىتىدە مەڭگۈ تاشلارغا ئويۇپ قالدۇرۇش ئەنئەنىسىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**«قوچو ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى»**

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن «قوچو ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» ناملىق بۇ يادىكارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، تىل - ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئابىدىدۇر.

بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ تېكىستى ئەسلىي يۇرتى سانجى بولغان ئۇيغۇر شائىرى كىكى قۇرسا ئىچقۇ تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ يۇڭچاڭ دېگەن يېرىدە (ھازىرقى ۋۇۋېي تەۋەسىدە) 1334 - يىلى ئورنىتىلغان، بۇ ئابىدىنىڭ ئەسلىدىكى ئېگىزلىكى 4 مېتىر، كەڭلىكى 1.62 مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ پەقەت ئاستىنقى يېرىم قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان. بۇنىڭدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگىنى ئەسلىدىكى تاش ئابىدىنىڭ 5 تىن 2 قىسمىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھازىر بار بولغان بۇ قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 1.8 مېتىر، قېلىنلىقى 47 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 1.6 مېتىر كېلىدۇ. بۇ مەڭگۈتاش تېكىستى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل تىل - يېزىقتا يېزىلغان («شىنجاڭ تىل - ئەدەبىياتى ۋە تارىخىغا دائىر ماقالىلەر»، گېڭ شىمىن، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 400 - بەت). ئۇنىڭ ئالدى يۈزىگە

61 كوبلىت ئۇيغۇرچە شېئىر ئويۇلغان بولۇپ، ئۇلار 4 مىسرا بىر كوبلېتتىن جەمئىي 257 مىسرا. بۇ شېئىرلارنىڭ كۆپىنچىسى باش قاپىيە شەكلىدە يېزىلغان. بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ ئارقا تەرىپىگە قوچو ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرىنىڭ نەسەبنامىسى ۋە بەزى تارىخىي ئەھۋاللىرى خەنزۇچە ئويۇلغان.

بۇ مەڭگۈتاشنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن قىسمىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ پۈتۈن تېكىستى ياپىلاق شەكىللىك چوڭ چاسا تاشقا ستونغا ئايرىپ يېزىلغان، ھەربىر ئىستوندا 51 دىن 40 قۇرغىچە خەت بار. ھازىر بۇ يادىكارلىقنىڭ ئۇيغۇرچە تېكىست قىسمىدىن پەقەت ئاخىرقى بۆلىكى (تاشنىڭ ئاستىنقى قىسمى) دىن 4 يېرىم ئىستونىلا قېپقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ بۆلىكى ھازىر گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

موڭغۇللار ئىستېلاسىدىن كېيىنكى مەزگىللەردە، بولۇپمۇ چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى قۇبلاي خان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە زەپەر قۇچۇپ تەختكە چىققان (1260 ـ 1291 ـ يىللار) دىن كېيىن يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلۇپ، مەملىكىتىمىز جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. موڭغۇللار ھاكىمىيىتى شەرقتە يۈەن سۇلالىسى، ئوتتۇرا ئاسىيادا چاغاتاي خانلىقى ۋە ئوگداي خان ئەۋلادلىرىدىن بولغان ھۆكۈمرانلارنىڭ ئارىلىقىدا بۆلۈنۈپ تۇرۇۋاتقاچقا، بۇ ھۆكۈمران گۇرۇھلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەر ۋە سەلتەنەت تالىشىش كۆرەشلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بولۇپمۇ قايدۇ توپىلىڭىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئوگداينىڭ نەۋرىسى قايدۇ بىلەن تولۇي نەسەبىدىكى قۇبلايخان ئوتتۇرىسىدىكى قوچو رايونىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش ـ يېغىلىقلار تۈپەيلىدىن قوچو ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرىنىڭ خان جەمەتىدىكى نۇرغۇن ئائىلە تۇرپاندىن 1286 ـ يىلى ئەتراپىدا (نۇرۇن تېگىن تەختكە چىققان مەزگىلدە) گەنسۇنىڭ يۇڭچاڭ دېگەن جايىغا كۆچۈپ كېلىپ، بۇ يەردىكى گەنسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەسلىدىكى زېمىنىدا تىرىكچىلىك قىلىپ، بۇ يەردە يۈەن سۇلالىسى ھىمايىسى ئاستىدىكى يەرلىك ھاكىمىيەتنى بەرپا قىلىشتى.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يۇڭچاڭ شەھىرى ئوگداي خان ئەۋلادلىرىدىن كودۇەننىڭ ئوغلى جەبە تەمۇر تەرىپىدىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ توققۇزىنچى يىلى (1272 ـ يىلى) بىنا قىلىنغان خانلىق قەلئە بولۇپ، كېيىنكى مەزگىلدە ئۇنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى ھۆكۈمران گۇرۇھلار تالاشقان. يۇڭچاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلار خانلىق ئوردا تەرىپىدىن قوچو ئىدىقۇتلىرىغا بەخشەندە قىلىپ بېرىلگەن. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، «يۈەن سۇلالىسىنىڭ 15 ـ يىلى يۇڭچاڭ خانلىق ئوردا قىلىنىپ يۇڭچاڭغا يول ياسالغان...»

يۈەن سۇلالـــىســنــىــڭ 22 ـ يىلى (1285 ـ يىلى) غەربىي يۇرتتا خانغا ئاسىيلىق قىلغان دۇۋا رەقىبى ئەجىج، ئورۇنچ قاتارلىقلار باشچىلىقىدىكى قوشۇن يۈەن قوشۇنلىرىنى مەغلۇب قىلغاندىن كېيىن، ئۇزىگە قولايلىق بولغان ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ ئىدىقۇت (ھازىرقى تۇرپان) نى 6 ئايغىچە مۇھاسىرىگە ئېلىۋالىدۇ. يۈەن قوشۇنلىرىنىڭ قايتا كىرىشى بىلەن قامال قىلىش بېكار قىلىنغان. كېيىن قوچو ئىدىقۇتى قوچقار تېگىن بېيجىڭغا كىرىپ خانلىق ئوردىنى تاۋاپ قىلىدۇ. كېيىنكى يىلى يۈەن سۇلالىسى ھەربىي قوشۇنى زور قوشۇن بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي ئېتەكلىرىگە كىرگەن. شۇ يىلى كۈزدە يۈەن قوشۇنلىرى قايدۇ، دۇۋا قاتارلىقلار بىلەن ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلىپ يۈەن قوشۇنلىرى ۋاقىتلىق مەغلۇب

بولىدۇ. قوچقار تېگىن غەربىي رايوننى قايتۇرۇۋېلىپ قومۇلدا تۇرۇپ بىر مەزگىل ۋەزىيەتنى كۆزەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئىسيانچى كۈچلەرنىڭ قايتۇرما زەربىسىدە ھالاك بولىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتلاردا يۈەن سۇلالىسىگە قارشى ئىسيانچى كۈچلەر يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەي داۋاملىق يۆتكىلىپ يۈرۈپ قارشىلىق كۆرسىتىپ، قوچو رايونىنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تالاشتى. مانا مۇشۇنداق ئايىغى ئۈزۈلمەس ئۇرۇش، يېغىلىقلار ئىچىدە ۋەيران بولغان قوچو ئىدىقۇتى ۋە پۇقرالىرىمۇ شەرققە يۆتكىلىپ سەددىچىنىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئاخىرى يۇڭچاڭغا ماكانلاشتى. خېشى كارىدورى رايونىغا كۆچۈپ بارغان مۇشۇ بىر قىسىم ئۇيغۇرلار خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي تىلى، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ۋە مەدەنىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئۆز ئەجداتلىرىنىڭ تارىخىنى يادلاپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ باھادىر ئەجدادلىرىنىڭ شانلىق كۆرەشلىرىنى ۋە ئۆچمەس تارىخىي ئىش - ئىزلىرىنى خاتىرىلەش، شۇنداقلا ئۇنى كېيىنكىلەرگە بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بۇ مەڭگۈ تاشنى ئورناتقان. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەينى ۋاقىتتا تايپۇنۇ خاندىن كېيىن يوللۇغ تۆمۈر، ئۇنىڭدىن كېيىن سەنگى قاتارلىقلار ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىققان بولۇپ، بۇلار يۈەن سۇلالىسىنىڭ مۇھىم ئەمەلدارلىرى سۈپىتىدە قارالغان.

دېمەك، «قوچو ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى»نىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمى ئاشۇ مەزگىلدىكى قوچو ئىدىقۇت جەمەتىنىڭ تۇرپاندىن گەنسۇغا كۆچۈپ بېرىشتىن ئىلگىرىكى ۋە كۆچۈپ بارغان مەزگىللەردىكى سەرگۈزەشتىلىرى، تارىخىي ئىش - ئىزلىرى ۋە نەسەبنامىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگۈچى ئابىدىدۇر. بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ ئورنىتۇلغان ۋاقتى ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى ھەققىدە ئەسەر تېكىستىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا مۇنداق مۇھىم ئۇچۇرلار بار:

«... ئىت يىلى ئونۇنچ ئاي قۇتلۇق ئەدگۈ كۈن ئۈزە
تولىب تۈكەل بۇ تۆرۈ تورغۇزۇلدى
مەن جامبالىغلىق كىكى
قۇرسا ئىچقۇ بىتۈ تەگىندىم لويىپ
ساۋ ... ئىتتۈرمىش ياڭ تىلىڭ
سىردىيۇ تەگىندىم ساتۇ...»

(ئىت يىلى يەنى 1334 - يىلى ئونىنچى ئاينىڭ خاسىيەتلىك ياخشى كۈنىدە (مەڭگۈ تاش) تولۇق تۈگەل پۈتۈپ ئورنىتىلدى. مەنكى جانبالىغلىق كى كى قۇرسا ئىچقۇ يازدىم. ليۇشۇسى... بۇيرۇتقان مەن ياڭ تىلىڭ چەكتىم...) ①

بۇ يادىكارلىقتا قوچو ئىدىقۇتلىرى (خانلىرى) نىڭ نەسەب شەجەرىسى ئىخچام تارىخىي ئەسلىمە شەكلىدە شېئىرىي يول بىلەن بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدا قوچو ئىدىقۇتلىرىدىن بارچۇق ئارت تېگىندىن تارتىپ تاكى تايپۇنۇ خانغىچە بولغان خانلارنىڭ ئىش - ئىزلىرى، تۆھپىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخقا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقەلەر قىسقىچە خاتىرىلەنگەن. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ ئۇيغۇرچە تېكىست قىسمى (نەسرىي شېئىر شەكلىدە يېزىلغان قىسمى) خەنزۇچە قىسمىدىن كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭدا تارىخىي ۋەقەلەر بىر قەدەر تەپسىلىي يېزىلغان.

«قوچو ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، بولۇپمۇ يۈەن دەۋرىدىكى قوچو ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىنىڭ ئالدىدىكى ئىنتايىن مۇرەككەپ تارىخى، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىل - يېزىقى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پاكىتلىق ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ يادىكارلىقنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى ئەھمىيىتىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتىن كۆرۈۋېلىشقا

بولىدۇ:

تارىخىي جەھەتتىن قارىغاندا بۇ يادىكارلىق گەرچە پەقەتلا ئەجدادلارنىڭ شەجەرىسىنى تىكلەش مەقسىتىدە ئورنىتىلغان ئابىدە ياكى قوچو ئىدىقۇتلىرى (خان جەمەتى) نىڭ ئىخچام نەسەبنامىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇش ھارپىسىدىكى بەزى تارىخىي ۋەقە ھەم شەخسلەرگە مۇناسىۋەتلىك رېئال ئەھۋاللار بىرقەدەر تەپسىلىي ۋە چىن بايان قىلىنغان. مەسىلەن، دۇئاب ئىنىبانىڭ ئىدىقۇت شەھەر قەلئەسىنى قورشىۋېلىپ، ئىدىقۇت خانىغا ئوقيا ئارقىلىق خەت ئەۋەتىپ قوچقار تېگىنىنىڭ قىزى ئېلچىقمىشنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا بېرىشنى تەلەپ قىلىشىغا دائىر ۋەقەلىك خېلى ئىنچىكە يېزىلغان②. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭدا مامۇراق تېكىنىنىڭ ئىدىقۇت خانى ئۆكرۈنچىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ پاكىت ئىلگىرى يېزىلغان خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى «مامۇراق ـ ئۆكرۈنچىنىڭ ئىنىسى» دەپ قارالغان تارىخىي خاتالىقنى تۈزىتىشكە ياردەم بېرىدۇ. (خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى ئىلگىرىكى تەتقىقاتىدا شۇنداق قارىغان). بۇ يادىكارلىق قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ئىدىقۇتلىرىنىڭ شىنجاڭدىن گەنسۇغا كۆچۈپ بېرىشىنىڭ سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى تۇرپان ۋە گەنسۇ رايونىنىڭ تارىخىي ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرى، سىياسىي ـ ئىقتىسادىي ھالەتلىرى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول يازما ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەدەنىيەت جەھەتتىن ئالغاندا، 10 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرىپ بىر مەزگىل ئىچىدە تەدرىجىي يىلتىز تارتقاندىن كېيىن، ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى ئاساسىدىكى مەدەنىيەت ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەچكە، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى پەرق ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى چەكلىمىلىك تۈپەيلىدىن بۇددا دىنىي ئاساس قىلىنغان تۇرپان ـ قوچو ۋە گەنسۇ رايونىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى سەل قارالغان، ھەتتا بەزى مۇسۇلمان ئاپتورلىرىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىدە چەتكە قېقىلغان شارائىت ئاستىدا، بىزدە غەيرى ئىسلام دىنىغا تەۋە تۈرلۈك يازما يادىكارلىقلار بۇزۇلۇش، ھەتتا يوقۇلۇش ھالىتىگە يۈزلەنگەن ئەھۋالدا بۇ يادىكارلىقنىڭ بايقىلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى بىزگە قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ غەيرىي ئىسلام مۇھىتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيەت ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ھۆججەت سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن، ئەل ئالتۇن چىڭگىزخانىنىڭ قىزى بولۇپ، بارچۇق ئارت تېگىنگە ياتلىق قىلىنغان. تېكىستتە بۇ تەپسىلات قاغان (تەيزۇ) ئەل ئالتۇن ئىسىملىك مەلىكىسىنى بارچۇق ئارت تېگىنگە ياتلىق قىلىپ بەرگەن دەپ يېزىلغان. مەڭگۈ تاش تېكىستىدە يەنە موڭغۇل خانى قوچو ئىدىقۇتىغا ياتلىق قىلغان ئالاجىن بېكە ۋە قوچقار تېگىنگە ياتلىق قىلىنغان موڭغۇل مەلىكىسى باباقار قاتارلىقلارغا ئائىت بەزى ۋەقە ـ تەپسىلاتلارمۇ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ خىل تەپسىلات 13 — 14 — ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ (قوچو ئۇيغۇرلىرى) موڭغۇللار بىلەن مەدەنىيەت ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتىكى يېقىنلىقى ، ئېتىقاد جەھەتتىكى ئورتاقلىقى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئالاقىلىرىدىكى ئايرىم ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى ئەڭ ئىشەنچلىك يازما پاكىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. يادىكارلىقتىكى بارچۇق ئارت تېگىن، مامۇراق تېگىن، قوچقار تېگىن، تەركەن تېگىن، تەمىر بۇقا قاتارلىق ئادەم ئىسىملىرىمۇ قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىسىم ـ فامىلە مەدەنىيىتىنى بىلىش ۋە تەتقىق قىلىشتا بىزنى مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ③.

«قوچو ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ بىزنى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەسىلەن، ئەسەر تېكىستىنىڭ ئىككىنچى ئابزاس 1 - قۇرىدىكى تۆرگىن (هارۋا)، ئەچە (ئەجداد) قاتارلىق سۆزلەر ۋە باشقا جايدىكى قادغۇ (قايغۇ)، يىرقا (بەختلىك، پاراۋان) سۆزلىرى بىزنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستىدىكى باش قاپىيىلىك شېئىر مىسرالىرى بىزنى قوچو دەۋرى شېئىرىيىتىنىڭ شەكىل - تۈرلىرى ۋە قاپىيە ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئۇنىڭ تېكىستىنى تارىخىي داستان دەپ قاراشقا بولىدۇ.

«قوچو ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» 1933 - يىلى ۋۇۋېينىڭ يۈڭچاڭ دېگەن يېرىدىن تېپىلغان، 1964 - يىلى مەملىكىتىمىز ئالىمى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى ئۇنىڭدىكى يېزىقلارنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ تېكىستىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئۆز تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان. كېيىن، گېڭ شىمىن ئەپەندى بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ «ئارخېئولوگىيە ژۇرنىلى» نىڭ 1980 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلغان. 1981 - يىلى گېڭ شىمىن فرانسىيىلىك ج. خامىلتون بىلەن بىرلىكتە ئەسەرنىڭ فرانسۇزچە تەرجىمە تېكىستىنى ئىشلەپ، فرانسىيىدە چىقىدىغان «تۈركلوگىيە» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان. كېيىن قاھار بارات قاتارلىقلار بۇ يادىكارلىقنى تەتقىق قىلىپ، ئۆز ماقالىسىدا ئېلان قىلغان («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1985 - يىللىق 1 - سانىدا).

يۈڭچاڭ قەلئەسىنىڭ ئورنى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئىزلىرى ھەققىدە شۇ يەرلىك پروفېسسور لى دېڭۋېي ئەپەندى مۇنداق ئۇچۇر بېرىدۇ: يۈڭچاڭ قەلئەسى ئازاتلىقتىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىللەرگىچە مەۋجۇت بولغان، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۇنىڭ تاملىرى بۇزۇلۇپ، توپىسى دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىغا تەبىئىي ئوغۇت قىلىنغان. 1985 - يىلى ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قىسمى بولغان غەربىي قورغىنى بۇزۇلغان④.

«قوچو ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇل ئىستېلاسىدىن كېيىنكى مەزگىللەردە ئۆز تارىخىنى خاتىرىلەپ يازغان تۇنجى ئەدەبىي تەزكىرە ياكى شېئىرى نەسەبنامە بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنى مول تارىخىي ماتېرىيال ۋە ئەمەلىي پاكىت بىلەن تەمىنلىگۈچى مۇھىم ئەدەبىي ۋەسىقىدۇر.

## قەدىمكى ئۇيغۇرچە «جىيۇچۇەندە ئورنىتىلغان مەڭگۈ تاش»

بۇ يادىكارلىق «يۈەن دەۋرىدىكى سۈجۇ ئايمىقى يەك دارۇغىچىلارنىڭ نەسەبنامىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ (گېڭ شىمىن: «شىنجاڭ تىل - ئەدەبىيات تارىخىغا دائىر ماقالىلەر»، مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى، خەنزۇچە 2001 - يىل نەشرى، 315 - بەت). بۇ مەڭگۈ تاش ھازىر گەنسۇ ئۆلكىسى جىيۇچۇەن شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ ئېگىزلىكى 2.36 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 0.91 مېتىر كېلىدۇ. بۇ يادىكارلىق خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئىككى خىل تىلدا پۈتۈلگەن. خەنزۇچە قىسمى 23 قۇر، ئۇيغۇرچە تېكىستى 32 قۇر.

جۇچۇەندە ئورنىتىلغان بۇ مەڭگۈ تاش ئۇزاق مەزگىل دالىدا تۇرغاچقا، ئۇنىڭدىكى خەتلەرنى پەرق ئېتىپ ئوقۇش خېلىلا قىيىن. بۇ مەڭگۈ تاشنى گېڭ شىمىن ئەپەندى مىلادىيە 1361 - يىلى تاڭغۇتلار تەرىپىدىن

ئورنىتىلغان، دەپ قارايدۇ. بۇ يادىكارلىق بىزنى 13 — 14 ـ ئەسىرلەردىكى خېشى كارىدورى رايونىنىڭ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ يۈەن دەۋرىدىكى گەنسۇدا ياشىغان ئۇيغۇر ۋە تاڭغۇتلار (غەربىي شىيالار) نىڭ پائالىيىتى ۋە مەدەنىيىتى ھەمدە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ دۇنخۇاڭ رايونىدىكى خەلقلەر تەرىپىدىن قوللىنىلىش ئەھۋالى قاتارلىق مەسىلىلەردە قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ يادىكارلىقنى مەملىكىتىمىزدە تۇنجى قېتىم شى جىنبو، بەيبىن، گېڭ شىمىنلار تەتقىق قىلىپ خەنزۇچە «مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1979 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلغان. بۇ يادىكارلىقنىڭ ئۇيغۇرچە تېكىستىنى گېڭ شىمىن ئەپەندى لاتىن يېزىقىدىكى ترانسكرىپسىيىسى، خەنزۇچە تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتلىرى بىلەن ئىشلەپ «شاڭدا ئەپەندىنى خاتىرىلەش ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى» دا ئېلان قىلغان.

**«ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت بىر پارچە تىبەتچە ھۆججەت»**

پارىژ شەھىرىدىكى فرانسىيە كۇتۇپخانىسىدا ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر P. 1283 نومۇرلۇق بىر پارچە تىبەتچە ۋەسىقە ساقلانماقتا. ئۇنىڭدىكى ئۇيغۇرچە يېزىقلار جەمئىي 108 قۇر. ئۇنى فرانسىيىلىك پېللىيوت 1903 ـ يىلى دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كەتكەن.

بۇ ھۆججەت 1956 ـ يىلىدىن باشلاپ گ. كىلاۋسېن، ب. سوڭۇر، موريياسۇ تاكائو، ۋاڭ ياۋ قاتارلىق فرانسىيە، ۋېنگرىيە، ياپونىيە، جۇڭگو تىبەتشۇناسلىرى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغانىدى.

بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات يۇقىرىدىكى ئالىملارنىڭ ئوخشىمىغان ئىلىم ساھەسىدىن تەھلىل يۈرگۈزۈپ بىر ـ بىرىنىڭ كەم يېرىنى تولۇقلىشى ئارقىلىق بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى. بۇ جەھەتتە «غوز خانى» دەپ ئاتالغان مەلۇم بىر ئۇيغۇر خانىنىڭ شىمالدىكى ئەللەرنى چارلاپ تەكشۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن بەش كىشىنى ئەۋەتكەنلىكى ۋە چارلىغۇچىلارنىڭ خانغا بەرگەن مەلۇماتلىرى خاتىرىلەنگەن. بۇ ھۆججەتتە خاتىرىلەنگەن ۋەقەلەرنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق بىرەر ئەسەردە ئېيتىلىپ باققانلىقى مەلۇم بولمىدى (بىراق، بۇنىڭدىكى بىر بۆلەك يۇرت ناملىرى ياكى تارىخىي شەخس ۋە ياكى مىللەت ناملىرىنى ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىكى بەزى ناملار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشكە بولىدۇ).

بۇ ھۆججەت ئارقىلىق ئۇيغۇر خانى مەلۇم بىر دەۋردە (تەتقىقاتچىلار بۇ دەۋرنى 9 ـ، 12 ـ ئەسىرلەر دەپ قاراشماقتا) شىمالدىكى بارلىق ئەللەرنى بىر قېتىم چارلاپ تەكشۈرۈپ چىققان بىر چوڭ تارىخىي ۋەقەدىن خەۋەر تاپقىلى، شۇنداقلا ئۇيغۇر تارىخىدا خاتىرىلەنمەي قالغان ياكى ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بەزى ۋەقەلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ كەتكىلى بولىدۇ. بۇ ھۆججەتتە ئۇچرايدىغان تارىخىي جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇلار تەڭرىتاغنىڭ شەرق تەرىپى، تالاس ۋادىسى ۋە شەرقىي دېڭىز ساھىللىرىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق چوڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھۆججەتتىكى بايانلار ئارقىلىق مۇشۇ چوڭ دائىرە ئىچىدە ئەينى زاماندا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى ئېنىق بىلگىلى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تارىخىي پائالىيەتلىرىنى، بولۇپمۇ مۇشۇ دائىرە ئىچىدە يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەلەرنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى، شۇ قېتىمقى چارلاشتا مۇشۇ دائىرە ئىچىدە قايسى خىل مىللەتلەرنىڭ ياشاۋاتقانلىقى ئېنىق بايان قىلىنغاندىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ۋە تۇرمۇش ئەھۋاللىرى قاتارلىقلارمۇ خاتىرىلەنگەن. بۇ يادىكارلىقتا «نىشاگ»

دېگەن شەخسنىڭ نامى ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ ھۆججەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مانى دىنى كەڭ ئەۋج ئېلىۋاتقان دەۋردە بارلىققا كەلگەن (قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز) شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 - يىللىق نەشرى، 184 - بەت).

بۇ ۋەسىقە 9 — 10 - ئەسىرلەردىكى گەنجو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت ھۆججەت بولۇشى مۇمكىن.

«ۋېنشۇ ئىبادەتخانىسى ئابىدىسى»

قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇ يادىكارلىقنىڭ تولۇق ئىسمى «يۈەن دەۋرىدە قايتا تۈزىتىلگەن ۋېنشۇ ئىبادەتخانىسى ئابىدىسى» بولۇپ، يەنە بەزىدە «تۇتۇڭ سالى ئىبادەتخانىسى ئابىدىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا 15 كىلومېتىر كېلىدىغان ۋېنشۇگو دېگەن جايدىن، سۇنەن يۇگۇ (سېرىق ئۇيغۇر) ئاپتونوم ناھىيىسى ئىچىدىكى ئابىدە ساي جىلغىسى) دىن تېپىلغان. بۇ ئابىدىنىڭ ئېگىزلىكى 1.24 مېتىر، كەڭلىكى 0.74 مېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئاستى ۋە ئۈستى تەرىپى بۇزۇلغان، ئابىدىنىڭ ئالدى تەرىپىگە 26 قۇر خەنزۇچە خەت، ئارقا تەرىپىگە 26 قۇر ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان. بۇ يادىكارلىقنىڭ خەنزۇچە خېتىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىزاھاتىغا قارىغاندا، ئۇ 1326 - يىلى ئورنىتىلغان، ئۇنىڭ ئورناتقۇچىسى نانداشى تېگىن ئىكەنلىكى مەلۇم. بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ خەنزۇچە تېكىست قىسمى نەسرىي شەكىلدە، ئۇيغۇرچە تېكىستى باش قاپىيىلىك شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغان، ئۇيغۇرچە تېكىست قىسمى بىزگە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خېشى كارىدورى رايونىدىكى موڭغۇل چاغاتاي خان ئەۋلادلىرىنىڭ مۇكەممەل نەسەبنامىسىنى يەتكۈزۈپ بېرىش بىلەن بىرگە (ئۇنىڭدا چىڭگىزخان، چاغاتاي، بايدار، ئالۇغۇ، چۇباي، نوم قۇلى، نومتاش قاتارلىقلارنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان)، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ئابىدە 1986 - يىلى گېڭ شىمىن ئەپەندى تەرىپىدىن خەنزۇچە «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2 - سانىدا ئىزاھاتلىرى بىلەن ئېلان قىلىنغان.

2) ئەدەبىي ۋەسىقىلەر

دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە ئەدەبىي ۋەسىقىلەرنىڭ تۈر ۋە شەكىللىرى خېلى كۆپ. بۇلارنىڭ زور كۆپچىلىك قىسمى ئەينى دەۋر كىشىلىرىنىڭ دىنىي ئېھتىياجى ۋە مەنىۋى ئىستېتىك ئىزدىنىشلىرى ئاساسىدا باشقا تىللاردىن تەرجىمە قىلىنغان. ناھايىتى ئاز بىر قىسمى بولسا شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. مۇشۇ خىل ئەدەبىي ۋەسىقىلەر ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى، مەنىۋى قىياپىتى ۋە ئىستېتىك ئىزدىنىشلىرى قاتارلىقلارنى بىلىش ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە.

«ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى»

ئۇيغۇرچە «ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى» بۇددا دىنىنىڭ مەھەيانا مەزھىپىگە ئائىت ئەسەردۇر. ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى «كاليانامكارا ۋە پاپامكارا» بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ قايسى تىلدىن ۋە كىم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئېنىق ئەمەس، لېكىن ئەسەرنىڭ تىلى ۋە ئۇنىڭدىكى پېرسوناژ نامىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئېلىنغانلىقىغا قارىغاندا بۇ ئەسەر توخرى تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلەنگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئەسەر تېكىستىدە «باراماس» دېگەن شەھەر نامى توخرىچە Baranas دېگەن نامدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن بولۇپ، ئۇ سان-

سىكرىتچە Varanasi (دەريا ئايلىنىپ ئۆتكەن شەھەر) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان.

بۇ يادىكارلىقنىڭ ھازىرغىچە ئۈچ خىل قول يازما نۇسخىسى بايقالغان بولۇپ، بۇلار پارىژ، لوندون ۋە بېرلىنلاردا ساقلانماقتا. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر تولۇق بولغىنى فرانسىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا p. ch3509 لىق نومۇردا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇسخا كىچىك كىتابچە شەكىللىك قولىيازما بولۇپ، ئۇنىڭ قەغىزىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى 14 × 11 سانتىمېتىر، جەمئىي 40 ۋاراق، 80 بەت. ھەر بېتىگە 7 - 8 قۇردىن خەت يېزىلغان. بۇ نۇسخا قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدا كۆچۈرۈپ يېزىلغان بولۇپ، ئۇ 10 - ئەسىرلەردە قەلەمگە ئېلىنغان. ئۇنى فرانسىيەلىك پ. پېللىئوت 1907 - يىلدىن 1909 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا دۈنخۇاڭدىن قولغا چۈشۈرۈپ فرانسىيىگە ئېلىپ كەتكەن. 1914 - يىلى 5 - ئايدا پېللىئوت ئۇنى فرانسىيىلىك شەرقشۇناس ئالىم خۇئارت بىلەن بىرلىكتە «فرانسىيىدىكى ئاسىياشۇناسلىق» ئىلمىي ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇرغان. كېيىن گېرمانىيە تۈركولوگى ۋىللىئام بانگ بۇ ئەسەرنىڭ پ. پېللىئوتلار ئېلان قىلدۇرغان نۇسخىسىنى تەتقىق قىلغان. 1940 - يىلى تۈركىيە ئالىمى نامىق ئورقۇن مۇشۇ نۇسخىغا ئاساسەن ئەسەرنىڭ تۈركچە نۇسخىسىنى نەشر قىلدۇرغان. 1971 - يىلى فرانسىيىلىك جامىس خامىلتون بۇ ئەسەر ھەققىدىكى ئىلگىرىكى تەتقىقاتلارغا ئاساسلىنىپ، ئۇنى ئىنچىكە تەتقىق قىلغان ۋە مۇشۇ ئاساستا «دۈنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە ئىككى تېگىننىڭ رىۋايىتى» ناملىق ئەسەرنى نەشر قىلدۇرغان. كېيىن مەملىكىتىمىز ئۇيغۇرشۇناسلىرىدىن نيۇ رۇجى ئەپەندى بۇ ئەسەرنىڭ فرانسۇزچە ۋە ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرىغا ئاساسلىنىپ، بۇ يادىكارلىقنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، 1991 - يىلى «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇرغان.

ئەسەرنىڭ يەنە بىر تولۇقسىز نۇسخىسى لوندوندىكى بۈيۈك برىتانىيە كۇتۇپخانىسىنىڭ شەرق قولىيازمىلىرى بۆلۈمىدە (118 - or8212) نومۇردا (ئەسلىدىكى نومۇرى ch 00291) ساقلىنىۋاتماقتا. دۈنخۇاڭدىكى موگاۋ غارىدىن تېپىلغان بۇ نۇسخىسىنى، خاملتون جەزمەن فرانسىيەدە p. 3509 نومۇردا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىدىن باشقا يەنە بىر قولىيازما نۇسخىسىنىڭ پارچىسى بار، دەپ قارىغان. لېكىن، كېيىنكى تەتقىقات بۇلارنىڭ ئايرىم نۇسخىلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئەسەرنىڭ يەنە بىرى بېرلىن نۇسخىسىدۇر. گېرمانىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس پ. تېسمى بېرلىندىكى تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار ئىچىدە «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىككى تېگىن ھېكايىسى» نىڭ تولۇقسىز بىر نۇسخىسىنى تېپىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتىنى 1974 - يىلى ئېلان قىلغان. بۇ ئۈچ خىل نۇسخا ئىچىدە پارىژ نۇسخىسى ئەڭ تولۇق ۋە ئىشەنچلىك بولۇپ، تەتقىقاتچىلار كۆپىنچە مۇشۇ نۇسخىنى ئاساس قىلغان.

«ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى» ناملىق ئەسەردە باراناس شاھزادىسى ئەدگۇ ئوغلى تېگىن (ئاق نىيەت تېگىن) نىڭ بۇددا ئەقىدىسى يولىدا ساۋاپلىق تېپىش ئۈچۈن، پىداكارلىق كۆرسىتىپ جانلىقلارنى ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇش مەقسىتىدە دېڭىزغا كىرىپ ئۈنچە - گۆھەر يىغقانلىقى، ئاخىرىدا ئىچى يامان ئىنىسى (قارانىيەت تېگىن) نىڭ كۆرەلمەسلىكى سەۋەبلىك دېڭىز سەپىرىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى، ئۆز ئىنىسىنىڭ سۇيىقەستى بىلەن ئىككى كۆزىدىن ئايرىلغان ئاق نىيەت تېگىننىڭ چۆل - جەزىرىلەر ۋە باشقا ئەللەردىكى جاپالىق سەرگۈزەش-

تىللىرى، ئۇنىڭ مېيىپ بولغان بولسىمۇ ئۆز ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇپ ساز چېلىپ يوقسۇل - تىلەمچىلەرنى باققانلىقى تەسىرلىك بايان قىلىنغان. ياخشىلىق، ئالىيجانابلىق بىلەن شەخسىيەتچىلىك، ئىچى قوتۇرلۇق ئۆزئارا سېلىشتۇرۇلغان. بۇ ئەسەرنىڭ تولۇق تېكىستى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن.

«ئارانېمى جاتاكا»

بۇددا دىنىنىڭ يارالمىش قىسسىلىرى تېما قىلىنغان ئۇيغۇرچە بۇ يادىكارلىقنىڭ بىر قىسمى ھازىر فرانسىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا Po uigour—1 نومۇردا ساقلىنىۋاتىدۇ. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان بۇ ۋەسىقە جەمئىي 3 ۋاراق بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچى ۋارىقىنىڭ كەڭلىكى 26، ئۇزۇنلۇقى 42 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئالدى - كەينى تەرەپلىرى ئىككىدىن ئىستونغا ئايرىپ يېزىلغان، ئىككىنچى ۋارىقىنىڭ ھەجمى 22 × 26 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدى يۈزىگە 17 قۇر، كەينى يۈزىگە 16 قۇر خەت يېزىلغان، ئۈچىنچى ۋارىقىنىڭ ھەجمى ئىككىنچى ۋاراق بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدى يۈزىگە 16 قۇر، ئارقا يۈزىگە 8 قۇر خەت يېزىلغان. بۇ ئۈچ ۋاراق قول يازما ۋەسىقە جەمئىي 119 قۇرلۇق تېكىستتىن تەركىب تاپقان. بۇنىڭدىن 67 قۇر «ئارانېمى جاتاكا» ① قىسسىسىگە تەۋە. بۇ ۋەسىقىنىڭ خەنزۇچە، سانسكرىتچە نۇسخىلىرىدا كۆرۈلمەيدىغان بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇنىڭدا توخرىچە سۆز - ئىبارىلەرنىڭ كۆپ قوللىنىلغانلىقىدا. بۇنىڭغا ئاساسەن بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ ئەسەر توخرى تىلى ياكى كۇسەن تىلىدىكى نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىشىدۇ. بۇ ۋەسىقىنىڭ تېكىستىدە مۇھىم بىر ئىزاھات بولۇپ، بۇ ئۇچۇرغا ئاساسەن بىز بۇ نومنى ئىشلەشكە سەدىقە بەرگۈچىنىڭ سىڭىسى ئاچارى، ئۇنى كۆچۈرگۈچىنىڭ ئالىپ توڭا ئىسىملىك كىشى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. پ. پېللىئوت، ئا. ستېيىنلەر بۇ ۋەسىقىنى 9 - 11 - ئەسىرلەرگە تەۋە دەپ قارىغان. بۇ قول يازمىسىنى ج. خامىلتون 1986 - يىلى ئېلان قىلغان ياپونىيىلىك مورىياسو تاكائو بۇ ۋەسىقىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنى 10 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا بارلىققا كەلگەن، دەپ قارىغان. مەملىكىتىمىزدە ياڭ فۇشۆ ئەپەندى بۇ يادىكارلىقنى تەتقىق قىلىپ، ئۆز ماقالىسىنى 1994 - يىلى «غەربىي شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ (خەنزۇچە) 2 - سانىدا ئېلان قىلغانىدى.

«ئارانېمى جاتاكا» نىڭ بۇ نۇسخىسىنىڭ كۆچۈرۈلۈپ يېزىلغان دەۋرى ھەققىدە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ قارىشى بىردەك ئەمەس. ياپونىيىلىك رىن ئەن شىياۋفۇ ئۇنى 10 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا تەۋە ھۆججەت دەپ قارىغان. ج. خامىلتون ئۇنى 9 - 10 ئەسىرلەردە كۆچۈرۈلگەن دەپ بېكىتكەن. ئەمما، مەملىكىتىمىز ئالىملىرىدىن ياڭ فۇشۆ ئۇنىڭ تېكىستىدىكى «يېمە قۇتلۇق تاۋشغان يىل يۆرتۈنچ ئاي يېتتى يېگىرمىكە مېن سىڭتىسى بۇ نوم بىتىگ بىتىگالى ئۆتۈنتۈم...» دېگەن قۇرلارغا ئاساسلىنىپ، بۇ ۋەسىقىنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتىنى گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلىپ، خېشى كارىدورى ۋادىسىغا تاڭغۇتلار ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان ۋاقىتلارغا، يەنى غەربىي شىيا خانلىقى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ، دەپ قارىغان ھەمدە بۇ ۋەسىقە تېكىستىدىكى «توشقان يىلى» مىلادىيە1051 ـ، 1036 ياكى 1063 - يىلى بولۇشى مۇمكىن دەپ بېكىتكەن②.

«ئارانېمى جاتاكا» نىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى:

A ياپراق ئالدى يۈز يۇقىرىقى ئىستون

1. يەنە ئۇلۇغ تەڭرى شۇنداق ئېيتتى: قۇلاق سېلىڭ.

2. سىز، سىز بولسىڭىز ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئوغلى، مەن ئويلاپ تاپتىم، ئېسىمگە كەلدى.

3. بۇ سانتۇر شاھ ئالەمدىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى ئۇلۇغ خاقان ئىدى.

4. نامى ئارانېمى ئىدى. بۇددىنى سېغىنىش بىلەن خۇشال بولاتتى، سەدىقە قىلاتتى.

5. ئۇ كۆپلەپ سەدىقە بېرىپ، ياخشى ئىش قىلىش ئۈچۈن،

6. ئالتە پارامىتقا③ قوشۇلۇش ئۈچۈن ئۇلۇغ - ئۇلۇغ

7. ياخشى ئىشلارنى قىلۇر ئىدى. شۇ چاغدا

8. كىچىك تەڭرى مۇنداق ئېيتتى: سىز

9. چوڭقۇر ئويلاڭ. قىلغان ياخشى ئىش - ئەمەللىرىڭىزنى

10. ماڭا ئېيتىڭ مەن ئۇلارنى ئاڭلاي.

11. ئەل ئۇلۇغى - تەڭرى شۇنداق بايان قىلىدۇلەركى: كۆپ زامانلار ئىلگىرى

12. ئارناتوۋ دېگەن شەھەردە ئارنىم ئىسىملىك خان بار ئىدى،

13. بۇ خان پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بۇددىغا سېغىناتتى.

14. ھەتتا ئۇ ئىلىگ ئۆزىنىڭ تېنى ۋە جېنىدىن كېچىشكە،

15. بارلىقنى بېغىشلاشقا رازى ئىدى.

ئۇ يەنە ھەممە جايغا يارلىق تارقىتىپ،

16. ئازاپتا قالغان نامرات كىشىلەر

17. ئاچ - سوغۇقنىڭ دەردىنى تارتقانلار

A ياپراق ئارقا يۈز يۇقىرى ئىستون

18. ھەرقانداق ئازاپقا مۇپتىلا بولغۇچىلار مېنىڭ يېنىمغا كەلسە

19. مەن ئۇلارغا ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بېرىمەن.

20. شۇنداق قىلىپ، ھەر جايلاردىن نامراتلار، دىۋانىلەر، دەرۋىشلەر

21. بۇنى (ئۇقتۇرۇشنى) ئاڭلاپ كەپتۇ. شاھ ئۇلارغا دېگەن نەرسىنى بېرىپتۇ.

22. ھەممىسى رازى بولۇشۇپ قايتىشىپتۇ. شۇ چاغدا

23. ئارتۇر مۇكى ئىسىملىك بىر بېراھما كەلدى، بۇ ئادەم يامان ۋە

24. ئەخلاقسىز ئادەم ئىدى. خاقاننىڭ بۇ ئىشلىرى

25. ئۇنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى. شۇڭا ئۆچمەنلىكىنى كۆڭلىدە يوشۇرۇپ

26. پۇرسەت كۈتۈپ يۈرەتتى. بىر قېتىم چوڭ يىغىلىشتا ئۇ شاھنىڭ ئايىغىغا ئېسىلىپ

27. يامان سۆز بىلەن خاقاننى ئازاپلىدى،

28. ئۇ قوپال سۆزلەرنى قىلدى

29. ئۇلۇغ شاھىم سىز نېمىشقا

30. يامان گەپلەرنى قارىغۇلارچە ئاڭلاپ يۈرۈيسىز؟ سىز خاتا قىلدىڭىز.

31. بۇ ئەل - دۆلەتنىڭ يارلىق يوسۇنىنى بۇزۇپ

32. سىز بۇرخان قۇتى دەپ ئۆزىڭىز خالىغانچە ئىش قىلامسىز؟

33. غەزىنىدىكى ھەممە بايلىقنى بوراندا ئۇچۇرۇپ تۈگىتىپ بولدىڭىز

34. راستىنلا ئۆز بېشىمچى (ئەخمەق) شاھكەنسىز!

B ياپراق ئوڭ يۈز

35. بۇ ۋاقىتتا براھمانىڭ قوپال سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرغان

36. ئىنانچ - ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى دەۋرىشكە

37. سەن نېمە ئۈچۈن بۇنداق كەمسە-
تىش

38. سۆزلىرى ئارقىلىق خاقانىمىزغا
ھاقارەت قىلىسەن؟ سەن

39. بۇ كىشىنىڭ يەر يۈزىدە تەڭرىگە
ئوخشاش خاقان ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

40. بۇنىڭ ئۈچۈن سېنىڭ تىلىڭ ئې-
قىپ كەتسۇن

41. ھېچ كىم شاھىمىزغا مۇنداق سۆز-
لىمەيتتى، دەپ

42. راسا تىللىدى. مۇشۇ ۋاقىتتا

43. ئارانېمى شاھ نۇرلۇق ۋە مېھرى-
بان كۆزلىرىنى ۋەزىرلەرگە تىكىپ

44. ئېيتتى: سىلەرنىڭ بۇ قەدەر
ھۆرمىتىڭلارغا ئېرىشىپ

45. مەن خۇددى ئوغۇل - قىزلار ئۆز
ئاتا - ئانىسىنىڭ

46. ئامراقلىقىنى ھېس قىلغاندەك
بولدۇم. لېكىن بۇ دەرۋىش

47. ھازىر ئۇستازىم ئورنىدا تۇرۇپ

48. سۆز قىلدى، ئۇ قانچە يامان گەپ
بولسىمۇ

49. ئاڭلاش كېرەك. بۇ پەيتتە ۋەزىر-
لەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ،

50. ئارانېمى شاھقا ساداقەت بىلەن
ھەممىسى

51. ئورنىدىن تۇرۇپ تازىم قىلىپ،
تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتتى:

52. ئالىيلىرى، سىزنىڭ يۈكسەك
شۆھرىتىڭىز

53. مۇلايىم سۆزلىرىڭىز، كەڭ قور-
ساقلىقىڭىز، ياخشى ئىش - ئەمەللىرىڭىز

54. بىزنىڭ قەلبىمىزنى پۈتۈنلەي بويى-
سۇندۇردى.

55. بىزنىڭ كاللىمىزنىمۇ بويسۇندۇر-
دى. ۋاھاكازا

56. بىز تېخى ئالىيلىرىنىڭ سۆزىدىن
چىقىپ باقمىدۇق،

57. ئەمما بۇ بەدبەشىرە دەرۋىش، ئال-
ۋاستى قىياپەتلىك كىشىنىڭ

58. بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە تۇرۇشىغا
سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرالمايمىز دېدى،
ئارانېمى شاھ

59. ۋەزىرلىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان-
دىن كېيىن

60. بېشىنى چايقاپ ئېيتتى:

61. سىلەر مېنى ئۇستاز بىلەن ئايرى-
ۋېتىپ

62. ماڭا زور ئازابلارنى ئەكىلىسى-
لەر. ئۇنىڭ كۆڭلى

63. تولىمۇ يېرىم بولۇپ، ئارامسىز-
لىنىپ يەنە مۇنداق دېدى:

64. ئالەمدىكى كۆپلىگەن ئىنسانلار
ئىچىدە،

65. سىلەر پەقەت مېنىلا ئويلامسىلەر؟
...

66. بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.
شۇنداق قىلىپ، ... (ۋەزىرلەر؟)

67. يەنە بىر قېتىم پادشاھتىن ئۆتۈ-
نۈپ دەپتۇ.

(يارالمىش قىسسىسىنىڭ ئاخىرى يو-
قىلىپ كەتكەن)

A ياپراق ئارقا يۈز تۆۋەنكى ئىستون

1. خەيرلىك توشقان يىلى تۆتىنچى

2. ئاينىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى مەن
سىڭگى

3. ساۋاپقا ئېرىشىپ، بەختلىك بولۇش
ئۈچۈن، باشقىلارغا بۇنى كۆچۈرتكۈزدۈم.

4. بۇ نومنى كۆچۈرتكۈزۈش ئارقى-
لىق، ھەم ئەخلاق

5. ھەم ياخشى ئىشتىن ھاسىل بولغان
كۈچ، ماڭا ئەسلەشلەرنى بەردى

6. ئانام ۋە ئاتام بەختلىك بولسۇن،
جەننەتكە كىرسۇن.

7. بۇ ياخشى ئىشلارنىڭ شاراپىتىدىن
(تەڭرى) مېنىڭ

8. ئانام ۋە ئاتامنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلسۇن.

9. ئۇلار ئۇ دۇنيادا قايتا تىرىلسۇن. (ئەسلىي تېكىستتە بۇ جاي بوش قالغان)

10. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز: مەڭى ئاچارى، ۋاردۇ ئاچارى... بەگ يېگەن

11. ئاچارى، ئايى نۆكەل سىلىگ، ئايىۋان باتار،

12. يېگەن... بېشى قاتۇن، قۇل يېگەن

13. قۇت يېگەن، پاتار ئانانىت

A ياپراق ئوڭ يۈزى يۇقىرىقى ئىستون

51. ۋە خاتا بولۇپ قالغان جايلىرى بولسا، نومچى ئۇستازلار

52. ئوقۇغاندا سەۋەنلىكنى كەچۈرۈۋېتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

«ئارانېمى جاتاكا» ھىكايىسىگە مۇناسىۋەتلىك تام رەسىملىرى كۇچا ۋە بايدىكى مىڭ ئۆي تام رەسىملىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ.

## «ئالتۇن يارۇق»

«ئالتۇن يارۇق » ناملىق بۇ يادىكارلىق ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئالتۇن ئۆڭلۈگ يارۇق يالتىرىغلىغ قوپدا كۆتىرىلمىش نوم ئىلىگى ئاتلىق نوم بېتىگ» (ئالتۇندەك نۇرلۇق يالتىراپ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاھى ئاتلىق نوم كىتابى) نىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى بولۇپ، مەزكۇر ئەسەرنى سانسكرىتچە «savarnaprabha sottama—sutra» نىڭ خەنزۇچە 5 خىل تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ ئاخىرقى ھېسابلانغان «金光明最胜王经» دىن قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان بەشبالىقلىق سىڭقۇ سەلى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

ھازىرغىچە «ئالتۇن يارۇق» نىڭ بىرقانچە خىل كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى تېپىلدى. بۇنىڭ بىرىنچىسى بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئا. لىكوك باشچىلىقىدىكى گېرمانىيە تۇرپان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپاندىكى قەدىمكى ئىزلارنى تەكشۈرۈش جەريانىدا بۇنىڭ بىر قىسىم ۋاراقلىرىنى تېپىۋېلىپ گېرمانىيىگە ئېلىپ كەتكەن. بۇ پىراگمېنتلار ھازىر بېرلىن ئېتنوگرافىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

ئىككىنچىسى سانكىت پېتىربورگ نۇسخىسى: 1910 ـ يىلى 5 ـ ئايدا روسسىيىلىك ئى. مالوۋ گەنسۇنىڭ جيۇچۈەندىكى ۋېنشيۇگو دېگەن جايدىن «ئالتۇن يارۇق» نىڭ قول يازما نۇسخىسىنى تاپقان. دۇنخۇاڭ شەھىرىدە بىلگە تالۇي شابى، زاتىنا ۋاچىرا شابى، چاخشاپات ماڭگال تويىن قاتارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن مىلادىيە 1687 ـ يىلى كۆچۈرۈلگەن بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان بۇ نۇسخا 398 بەت بولۇپ، ھازىر ئۇ سانكىت پېتىربورگدىكى رۇسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

ئۈچىنچىسى ستوكھولم نۇسخىسى: بۇنى شۋېتسىيىلىك ئارخېئولوگ ف. بېرگمان 1927 — 1935 ـ يىللىرى ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە قاتناشقان مەزگىلدە گەنسۇدىكى ۋېنشۇگو دېگەن جايدىن «ئالتۇن يارۇق» نىڭ يۇقىرىقى نۇسخىسىنىڭ كەمتۈك ئىككى ۋارىقىنى تاپقان بولۇپ، ھازىر ئۇ ستوكھولم شەھىرىدىكى ئېتنوگرافىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

تۆتىنچى نۇسخا تۇرپاندا ساقلىنىۋاتقان پىراگمېنتى: 1980 ـ يىلى تۇرپان بېزەكلىك مىڭ ئۆيدىن «ئالتۇن يارۇق» نىڭ بىر ۋاراقلىق پارچىسى تېپىلغان بولۇپ، بۇ پىراگمېنت ھازىر تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

«ئالتۇن يارۇق» نىڭ يۇقىرىقى نۇسخىلىرى ئىچىدە مالوۋ 1910 ـ يىلى جيۇچۈەندىن تېپىۋالغان نۇسخىسى ئەڭ مۇكەممەل ۋە

تولۇق دېگۈدەك ساقلانغان. ئۇنىڭ قەغىزىنىڭ ھەجمى 60.5×23 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇنى بېلگە تالوي شابى، زاتنا ۋاجرا شابى، چاخساپات مانگال، ئىستاۋرى تويىن، سۇۋاسدى تويىن قاتارلىقلار چىڭ سۇلالىسى كاڭشى خانىنىڭ 26 ـ يىلى (مىلادىيە 1687 ـ يىلى) دۇنخۇاڭدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدا كۆچۈرگەن. بۇ نۇسخىنى 1913 — 1917 ـ يىللىرى ۋ. رادلوۋ بىلەن ئې. مالوۋلار قەدىمكى ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپىدە تىزدۇرۇپ نەشر قىلدۇرغان ئىكەن. بۇ يادىكارلىقتا ئاساسەن بۇددا دىنىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسلىرى، دىنىي ئەقىدىلىرى ۋە دىنىي غايىلىرى بۇنىڭغا ئائىت ھېكايە، رىۋايەتلەر ئىنتايىن باي تىل ۋە گۈزەل بەدىئىي تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. بۇددا دىنىنىڭ بۇ دۇنيادا ئىنسانلار رىيازەت چېكىپ، باشقىلارغا ئۆزىنى بېغىشلاپ، ئۆز جېنىدىن كېچىپ جانلىقلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا نىرۋاناغا يېتىپ كەلگۈسى مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ دېگەن بۇددىزم غايىسى ئالغا سۈرۈلگەن. گېرمانىيىلىك كىلاۋسېن ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، بۇ ئەسەردە مانى دىنى ئەقىدىلىرى كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن، يەنى ئۇنىڭدا مانى دىنىنىڭ «ئىككى يىلتىز، ئۈچ ئۆتكۈ (زامان)» تەلىماتىنى دەۋر قىلغان ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ روھىي باشقا تەنگە يۆتكىلىدۇ ياكى ھەر خىل شەيئىلەرگە ئالمىشىدۇ، دېگەن قاراش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«ئالتۇن يارۇق» نىڭ قاچان تەرجىمە قىلىنغانلىقى ھەققىدە ئىلمىي ساھەدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشى بىردەك ئەمەس. گېرمانىيىلىك ئۇيغۇرشۇناس مۈللېر بۇ ئەسەرنى مىلادىيە 8—9 ـ ئەسىرلەردە ئۇيغۇر تىلغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. گېرمانىيىلىك ئا. ۋون گابائىن خانىم ۋە پېتر تېسىملار بۇ ئەسەرنى 10 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تەرجىمە قىلىنغان دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. فېڭ جىياشېڭ ئەپەندى بۇ ئەسەرنى 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 11 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا تەرجىمە قىلىنغان دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. رۇسىيىلىك رادلوۋ ۋە مالوۋلار ئۇنى 13 ـ ئەسەردە تەرجىمە قىلىنغان دەپ قارايدۇ.

«ئالتۇن يارۇق» نىڭ كۆچۈرۈلۈپ تارقىلىشى ھەققىدە ئەسەر تېكىستىدە مۇنداق ئىككى رىۋايەت بار. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدە مەلۇم جايدىكى بىر چوڭ خاقان ئۆز ئىلىگە كەلگەن بىر قېتىملىق چوڭ بالا ـ قازانى يەڭگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ شەرپىگە بۇ ئەسەرنى كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئارقىلىق چوڭ ساۋابقا ئىگە بولغانمىش، رىۋايەتنىڭ يەنە بىرىدە ئۇيغۇر خاقانلىرىدىن بىرىنىڭ ئامراق خانىشى ئېغىر كېسەلدىن خالاس بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇ خاقان ئادەم تەشكىللەپ بۇ ئەسەرنى كۆچۈرۈپ تارقاتقانمىش. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئەسەرنى كۆچۈرۈپ تارقىتىش بۇددا ئەقىدىسى بويىچە مۇقەددەس ساۋابقا ئېرىشىشنىڭ مۇھىم يولى بولۇپ قالغان، شۇ سەۋەبلىك دۇنخۇاڭدىكى مەلۇم بىر بەگ مىلادىيە 1702 ـ يىلى باشقىلارغا ئىككى كالا، ئون قوي ئىش ھەققى بېرىش بەدىلىگە «ئالتۇن يارۇق» نى كۆچۈرتكۈزگەنلىكى مەلۇم.

«ئالتۇن يارۇق» نىڭ تەرجىمە قىلىنغان دەۋرى مەسىلىسىدە بىز ئۇنىڭ خاتىمىسىدىكى بەزى تەپسىلاتلارغا ئاساسەن بۇ ئەسەرنى 10 ـ ئەسىرنىڭ 2 ـ يېرىمىدا قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يازلىق ئاستانىسى بەشبالىقتا ياشىغان نوم ئۇستازى سىڭقۇ سەلى تەرجىمە قىلغان دەپ قارايمىز. ئەسەرنىڭ تەتقىق قىلىنىشى، 1908 ـ يىلى ف. ك مۈللېر «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر مەجمۇئەسى» ① دە «ئالتۇن يارۇق» نىڭ گېر-

مانىيىدىكى تۇرپان نۇسخىسىغا ئاساسەن،
كىرىش بۆلۇمىدىكى 1—8 - بۆلۇمنى ۋە 16
-، 17 - بۆلۇملىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئېلان
قىلدى. 1913 — 1917 - يىللار ئارىلىقىدا
رادلوۋ بىلەن مالوۋ «ئالتۇن يارۇق» نىڭ
ۋېنشىيۇگو نۇسخىسىنى قەدىمكى ئۇيغۇرچە
مىخ مەتبە ھەرپىدە تىزدۇرۇپ ئېلان قىلدى.
1930 - يىلى ۋىلھېلىم بانگ بىلەن گاباتىن
خانىم 3 - جىلد 5 - بۆلۇمنىڭ بىر قىسمى-
نى ئېلان قىلدى. 1941 - يىلى گاباتىن
خانىم 10 - جىلتىدىكى 26 - بۆلۇمنى ئېلان
قىلدى. 1945 - يىلى تۇركىيىلىك سائادەت
چاغاتاي 1 - جىلتىدىكى 1 - ھېكايە بىلەن
10 - جىلتىدىكى 26 - بۆلۇمنى ئېلان قىل-
دى. 1951 - يىلى مالوۋ 10 - جىلتىدىكى
1 - ھېكايە بىلەن 10 - جىلتىدىكى 26 -
بۆلۇمنى ئېلان قىلدى. 1961 - يىلى، تۇر-
كىيىلىك شىناسى تېكىن 2 - جىلد 3 -
بۆلۇمنى ئېلان قىلدى. 1962 - يىلى، ياپو-
نىيىلىك مورى ماسائو «ئالتۇن يارۇق» توغ-
رىلىق ماقالە ئېلان قىلدى. 1966 - يىلى
سىناسى تېكىن «ئالتۇن يارۇق» نىڭ ئاخى-
رىدىكى «بۇيان ئەۋرىمەك» قىسمىنى ئېلان
قىلدى. 1971 - يىلى شىناسى تېكىن 5 -
جىلد 9 -، 10 - بۆلۇملەرنى تولۇق ئېلان
قىلدى. 1976 - يىلى پېتر تېسمى 1 -
جىلد 2 - بۆلۇمىدىكى تەمسىلنى ئېلان قىل-
غان ۋە سىڭقۇ سەلىنىڭ بۇددا نوملىرىنى
تەرجىمە قىلىشتىكى نەتىجىلىرىنى تونۇش-
تۇرغان. 1977 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە
پېتىر تېسمى «ئالتۇن يارۇق» نىڭ گېرمانى-
يىدە ساقلىنىۋاتقان تۇرپان نۇسخىسىنىڭ
كىرىش بۆلۇمىدىكى جاڭ جۇداۋ ھېكايىسىنى
ئېلان قىلدى. 1978 - يىلى گېڭ شىمىن
«كىتابلارغا باھا» (خەنزۇچە) ژۇرنالىنىڭ
ئىككىنچى سانىدا، «قەدىمكى ئۇيغۇر مىللى-
تىدىن چىققان خەنزۇچە تەرجىمەشۇناس
سىڭقۇ سەلى» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىل-
دى. 1979 - يىلى د. مائۇئى بىلەن رۆھبۆ-
رىن بىرىنچى جىلتىدىكى «سەككىز ئۇلۇغ
ئورۇنلار داقى چايتىلارنىڭ ئۆگدۈسى» نى
ئېلان قىلدى. 1978 - يىلى گېڭ شىمىن
10 - جىلتىدىكى 26 - بۆلۇمنى ئېلان قىل-
دى (مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئاز
سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتې-
تى «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ھۆججەتلەردىن
ئوقۇشلۇق» شاپىگىراف نۇسخىسى، بېي-
جىڭ). 1980 - يىلى گېڭ شىمىن 9 -
جىلتىدىكى 25 - بۆلۇمنى ئېلان قىلدى
(مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى، شاپى-
گىراف نۇسخىسى، بېيجىڭ). 1980 -
يىلى ئىسراپىل يۈسۈپ، ئابدۇقەيۇم خوجا
10 - جىلتىدىكى 26 - بۆلۇمىنى ئېلان
قىلدى («بۇلاق» 1980 - يىلى 2 -
سان). 1982 - يىلى كوگى كۇدارا بىلەن
كىلائۇس رۆبھۆرىن ستوكھولمدا ساقلىنى-
ۋاتقان ئىككى ۋاراقنى ئېلان قىلدى. 1984
- يىلى دىلدار مەمتىمىن، قاھار باراتلار ئۇ-
نىڭ پارچىسى — جاڭ جۇداۋ ھېكايىسىنى
ئېلان قىلدى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر
تەتقىقاتى» 1984 - يىللىق 2 - سان).
1986 - يىلى گېڭ شىمىن 6 - جىلد 12
- بۆلۇمنى ئېلان قىلدى («مەركىزىي مىل-
لەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» تىل
ئەدەبىياتقا ئائىت كۆپەيتمە سان No3، بېي-
جىڭ). 1987 - يىلى لى جېڭۋيى كىرىش
بۆلۇمىدىن پارچە ئېلان قىلدى («قەشقەر
پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»
2 - سان). 1988 - يىلى جاڭ تېشەن 5
- جىلد 7 - بۆلۇمنى ئېلان قىلدى («قەش-
قەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇر-
نىلى» 2 - سان). 1990 - يىلى جاڭ
تېشەن 4 - جىلد 6 - بۆلۇم ۋە 5 - جىلد
8 - بۆلۇمنى ئېلان قىلدى («قەشقەر پېدا-
گوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1 -
سان ۋە «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي

ژۇرنىلى» 2 ـ سان) . 1990 ـ يىلى ئىب-
راھىم مۇتىئى «خەنزۇ خەلقى بىلەن ئۇيغۇر
خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىي مۇناسىۋەتكە
زور تۆھپە قوشقان مەشھۇر تەرجىمان سىڭقۇ
سەلى» («ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالى-
لىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 ـ يى-
لى، 312 ـ 342 ـ بەتلەر) دېگەن ماقالىنى
ئېلان قىلدى. 1991 ـ يىلى تۈركىيىلىك
مۇھەممەد ئۆلمەز 3 ـ جىلد 5 ـ بۆلۈمىنى
ئېلان قىلدى. 1994 ـ يىلى جەۋال كايا
تۈركىيىدە كىرىش سۆز بىلەن «ئالتۇن يا-
رۇق» نىڭ تېكىستىنى، ئىندېكسىنى ئېلان
قىلدى. 1995 ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر
ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى تۇرسۇن
ئايۇپ بىلەن مەترەھىم سايىت مالوۋنىڭ
«مىڭ مەتبە نۇسخا» غا ئاساسەن، «ئالتۇن
يارۇق» نى ئۇيغۇرچە نەشرگە تەييارلاپ
نەشرگە تاپشۇرغان ئىدى. ئەپسۇسكى،
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سان-
لىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانى-
سىنىڭ پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن بۇ زور ھە-
جىملىك كىتاب (خەت سانى 1 مىليوندىن
ئاشىدۇ) مەبلەغ قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن
بىر مەزگىل تۇرۇپ قالغان. 1995 ـ يىلى
جو بېيچۈەن 7 ـ جىلد 13 ـ بۆلۈمنى ئېلان
قىلدى («تۈركى تىللار ۋە مەدەنىيىتى تەتقى-
قاتى»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى
نەشرىياتى 25 ـ 46 ـ بەتلىرى) . 1999
ـ يىلى ئەركىن ئاۋقال ئۇنىڭ 10 ـ جىلد
30 ـ بۆلۈمىنى ئېلان قىلدى («گېڭ شى-
مىن ئەپەندىنىڭ 70 ياشقا كىرگەنلىك خاتى-
رىسىگە بېغىشلانغان ئىلمىي ماقالىلەر توپلى-
مى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 17 ـ 34 ـ
بەتلىرى) . ئىسراپىل يۈسۈپ ۋە ئابلىم قې-
يۇملار ئەسەرنىڭ 8 ـ جىلد 15 ـ 16 ـ
بۆلۈملىرىنى «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى»
ژۇرنىلىدا (2001 ـ يىللىق 1 ـ 2 ـ سان-
لىرى) ئېلان قىلدى. بۇ ئەسەرنى تۇرسۇن
ئايۇپ، مەترەھىم سايىت قاتارلىقلار ئەسلىي
تېكىستىنى ترانسكرىپسىيىسى تەرجىمىسى
ۋە سۆزلۈك ـ ئىزاھاتلىرى بىلەن ئىشلەپ
2001 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تە-
رىپىدىن نەشر قىلدۇرغان.

«خۇئاستۇ ئانفىت»

«خۇئاستۇ ئانفىت» نىڭ مەنىسى (يو-
شۇرۇن تىلەك) بولۇپ، ئۇ مانى دىنى ئەقى-
دىلىرى مەزمۇن قىلىنغان ئۇيغۇر تىلىدىكى
ئەدەبىي يادىكارلىقتۇر. بۇ تەرجىمە ئەسەرنى
بۇتۇرمىش تارقان دېگەن كىشى تەرجىمە قىل-
غان. (بەزىلەر كۆچۈرۈپ يازغان دەپ قاراي-
دۇ). بۇ يادىكارلىقنىڭ ئۇيغۇرچە ئۈچ خىل
نۇسخىسى بار. بۇلار بېرلىن، لوندون ۋە
لېنىنگراد مۇزېيىدا ساقلانماقتا. بۇلار ساق-
لانغان جاينىڭ نامى بىلەن بېرلىن نۇسخى-
سى، لوندون نۇسخىسى، لېنىنگراد نۇس-
خىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مانى دۇئانامىسى بول-
غان «خۇئاستۇ ئانفىت» نىڭ بېرلىن نۇس-
خىسىنى ئا. گرۈنۋېدېل (A. Grunweddel)
1907 ـ يىلى تۇرپاندىن تاپقان. بۇ نۇسخىدا
118 قۇر خەت بار بولۇپ، ئۇ قەدىمكى ئۇي-
غۇر تىلى مانى يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن. لون-
دون نۇسخىسى (بۇ نۇسخا بۈيۈك برىتانىيە
مۇزېيىدا 178 ـ 8212 لىق نومۇردا ساقلى-
نىۋاتىدۇ.

ئا. ستەيىن (A. stein) 1907 ـ يىلى
دۇنخۇاڭدىن تېپىپ ئېلىپ كەتكەن. بۇ نۇس-
خا 338 قۇر بولۇپ، تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر-
چە ئەمما مانى يېزىقى بىلەن يېزىلغان. لې-
نىنگراد نۇسخىسى رۇسسىيىلىك ئا. دىئانوف
1908 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15. ـ كۈنى
تۇرپان ئاستانە رايونىدىن تاپقان. بۇ نۇسخىدا
160 قۇر خەت بار بولۇپ، ئۇ قەدىمكى ئۇي-
غۇر تىلى يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن بۇ نۇسخىنى
1909 ـ يىلى رۇسچە ئېلان قىلدۇرغان. بۇ
يادىكارلىقنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلى-
نىپ كەلگىنى لوندون بۈيۈك برىتانىيە مۇ-

زىيىدا (or8212—118) لىق نومۇردىكى قەـ
دىمكى تۈرك يېزىقىدىكى نۇسخىسى بولۇپ،
كىچىك كەسلەملىك قەغەزگە كۆچۈرۈپ يې ـ
زىلغان. بۇ نۇسخىسى دۇنخۇاڭدىن تېپىلـ
غان. ئۇنىڭ باش ـ ئاخىرى مۇكەممەل ئە ـ
مەس. ئەسەرنىڭ ئومۇمىي تېكىستى 338
قۇر، 16 ئابزاس بولۇپ، ھەربىر ئابزاسنىڭ
ئاخىرى «ئىلاھىم ھەممىمىز گۇناھتىن قۇ ـ
تۇلۇشنى تىلەيمىز، گۇناھلىرىمىزنى مەغپى ـ
رەت قىلغايسىز» دېگەن جۈملە بىلەن تاماـ
مىلىنىدۇ.

«خۇائاستۇ ئانفىت» گەرچە مەزمۇن
جەھەتتىن مانى دىنىنىڭ تۆۋە ـ دۇئانامىسى
بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتە
كۈچلۈك شېئىرىي تۈسكە ئىگە. شۇڭا بۇ
ئەسەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي بىلەن دىنىي
ئېتىقادى زىچ گىرەلەشكەن ھالدا بارلىققا
كەلگەن داستان دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدا
ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئەينى زاماندىكى مانى دى ـ
نى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنىڭ
يورۇقلۇق ئادالەت غايىلىرىنى تەرغىپ قى ـ
لىش خاھىشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قاڭقىلار
( 高车 ) دەپ ئاتالغان زامانلاردا جۇرجان
(رورەن) ئاقسۆڭەكلەرنىڭ زۇلۇمىغا قارشى
قەھرىمانى بەگقۇلى رەھبەرلىكىدە ئېلىپ
بارغان جەڭلىرىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى ئوبـ
رازلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ يادىكارلىقنىڭ يەنە
باشقا ئىككى خىل نۇسخىسى شىنجاڭدىن تې ـ
پىلغان. بۇنىڭ بىرسى بېرلىن نۇسخىسى
بولۇپ، ئۇ مانى يېزىقىدا يېزىلغان. بۇ نۇس ـ
خىسىنى 1907 ـ يىلى گېرمانىيە ئارخېئو ـ
لوگىيە ئەترىتى تۇرپاندىن قولغا چۈشۈر ـ
گەن. يەنە بىرى لېنىنگراد نۇسخىسى بو ـ
لۇپ، ئۇ ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان. بۇ چار ـ
رۇسىيىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى
دىيانوف تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلۈپ ئەينى
ۋاقىتتا پېتربۇرگقا كەلتۈرۈلگەن. يۇقىرى ـ
قىلارنىڭ ئىچىدە لوندۇن نۇسخىسى ھەممە ـ
دىن تولۇق. بېرلىن نۇسخىسى ئەڭ كەم ـ
تۈك. بىراق بۇ نۇسخىدا ئەسەرنىڭ باش
قىسمى ساقلانغان. لېنىنگراد نۇسخىسىدا ئە ـ
سەرنىڭ ئاخىرقى قىسمى ساقلىنىپ قالغان.
بۇ ئەسەر ھەققىدە رۇسىيىلىك ۋ. رادلوۋ
تۇنجى بولۇپ 1909 ـ يىلى تەتقىقات ئېلىپ
بېرىپ ئۇنىڭ رۇسچە تەرجىمىسىنى ئېلان
قىلغان. 1910 ـ 1911 ـ يىللىرى گېرماند ـ
يىلىك لېكوك ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئۇ ـ
نىڭ بېرلىن نۇسخىسى ۋە لوندۇن نۇسخىسىـ
نى ئېلان قىلغان. 1923 ـ يىلى گېرماند ـ
يىلىك ۋىلىيام بانگ قاتارلىقلار ئەسەرنىڭ
گېرمانچە نۇسخىسىنى ئېلان قىلغان. سابىق
سوۋېت ئالىمى مالوۋ بۇ ۋەسىقىنى تەتقىق
قىلىپ ئۇنىڭ يېزىققا ئېلىنغان دەۋرىنى مى ـ
لادىيە 5 ـ ئەسىرگە تەۋە دەپ قارىغان.
(ئى. مالوۋ «قەدىمكى تۈركچە يادىكارلىقلار»
رۇسچە 108 ـ بەت) سابىق سوۋېت ئىتتى ـ
پاقىنىڭ ئايال تۈركولوگى لى. دې ـ
مىترېۋا (L. dmitrewa) 1963 ـ يىلى بۇ
ئەسەرنى ئۈچ خىل نۇسخا بويىچە ئەستايىدىل
سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ ئۇنىڭ تەكشۈ ـ
رۈپ تۈزىتىلگەن رۇسچە تەرجىمىسىنى ئېلان
قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ 1965 ـ يىلى «تۈركـ
لوگىيە تەتقىقاتى ژۇرنىلى» دا ئېلان قىلغان
ماقالىسىدا بۇ ئەسەرنىڭ يېزىققا ئېلىنغان
دەۋرىنى 6 ـ 7 ـ ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ
دەپ قارىغان. مەملىكىتىمىزدە ئۇيغۇر تەتقى ـ
قاتچىلىرىدىن پەرھات جىلان بۇ ئەسەر ھەق ـ
قىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ماقالىسىنى
«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى
ژۇرنىلى» نىڭ 1994 ـ يىللىق 1 ـ
سانىدا ئېلان قىلغان.

**«سادابرا رودىتا ۋە دارمۇد گاتا ھېكايىسى»**

بۇ يازما يادىكارلىق قەدىمكى ئۇيغۇر يې ـ
زىقىدىكى شېئىرىي ئەسەر بولۇپ، ھازىر پا ـ
رىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا P • 4521 لىق

نومۇر ئاستىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئەسەر 30 ۋاراق (60 بەت) ھەجىمدىكى كىتابچە شەكىللىك قولىيازما. قاتتىق قەغەزدە مۇقاۋىلانغان. قەغەزنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى 25 × 18 سانتىمېتىر بولۇپ ھەربىر بېتىگە 15 تىن 19 قۇرغىچە بەت يېزىلغان بەزىلىرىگە خەنزۇچە خەت قىستۇرۇلغان. مۇقاۋا ۋە تېكىست ئاخىرىسىغا بۇت سۈرەتلىك تامغا بېسىلغان. بۇنىڭ كۆچۈرۈپ يېزىلغان ۋاقتى، ئورنى، تەرجىمە قىلغۇچىسى ۋە كۆچۈرگۈچىسى ئېنىق ئەمەس. بۇ باش قاپىيىلىك تۆت مىسرالىق شېئىر شەكلىدە يېزىلغان ئەسەرنى تەتقىق قىلغۇچىلار ئۇنىڭ تېكىستى ۋە خەت شەكلىگە ئاساسەن يۈەن دەۋرىگە ئائىت ئەدەبىي ئەسەر دەپ قاراشماقتا. بۇ يادىكارلىقنىڭ ئالدىنقى قىسمىنى تۈركىيىلىك سىناسى تېكىن 1980 - يىلى نەشر قىلغان «يۈەن دەۋرى ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرى» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ئەسلىي تېكىستىنىڭ سۈرىتى ۋە ئۇنىڭ تەرجىمىسىنى ئۆز تەتقىقاتى بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلغان.

---

چۈشەنچىلەر:

① ئارنېمى — كۆسەن تىلىدىكى سۆز بولۇپ ئادەم ئىسمىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ئادەتتە ئارنېمى قاغان دەپمۇ ئاتالغان.

② رېن ئەن شاۋفۇ «ئارانېمى جاتاكا» قولىيازمىسىنىڭ دەۋرى ۋە قىممىتى» ناملىق ماقالە «شاجۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەسىقىلىرى» گەنسۇ مەدەنىيەت نەشرىياتى 1995 - يىلى خەنزۇچە نەشرى 195 - بەت.

③ پارامىت سانسكرىتچە سۆز. «ئالتە پارامىت» — ئالتە خىل پەرز ياكى قىلىشقا تېگىشلىك ئىش دېگەن مەنىدە

ئىزاھلار:

① «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 504 - بەت.

② تارىختا «قايدۇ ۋەقەسى» دەپ ئاتالغان بۇ پاجىئەلىك ۋەقە 1275 - يىلى ئەتراپىدا يۈز بەرگەن. مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن چاغاتاي ئەۋلادلىرى بىلەن قۇبلەيخان ۋەكىللىكىدىكى يۈەن سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا بىرقانچە يىلغا سوزۇلغان تەڭرىتاغنىڭ شىمالىنى تالىشىش كۆرىشى بولغان. ئۇرۇش جەريانىدا قوچو رايونى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان.

③ گېڭ شىمىن: «شىنجاڭ تىل - يېزىق تارىخىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلار» مىللەتلەر نەشرىياتى، 2001 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 400 - بەت.

④ ۋاڭ زوڭۋېي: «قوچو ئىدىقۇت جەمەتىنىڭ يوڭچاڭغا كۆچۈشىنىڭ باش - ئاخىرى» ناملىق ماقالە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1989 - يىللىق 2 - سان (خەنزۇچە)

⑤ گېڭ شىمىن «شىنجاڭ تىل - يېزىق تارىخىغا دائىر ماقالىلەر» مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 400 - بەتكە قاراڭ.

(ئاپتورلار: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتوتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ لېكتورى؛
ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ ئالىي مۇھەررىرى)

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىمىت قېيۇم

# تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بالا بېقىۋېلىشقا ئائىت ئۈچ پارچە ھۆججەت توغرىسىدا

يۇنۇسجان ئېلى

تارىخىي ماتېرىيالشۇناسلىق جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تۇرپاندىن تېپىلغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر، تۇرپانشۇناسلىقنى مۇھىم ئاساسلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، بۇ ۋەسىقىلەر ئەينى دەۋردىكى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىنىڭ جانلىق تەسۋىرىدۇر. ئۇلاردىن بىز تۇرپان ئويمانلىقىنى بۆشۈك ماكان قىلغان ئاھالىلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆرۈش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق قاراشلىرى بىلەن ئېسىل كىشىلىك تۇرمۇش قاراشلىرىنى تېخىمۇ روشەن ھېس قىلالايمىز. بولۇپمۇ بۇ ۋەسىقىلەر قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆز قوللىرى بىلەن تامامەن رازىلىق بېرىشىپ يېزىشقان توختام ھۆججەتلىرى بولغاچقا، تەتقىقات جەھەتتە بىرىنچى قول پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولغاندىن تاشقىرى، ئۆز دەۋرىنىڭ پۈتۈكچىلىك سەنئىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرى بىلەن بولغان ئېلىم - بېرىم مۇناسىۋەتلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. تۇرپاندىن تېپىلغان بالا بېقىۋېلىشقا ئائىت ئۈچ پارچە ھۆججەتمۇ دەل مۇشۇ خىلدىكى ھۆججەتلەر جۈملىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئىپادە قىلغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرىمۇ بىرقەدەر ئۆزگىچە.

ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بالا بېقىۋېلىشقا ئائىت ئۈچ پارچە ھۆججەت توغرىسىدا ئەڭ دەسلەپ رۇس ئالىمى رادلوۋ تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ بۇ ھۆججەتلەرنىڭ ئىچىدىكى 82 - نومۇرلۇق ھۆججەت توغرىسىدىكى تەتقىقاتى 1928 - يىلى لېنىنگرادتا نەشر قىلدۇرۇلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى» ناملىق ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەنىدى. رادلوۋدىن كېيىن 1952 - يىلى ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى مالوۋ ھۆججەتلەرنىڭ ئالدىنقى 80 - ۋە 81 - نومۇرلۇق ئىككى پارچىسىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى بىلەن يەشمىسىنى ئېلان قىلغانىدى. 1972 - يىلى ياپونىيە ئالىمى يامادا نوبوئومۇ بۇ ھۆججەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، رادلوۋ تەتقىق قىلغان 82 - نومۇرلۇق ھۆججەت توغرىسىدا قايتا تەتقىقات ئېلىپ بارغانىدى. 1993 - يىلىغا كەلگەندە، ياپونىيىنىڭ ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتى بۇ ھۆججەتلەرنى «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر توپلىمى» نامىدىكى ئۈچ توملۇق ئەسەرگە كىرگۈزۈپ ئېلان قىلىپ، قوشۇمچە يامادا نوبوئو ئەپەندىنىڭ ئايرىم سۆزلەرگە بەرگەن چۈشەندۈرۈشىنى تولۇقلىما قىلدى. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ترانسكرىپسىيىسى ۋە يەشمىسىنى ئىشلەش ئاساس قىلىنغاچقا، كونكرېت تەتقىقات قىسمىتى ئوتتۇرىغا قويۇلمىغانىدى. ئارىدىن بىر قانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئېلىمىزدىمۇ بۇ ئۈچ پارچە ھۆججەتنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدىكى ترانسكرىپسىيىسى ۋە يەشمىلىرىنىڭ تەرجىمىلىرى ئىشلىنىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقە-

لەر»، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەر توغرىسىدا تەتقىقات» ۋە «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەر توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق ئۈچ پارچە ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەندى. ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، بۇ ئۈچ پارچە ئەسەرنىڭ كېيىنكى ئىككى پارچىسىدا 80 ـ ۋە 81 ـ نومۇرلۇق ئىككىلا ھۆججەت كىرگۈزۈلۈپ، ھۆججەت نامى «ئىنىسىنى باشقىلارغا گۆرۈگە قويۇش» ھەمدە «ئوغلىنى باشقىلارغا سېتىش» دەپ تىلغا ئېلىنغانىدى. دېمەك، بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، ئۇنىڭ خېلى كەڭ ساھەلىرىگىچە چېتىشلىق بولۇپ، خۇسۇسەن ھۆججەتلەردە ئەكس ئەتكەن مەدەنىيەت ھادىسىلىرى توغرىسىدا توختىتىلىپ ئۆتۈشمۇ ئىنتايىن زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

## 1. ھۆججەتتە ئەكس ئەتكەن بېقىۋېلىش ئۇقۇمى

بېقىۋېلىش ئۇقۇمى بىر قەدەر بالدۇر، يەنى ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدىلا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇرۇق ـ تۇغقاندارچىلىق تۈزۈمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغقاندارچىلىق ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان جەمئىيەت ھادىسىسى بولسىمۇ، ئىككى ئاساسىي مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: «بىرىنچىدىن، ئۇ ھەممە ئادەم ئىگە بولىدىغان ئاساسىي تۇغقان بولۇپ، بۇ خىل تۇغقان يەككە شەخس بىلەن باشقا بىر قىسىم ئادەملەرنى باغلاپ تۇرىدۇ … ئىككىنچىدىن، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بىر ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئالدىن بەلگىلىيەلەيدۇ»①. بۇ خىل مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بېقىۋېلىش ئۇقۇمى تۇغقاندارچىلىق تۈزۈمىنىڭ قېلىپلىشىشىغا ئەگىشىپ، مۇكەممەللىشىپ بارغان بولۇپ، جەمئىيەت تەرىپىدىن پەيدىنپەي ئېتىراپ قىلىنغانىدى. بولۇپمۇ سىنىپىي جەمئىيەت دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇ قانۇنىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئېتىراپ قىلىنىپ، بىر تۈرلۈك قانۇنىي تۈزۈمگە ئايلانغانىدى. شۇ سەۋەبلىك بېقىۋېلىش ھەرقانداق بىر تەبىئىي ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۆزىنىڭ پەرزەنتى قاتارىدا بېقىۋالىدىغان ۋە بېقىۋالغۇچى بىلەن بېقىۋېلىنغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن قانۇنىي تۈزۈم شەكلىدىكى ھەق تەلەپ قانۇنىي ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ.

بېقىۋېلىش ھەرىكىتى بىرخىل سالاھىيەت جەھەتتىكى قانۇنىي ھەرىكەت بولغاچقا، ئاتا ـ ئانا ياكى پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىن سىرت، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتنىمۇ بارلىققا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا، بېقىۋېلىش مۇناسىۋىتى پەقەت بىۋاستە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان تەبىئىي ئادەملەرنىلا ئوبيېكت قىلىدۇ. بىۋاستە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولغان تەبىئىي ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بېقىۋېلىشنىڭ بولسا، ئومۇمىي جەھەتتىن بېقىۋېلىش پرىنسىپىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تەرەپلىرى بار. ھالبۇكى، تۇرپاندىن تېپىلغان بالا بېقىۋېلىشقا ئائىت بۇ ئۈچ پارچە ھۆججەتتە ئەكس ئەتكەن مەزمۇنلاردىن قارىغاندا، بۇ خىل ھادىسە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان دېگەن دائىرىدىن ھالقىپ چىقىپ كەتكەنىدى. مەسىلەن، 81 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق كۆرسىتىلگەن:

1. كالا يىلى سەككىزىنچى ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى مەن تىتسۇ ئاكام
2. ئانچۇق بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاكامنىڭ ئوزۇقىنى ياخشىلاش
3. قىيىن بولۇپ قالغاچقا، ئىنىم ئادـ

سۇنى تۇغقىنىمىز

4. تويناق شىلاۋاتىدا، سۇت ھەققى ئۈچۈن يىگىرمە سەر

5. كۆمۈش ئېلىپ ئوغۇللۇققا بەردۇق ...②

يۇقىرىدىكى ئەھۋالدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئەينى مەزگىلدىكى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا كۆرۈلگەن بالا بېقىۋېلىش، نوقۇل قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان ئاھالىلەرنىڭ ئارىسىدا مەلۇم بولۇشتىن تاشقىرى، ئۇرۇق - تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى بولغان ئاھالىلەرنىڭ ئارىسىدىمۇ كۆرۈلگەنىدى. ئىپادە قىلىنغان مەدەنىيەت ھادىسىسىمۇ بىر قەدەر ئۆزگىچە بولۇپ، ئادەتتە ئىنسانىيلىق خۇسۇسىيەت دەپ قارالغان ئەۋلادىنىڭ بولۇش - بولماسلىقىنى مەقسەت قىلىپ ئېلىپ بېرىلغانىدى. يەنى، بۇ ئىلگىرىكى چاغلاردا كۆپ كۆرۈلگەن «بالا ئاسرىۋېلىش» ئۇقۇمى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، كۆپ ھاللاردا ئۆز جەمەتىنىڭ ئىچىدىن بىرەر بالىنى ئاسرىۋېلىپ، ئائىلىسىگە ۋارىسلىق قىلدۇرۇش ياكى ئائىلە چىرىقىنى ئۆچۈرگۈزمەيمىز دەپ قارىشىدەك ھەرىكىتىنى كۆرسىتەتتى. شۇڭا، «بالا ئاسرىۋېلىش» خاس ئوغۇل بالىغىلا قارىتىلغان بولۇپ، يۇقىرىدىكى ھۆججەتتىمۇ بۇ خىل جەريان ناھايىتى ئېنىق گەۋدىلەنگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپ، دەرىجە پەرقى جەھەتتە ئۆز پەرزەنتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىلەن ئوخشاش ئىدى.

تۇرپاندىن تېپىلغان «بالا بېقىۋېلىش»قا ئائىت ئۈچ پارچە ھۆججەتتە ئەكس ئەتكەن يەنە بىر خىل بالا بېقىۋېلىش ئۇقۇمى شۇكى، ئەينى چاغدىكى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا ھازىرقى چاغلاردىكىدەك «بالا تىلىۋېلىش» قائىدىسى مەۋجۇت ئىدى. بۇنى 80 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە دېيىلگەن «ئىت يىلى، ئون بىرىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئالتىنچى كۈنى، مەن قىيىنسۇ تۇتۇڭغا ئىشلىتىشكە تاۋار كېرەك بولۇپ قېلىپ تىتسۇ ئىسىملىك ئوغلۇمنى... چىتسۇغا ئوغۇللۇققا بەردىم»③ دېگەن سۆزلەردىن ناھايىتى ئېنىق ھېس قىلىش بىلەن بىرگە، بۇ خىلدىكى بېقىۋېلىشنىڭ بىر خىل مۇھتاجلىق ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىنى چۈشۈنۈۋالغىلى بولىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇنىڭدا ئىپادە قىلىنىغىنى قانداقتۇ بالىنى ياكى ئىنىسىنى گۆرۈگە قويۇش ئۇقۇمى بولماستىن، «بالا تىلىۋېلىش»نىڭ بىر خىل شەكلى ئىدى. ئەكس ئېتىلگەن مەدەنىيەت ھادىسىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بېقىۋالغۇچى تامامەن بىر خىل ئالاھىدە بېقىۋېلىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەنىدى. يەنە بېقىۋېلىنغۇچى بىلەن ئۇنى بېقىۋالغۇچى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ قانۇنىي شەكىل ئارقىلىق قوغدىلىدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنىدى. دېمەك، يۇقىرىقى بىر قاتار جەريانلار ئارقىلىق بىز قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا قانۇنىي ۋاستىلەر ئارقىلىق بەلگىلىك دەرىجىدە قوغدىلىدىغان بېقىۋېلىش تۈزۈمىنىڭ ساقلانغانلىقىنى بىلىۋېلىش بىلەن بىرگە، ئادەتتىكى ئاھالىلەرنىڭ بۇ بەلگىلىمىلەرگە ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنىڭ قوغدىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. مىسال ئۈچۈن بۇ ئۈچ پارچە ھۆججەتتە ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان «ئوغۇللۇققا بەردىم» ۋە 82 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە دېيىلگەن «ئۆمىدسىز، ئەۋلادسىز (بولۇپ) قالىدۇ دەپ، بۇ ئىككى ئوغلۇمدىن تۇرمىش ئىسىملىك ئوغلۇمنى... ئەل قائىدىسى بويىچە ئوغۇللۇققا بەردىم» دېگەن سۆزلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئەينى چاغدىكى بېقىۋېلىش

ئۇقۇمىنىڭ ھەرگىزمۇ ئادەتتىكىدەك شەكىلۋازلىق خاراكتېرگە ئىگە بولماستىن، ئۇنىڭ ئەكسىچە قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىنىڭ باشقىچە تەسۋىرى ئىكەنلىكىنى، يەنە ئۇنىڭ بەلگىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ماددىي تۇرمۇش ئاساسىغا ماسلاشتۇرۇلغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ. ئەمەلىي ئەھۋالمۇ شۇنداقراق بولۇپ، 981 - يىلى قوچو ئۇيغۇرلىرى ئارىسىغا ئەلچىلىككە كەلگەن شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندېنىڭ ئۇلارنىڭ «ئېلىدە مۇھتاج بولغۇچىلار يوق، ئاشلىقى تۈگەپ قالغانلارنى ئومۇم قۇتقۇزىدۇ، ئادەملىرى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ، كۆپىنچىسى يۈز ياشتىن ئۇشۇق ياشايدۇ»④ دېگەن تەسىراتى تامامەن باشقىچە بىر خىل تەرەققىيات مۇھىتىدىكى ئاھالىلەرنىڭ قايناق ھاياتىنىڭ ئىپرازى ئىدى. بۇنداق مول ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئاساسى جەمئىيەتنىڭ ھەرخىل قانۇنىي مىزانلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئادەتتە كىشىلەر ئېيتىپ كېلىۋاتقان ئۆرپ - ئادەت شەكلى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنىدى.

**2. ھۆججەتتە ئىپادە قىلىنغان بېقىۋېلىشنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ۋە تەرتىپى**

بېقىۋېلىشنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ئادەتتە شۇنىڭغا ئالاقىدار كىشىنىڭ بېقىۋېلىش شەرتىگە ماس كەلگەن ياكى كەلمىگەنلىكى بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ بولغان ياكى بولمىغانلىقىغا قارىتا ئېيتىلىدۇ. بۇ ھازىرقى زامان قانۇن ئىلمىدە كۆپ كۆرۈلىدىغان ھەم قاتتىق تەكىتلىنىدىغان بەلگىلىمە بولسىمۇ، ئوتتۇرا قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ چۈشەنچىلىرىدىمۇ ئوخشاشلا بىرقانچە تەرەپتىن بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىلگەنىدى. بۇنىڭدا بېقىۋېلىنغۇچىنىڭ ياش چەكلىمىسى، ئاتا - ئانىسىنىڭ بېقىش قۇربى، ئىككى تەرەپتىكى چوڭلارنىڭ كېلىشىم ياكى توختام ھاسىل قىلغان ياكى قىلمىغانلىق تەرتىپى ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. دەرۋەقە، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن بالا بېقىۋېلىشقا ئائىت ئۈچ پارچە ھۆججىتىدە مەلۇم بولغان ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئەينى مەزگىلدىكى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا كۆرۈلگەن بالا بېقىۋېلىشتا، بېقىۋېلىنغۇچى ئوخشاشلا قۇرامىغا يەتمىگەن بالىلارغا قارىتىلغان. يەنى، ئۈچ پارچە ھۆججەتنىڭ ھەممىسىدىلا بېقىۋېلىنغان بالىنىڭ ياش چەكلىمىسىنى «ئوغۇللۇققا بەردىم» دېگەن سۆز ئارقىلىق ئالاھىدە ئەسكەرتكەن بولۇپ، بىر قاراپلا بۇ سۆزلەردىن بېقىۋېلىنغۇچىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلىكىنى، قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن بولسا قانداق مەجبۇرىيىتىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

بېقىۋېلىنغۇچىنىڭ ئەسلىدىكى ئاتا - ئانىسىنىڭ ھال - ئەھۋالىغا كەلسەك، بۇمۇ ئىنتايىن مۇھىم بىر تەرەپ بولغاچقا، ئۈچ پارچە ھۆججەتنىڭ ئىككىسىدە ئايرىم - ئايرىم ھالدا «مەن قىيىتسۇ تۇتۇڭغا ئىشلەتىشكە تاۋار كېرەك بولۇپ»، «مەن تىتسۇ ئاكام ئانچۇق بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئاكامنىڭ ئۇزۇقىنى ياخشىلاش قىيىن بولۇپ قالغاچقا» دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بېقىۋېلىنغۇچىنىڭ باشقىلارغا بېقىۋېلىنىشقا بېرىلگەنلىكىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى شۇكى، بۇنىڭدا ئائىلە قىيىنچىلىقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. يەنى، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان قىيىتسۇ تۇتۇڭ بىلەن ئانچۇق ئىسىملىك ئىككى ئائىلە باشلىقىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇلارنىڭ بىرىگە ئىشلەتىشكە تاۋار كېرەك بولۇپ قالغان، يەنە بىرسىنىڭ بولسا يېمەك - ئىچمەكى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. بولۇپمۇ بۇنىڭدىكى

قىيىتسۇ تۇتۇقنىڭ هال ـ ئەھۋالى ئانچۇققا قارىغاندا سەل ياخشىراق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىدىكى «تۇتۇق» دېگەن سۆزدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ سۇنغان بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى، پەقەت تاۋارغىلا مۇھتاج بولۇپ قالغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. لېكىن، بۇ ئۈچ پارچە ھۆججەتنىڭ ئىچىدىكى 82 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە بولسا يۇقىرىدىكى ئىككى پارچە ھۆججەتنىڭ دەل ئەكسىچە ئۆز ئوغلىنى ئەل قائىدىسى بويىچە ھېچقانداق ئەۋلادى يوق سۇدباق ئىسىملىك بىرەيلەنگە ئوغۇللۇققا بەرگەنلىكى، ئۆز ئوغلىنىڭ يېڭى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئۆتەيدىغان مەجبۇرىيەتلىرى بايان قىلىنغان. دېمەك، ئەينى ۋاقىتتىكى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا ساقلانغان بالا بېقىۋېلىش ئەھۋالىدا، ئائىلە قىيىنچىلىقى سەۋەبىدىن بالىسىنى باشقىلارغا بېرىۋېتىش ۋە نورمال ئەل قائىدىسى بويىچە بېقىۋېلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇل ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان، بولۇپمۇ كېيىنكىسى ئالدىنقىسىغا قارىغاندا كىشىلەرنىڭ پىسخىكىسىغا بەكرەك ياققاچقا، بالا بېقىۋېلىشنىڭ ئەل قائىدىسى بولۇپ قالغان.

بالا بېقىۋېلىشنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىدىكى مۇھىم بىر شەرت شۇكى، بېقىۋالغۇچىنىڭ پەرزەنتىنىڭ يوقلۇقى بىلەن بېقىش قۇربىنىڭ بار ياكى يوقلۇقى ئىدى. ئالدىنقى شەرتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تۇرپاندىن تېپىلغان ئۈچ پارچە ھۆججەتنىڭ ئالدىنقى ئىككى پارچىسىدا بېقىۋالغۇچىنىڭ پەرزەنتىنىڭ بار ياكى يوقلۇقى تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما كېيىنكىسىدە ناھايىتى ئوچۇق قىلىپ، تۇرمىش ئىسىملىك ئوغۇلنى بېقىۋالغان سۇدباق ئىسىملىك ئادەمنى «ئۈمىدسىز، ئەۋلادسىز (بولۇپ) قالىدۇ» دەپ ئاتىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ئۈچ پارچە ھۆججەتنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەكلا ئۇلارنىڭ بېقىش قۇربىنىڭ بارلىقى «ھۆرمەتكە سازاۋەر»، «بەرگەن ئىشنى يەپ» دېگەن سۆزلەر بىلەن تامامەن ئەسكەرتىپ بېرىلگەن.

تۇرپاندىن تېپىلغان بالا بېقىۋېلىشقا ئائىت ئۈچ پارچە ھۆججەتنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپى ئۇنىڭ بەلگىلىك شەكىلدىكى قانۇنىي تەرتىپكە ئىگە بولغانلىقى بولۇپ، بۇنى بىز بۇ ئۈچ پارچە ھۆججەتتە ئايرىم ـ ئايرىم دېيىلگەن جەريانلاردىن كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن، 80 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقىنى بىلدۈرىدىغان يازما كېلىشىم بىلەن باشقىلارنىڭ گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەن:

10. مەن قىيىتسۇ تۇتۇق (ۋە) مېنىڭ ئىنىم، ئاكام.

11. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم ھوقۇقدار بەگ، ئەمەلدارلارنىڭ كۆچمگە تايىنىپ

12. تىتسۇنى چىقىرىۋالىمىز دېسەك، سۆزلىرىمىز ئاقمىسۇن...

17. گۇۋاھچى كەد بۇرخان. مەن قىيىتسۇ تۇتۇق ئۆز قولۇم بىلەن يازدىم.

18. بۇ تامغا بىز ئىككىيلەننىڭدۇر...

ئۇنىڭدىن باشقا 81 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتمۇ مۇنداق دېيىلگەن:

14. بۇ سۆزدىن تېنىۋالساق، بىر ياستۇقتىن (نوكچىدىن) كۆمۈش جەرىمانە

15. تۆلەيلى، گۇۋاھچى ياسايالاۋاچ، گۇۋاھچى

16. بەگ تۇرمىش. بۇ ھۆججەتنى ياقشىدۇتۇڭ، باي ياغا

17. شىلا تايل ... دۇ شىلارنىڭ ئالدىدا تۈزدۇق⑤.

يەنە 82 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

30. ... گۇۋاھچى

31. س ... تەمۇر، گۇۋاھچى ئارۇغ، بۇ

نىشان

32. تامغا مەن تۇرچىنىگدۇر.

33. مەن ئىش قارا تۇرچى باخشىدىن

34. تەپسىلى سوراپ يازدىم.

تۇرپاندىن تېپىلغان بالا بېقىۋېلىشقا ئائىت ئۈچ پارچە ھۆججەتنىڭ يۇقىرىدىكى مەزمۇنلىرى ئىپادە قىلغان جەريانلار قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا ساقلانغان بالا بېقىۋېلىشنىڭ بەلگىلىك قانۇني شەكىل ئارقىلىق تۇرغۇزۇلىدىغانلىقىنىڭ مۇھىم ئىسپاتى ھېسابلىنىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ ھازىرقى بېقىۋېلىشنىڭ تۇرغۇزۇلۇش تەرتىپى بىلەن روشەن پەرقى بولسىمۇ، قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاۋۋال ئۆزئارا كېلىشىپ، رازىلىق بېرىشىدىغانلىقى، ئاندىن ئىشەنچلىك ئادەملەرگە ئىمزا ۋە تامغا باستۇرۇپ گۇۋاھلىق بەرگۈزىدىغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. بۇ ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك تەرەپ بولۇپ، «گۇۋاھچى»، «تامغا»، «سوراپ يازدىم» دېگەن سۆزلەر ئەينى مەزگىلدىكى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ قانۇني تۈزۈملەرگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى بىلەن ئۇلاردا يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئىمزا ۋە تامغىلىرىنىڭ جامائەت گۇۋاھلىق رولىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بېقىۋالغۇچى بىلەن بېقىۋېلىنغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاللىقاچان ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تۇرغۇزۇلۇپ بولغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئىككى تەرەپنىڭ بەرگەن رازىلىقى ۋە باشقىلارنىڭ گۇۋاھلىق بەرگەن يۇقىرىقىدەك گەپ ـ سۆزلىرى مەڭگۈ ئىسپات بولالىغان، خالاس.

## II. ھۆججەتتە ئەكس ئەتكەن بېقىۋېلىشنىڭ قانۇني كۈچى

بېقىۋېلىشنىڭ قانۇني كۈچى، بېقىۋېلىش مۇناسىۋىتى تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن بارلىققا كېلىدىغان بارلىق ئاقىۋەتلەرنى، يەنى بېقىۋالغۇچى بىلەن بېقىۋېلىنغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مەجبۇرىيەت ۋە بېقىۋالغۇچىنىڭ باشقا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جەريان تۇرپاندىن تېپىلغان بالا بېقىۋېلىشقا ئائىت ئۈچ پارچە ھۆججەتتە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئەينى مەزگىلدىكى قوچو ئۇيغۇرلىرى بالا بېقىۋېلىشتا ئالدى بىلەن بېقىۋېلىنغۇچىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بولغان مەجبۇرىيەت مۇناسىۋەتلىرىنى ھەمدە ئۇنىڭ ئەسلىي ئاتا ـ ئانىسى ۋە باشقا يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى جامائەتچىلىككە ئوچۇق قىلىپ قويۇشنى مۇھىم دەپ بىلگەن. مەسىلەن، 80 ـ نومۇرلۇق ھۆججەتتە مۇنداق كۆرسىتىلگەن:

4. ... بۇ تىنتسۇ ئىسىملىك ئوغۇل ھۆرمەتكە سازاۋەر

5. چىنتسۇغا بار كۈچى بىلەن دۇرۇس، قىزغىنلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ، ھۆرمەتكە سازاۋەر

6. دىن كېيىن (قالغاندا) تۆت يولى ئوچۇق بولۇپ، كۆڭلى خالىغان (يەرگە) بارسۇن. مەن

7. ھۆرمەتكە سازاۋەر چىنتسۇنىڭ ئىنىم، ئاكام، ئوغلۇم، ئۇرۇق

8. تۇغقانلىرىم ئېسىلىۋالمىسۇن، تۇتۇۋالمىسۇن. ئەگەر (ئۇنىڭغا) ئېسىلىۋالماقچى، (ئۇنى) تۇتۇپ قالماقچى

9. بولسا، سۆزلىرى ئۆتمىسۇن. ياساق بويىچە جازاغا تارتىلسۇن.

10. مەن قىيىتسۇ تۇتۇڭ (ۋە) مىنىڭ ئىنىم، ئاكام،

11. ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم ھوقۇقدار، بەگ، ئەمەلدارلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ

12. تىتسۇنى چىقىرىۋالمىز (قايتۇ-

روپ ئەكىلىۋالىمىز) دېسەك، سۆزلىرىمىز ئاقمىسۇن.

بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسلانغاندا، شۇ نەرسە ئايانكى، ئەينى مەزگىلدىكى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا بىرقەدەر جانلىق خاراكتېرلىك بېقىۋېلىش بەلگىلىمىسى بولغان بولۇپ، بېقىۋالغۇچى بىلەن بېقىۋېلىنغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلار تۈزۈلگەن. يەنى، بېقىۋېلىنغان بالىنىڭ يېڭى ئاتا – ئانىسى ئۈچۈن قىزغىنلىق بىلەن خىزمەت قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى شەرت قىلىنىپ، ئۇلاردىن كېيىن قالسا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىش قىلىشقا تامامەن ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن. قارىماققا بۇ بېقىۋېلىنغان بالىنىڭ نىمە مەقسەت بىلەن بېقىۋالغۇچى تەرىپىدىن بالا قىلىنىۋالغانلىقىنى يورۇتۇپ بەرگەن بولسىمۇ، پەرزەنت كۆرۈشنىڭ مەقسىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پۈتۈنلەي ئۆزىنى باقتۇرۇش دەپ چۈشىنىۋالغىلىمۇ بولمايدۇ. بەلكى ئاشۇ بېقىۋالغۇچىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتسىز ئۆتكەن ھاياتىغا تەسەللىي تېپىش بىلەن ئاخىرقى ئۆمرىدىكى بېقىمسىزلىق ۋە زېرىكىشلىك تۇرمۇشىغا يېڭى مەزمۇن قوشۇشنى ئاساس قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بېقىۋېلىنغان بالا يۇقىرىقىدەك بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلغاندىن سىرت، ئۇنىڭ ئەسلىي ئاتا – ئانىسى ۋە يېقىن ئۇرۇق – تۇغقانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئەسكەرتىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھەر قانداق بىرسىنىڭ بۇ خىل مۇناسىۋەتكە دەخلى – تەرۇز قىلمايدىغانلىقى، مۇبادا دەر – تالاش قىلىپ قالسا، گەپ سۆزلىرىنىڭ قۇرۇق سۆز بولۇپ، ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگۈچىلەر قاتارىدا جازاغا تارتىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

بالا بېقىۋالغۇچىنىڭ بېقىۋېلىنغۇچى ئۈچۈن ئۆز ئۈستىگە ئالغان قانۇنىي مەجبۇرىيىتى توغرىسىدا، تۇرپاندىن تېپىلغان ئۈچ پارچە ھۆججەتتە، مۇنداق بىر نۇقتا ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇ بولسىمۇ بېقىۋېلىنغۇچىنىڭ مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى ئېتىراپ قىلىنغان. مىسال ئۈچۈن 81 – ۋە 82 – نومۇرلۇق ھۆججەتلەردە دېيىلگەن «مەن تويناق شىلاۋانتىمۇ (ئانتسونى ئۆز) ئوغلۇم سامبودۇ بىلەن تەڭ ئۈلۈشلۈك (مىراسخور) ئوغۇل قىلىپ ئالدىم ... (ئانتسۇ) مەندىن كېيىن قالسا، كۈلبەمدىكى ئەسكى – تۈسكى نەرسىلىرىمدىن نېمە بولسا، (بارىنى) ئوغلۇم سامبۇدۇ بىلەن تەڭ ئۈلۈشسۇن»، «ھەممە نېسىۋە – ئۈلۈشلىرىنى تەڭ (بۆلۈپ) بېرىمەن» دېگەن سۆز – جۈملىلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، ئەينى مەزگىلدىكى تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئاھالىلەر بالا بېقىۋېلىشتا، بېقىۋېلىنغان بالىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن خالاپ بېقىۋالغان. بۇنىڭدا ھېچقاچان ئەمگەك كۈچىدىن پايدىلىنىشنى كۆزلەپ شۇنداق قىلىنمىغان. ئەكسىچە مىراسقا ۋارىسلىق قىلىشتىن ئىبارەت بىر قەدەر ئەمەلىي مەسىلە ئارقىلىق ئۆزى بىلەن بېقىۋېلىنغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ھەقىقەتەن ئاتا – ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى قانۇنىي شەكىل ئارقىلىق چۈشەندۈرگەن.

يۇقىرىدىكى ئۈچ پارچە ھۆججەتتە ئەكس ئەتكەن بالا بېقىۋېلىشنىڭ قانۇنىي كۈچىنى بىلدۈرىدىغان يەنە بىر مۇھىم تەرەپ، بېقىۋالغۇچىنىڭ بېقىۋېلىنغان بالىنىڭ ئالدىدىكى بۇرچىدۇر. بۇ بۇرچ تۇرپاندىن تېپىلغان ئۈچ پارچە ھۆججەتنىڭ ئىچىدىكى 82 – نومۇرلۇق ھۆججەتتە ناھايىتى ئېنىق يېزىپ بېرىلگەن:

9. مەن سۆدباقمۇ بۇ تۇرمىش ئىسمە-
لىك

10. ئوغۇلنى ئۆزۈمدىن بولغان بالام-
دەك،

11. كۆرۈپ، قىز ئېلىپ بېرىمەن
(ئۆيلەيمەن).

بۇنىڭدىن قىياس قىلىشقا بولىدۇكى،
ئەينى مەزگىلدە تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغان
خەلقلەر بالا بېقىۋېلىشتا بېقىۋېلىنغان بالىنى
بېقىپ قاتارغا قوشۇشتىن تاشقىرى، ئۇنىڭ
ھايات مەنزىلىدىكى باشقا ئىشلىرىغا، بولۇپ-
مۇ قورامىغا يەتكەندىن كېيىنكى ئۆي - ئو-
چاقلىق بولىدىغان ئىشلىرىغىچە كۆڭۈل بۆ-
لىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. بۇ خىل ئەھۋال
يەنە شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، قوچو ئۇي-
غۇرلىرىنىڭ بالا بېقىۋېلىشى ھەقىقەتەن جاد-
لىقلىق خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، مۇتلەق
كۆپ ساندىكى ئاۋام خەلقنىڭ ياساق - تۈزۈم
ۋە ئەخلاق قارىشىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرىلىقى-
نى، ئىلغارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بالا بېقىۋېلىشنىڭ قانۇنىي كۈچىنىڭ
كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر تەرىپى
شۇكى، بەزىدە ئۇنىڭ قانۇنىي كۈچىنىڭ ئە-
مەلدىن قالىدىغانلىقىدۇر. بۇ دېگەنلىك كې-
لىشىم ھاسىل قىلغان ئىككى تەرەپتىن بىر
تەرەپنىڭ ۋاز كېچىشى ياكى بېقىۋېلىنغان
بالىنىڭ قورامىغا يەتكەندىن كېيىن باققان
ئاتا - ئانىسىنى تاشلاپ كېتىشىگە قارىتىل-
غان. ھۆججەتتىمۇ بۇ نۇقتىغا ئەھمىيەت بې-
رىلگەن. مەسىلەن، 82 - نومۇرلۇق ھۆج-
جەتتە باشقا ئىككى پارچە ھۆججەتكە قارىغاندا
بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئالاھىدە چۈشەنچە بې-
رىلگەن:

19. ئەگەر (مەن سۆدباق) بۇ ئوغۇل-
نىڭ كۈچىنى ئىشلىتىپ،

20. بويىغا يەتكەندە ئورنى، قەدرىنى

21. قىلماي، ياخشى (مۇئامىلە) قىل-
ماي، (ئۇنى) پەس، تۆۋەن (تەبىقىدىكى)

22. كىشىدەك (كۆرۈپ) مۇئامىلە
قىلسام، قاياقتا بارغۇسى كەلسە،

23. ئۆز كۆڭۈل خاھىشى بويىچە خا-
لىغان (يەرگە) بارسۇن. (مەن) سۆدباق

24. نىڭ سۆزى ئۆتمىسۇن. (ئەگەر)
سۆدباق (ئۇنى)

25. ئۆزىدىن بولغان ئوغۇللىرىغا
ئوخشاش كۆرۈپ،

26. ئۆيلەپ قويۇپ، ياخشى ئاسراپ،

27. ئوغۇل (قىلىۋېلىش) قائىدىسى
بويىچە مۇئامىلە قىلسىمۇ، (تۇرمىش) قولا-
ق (يوپۇرۇپ)،

29. قانۇنىي ھۆكۈم (چىقىرىش) بەل-
گىلىمىسى بويىچە ئاتىسىدىن

30. يۈز ئۆرىگەنلەرگە (بېرىلىدىغان)
جازا بېرىلسۇن...

82 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە تىلغا ئېلىن-
غان يۇقىرىدىكى ئۇقۇملار بالا بېقىۋېلىشتا
قوشۇمچە قىلىنغان ئالاھىدە بەلگىلىمىلەر
بولۇپ، ئۇلاردىن ئەينى مەزگىلدىكى قوچو
ئۇيغۇرلىرىنىڭ بالا بېقىۋېلىشتا ئەمەل قىلى-
دىغان قائىدە - نىزاملىرىنىڭ مەزمۇنلىرى-
نىڭ كۈندىن - كۈنگە بېيىپ بارغانلىقى
بىلەن ئۇنىڭ بىر قەدەر چوڭقۇر ئاساسقا ئىگە
ئىكەنلىكىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ-
دەك ئۇنىڭدا يەنە قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئارى-
سىدا قانۇن - تۈزۈم ئېڭىغا ئىگە يۇقىرى
ساپالىق ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ بارلىقىمۇ
نامايان قىلىنغان بولۇپ، بۇنداق مەزمۇندى-
كى گەپ - سۆزلەر ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى
كىشىلەرنىڭ بىلىم سەۋىيىسىدىن دېرەك
بەرمەيتتى، بەلكى خېلىلا يۇقىرى سەۋىيىگە
ئىگە جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدە بىر تەرەققىيات
باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلاتتى، يەنى بۇ قوچو

ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش توغرىسىدىكى قىممەت قارىشىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، باشقىچە بىر خىل تارىخىي جەرياننى ئەسلىتىدۇ. بۇ دەل 80 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە كۆرسىتىلگەن «ئوگىداي (خان) ئالىيلىرىغا ئىككى ئاق تۆگە تۇتايلى» دېگەن سۆزلەردە بىر قەدەر نېگىزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ بىزگە بۇ دەۋردە قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر خىل خاتىرجەمسىز تۇرمۇشقا چۈشۈپ قالغانلىقىنى، شۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا ئىلگىرىكى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئوخشىمايدىغان جەرياننىڭ كېلىپ چىققانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. دېمەك، كەڭ خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى موڭغۇل ئىستىبلاسى دەۋرىدىكى داۋالغۇش تۈپەيلىدىن چېكىنىپ كەتكەچكە، بۇ ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشىدىمۇ بەزى ئۆزگىرىشلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان. نەتىجىدە ئەسلىدىكى ئەل قائىدىسى بويىچە بولىدىغان بالا بېقىۋېلىشنىڭ مەزمۇنىغا يۇقىرىدىكى 80 - ۋە 81 - نومۇرلۇق ھۆججەتلەردە كۆرسىتىلگەندەك «مۇھتاجلىق» تۈپەيلىدىن بالىسىنى باشقىلارغا بېقىشقا بېرىدىغان ئەھۋال قوشۇلغان. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسى بەلگىلىك دەرىجىدىكى قانۇن - تۈزۈم شەكلىنى ئالغاچقا، ئەينى مەزگىلدىكى قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇلاردا قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق ۋە نىكاھ قاراشلىرىدىن تارتىپ بالا تەربىيىلەشكىچە بولغان تەجرىبە ساۋاقلىرى نامايان قىلىپ بېرىلگەچكە، بىزنى بۇ ھەقتىكى قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەنمۇ تەمىن ئېتىدۇ.

ئىزاھاتلار:

① تولڭ ئېنجاڭ: «ئىنسانىيەت ۋە مەدەنىيەت»، چوڭچىڭ نەشرىياتى 1998 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 177 - بەت.

② لى جىڭۋېي: قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەر توغرىسىدا تەتقىقات»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1996 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 19 -، 20 - بەتلەر.

③ بالا بېقىۋېلىشقا ئائىت 80 - ۋە 82 - نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ تەرجىمىسى مۇھەممەترەھىم ئەپەندى بىلەن ئىسراپىل ئەپەندى نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 287 -، 292 -، 298 - بەتلىرى.

④ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 - جىلد، قوچو ماددىسى.

⑤ لى جىڭۋېي: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋەسىقىلەر توغرىسىدا تەتقىقات»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1996 - يىل خەنزۇچە نەشرى، 19 -، 20 - بەتلەر.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى تارىخ فاكولتېتىنىڭ دوتسېنتى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# تۇرپاندا ئوبوروت قىلىنغان بىر قىسىم قەدىمكى پۇللار توغرىسىدا دەسلەپكى تەتقىقات

ئەسقەر ئابباس

تۇرپان قەدىمكى يىپەك يولىدا چاقناپ تۇرغان مەرۋايىت. ئۇ، تەڭرىتاغنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان.

تۇرپان ئىچكى قۇرۇقلۇق قۇرغاق چۆل ئىقلىمىغا مەنسۇپ، ھاۋا كېلىماتى قۇرغاق، ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئاز بولغاچقا، مول يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايلىقىنىڭ ساقلىنىشىنى ئەۋزەل تەبىئىي شارائىت بىلەن تەمىنلىگەن. نۆۋەتتە تۇرپان رايونىدا تىپشۇناسلىق ۋە يەر قاتلىمىشۇناسلىق بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك پائالىيەتلەرنىڭ كەسپىلىشىشى ۋە ئەۋج ئېلىشى، بولۇپمۇ ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ تۇرپاننىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئىلىم ساھەسىگە ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى.

تۇرپان قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلىگە جايلاشقان بولۇپ، مەدەنىيەت قوبۇل قىلىشتىكى تېز ماسلىشىشچانلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن شەرق ۋە غەربنىڭ ھەرخىل ئىرق، ئېتىقاد، ئىجتىمائىي فورماتسىيە، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە مەدەنىيەت قىياپىتىگە ئىگە ھۇنلار، ھىندىلار، ساكلار، ئۇيسۇنلار، سوغدىلار، توخارلار، خەنزۇلار، ئىران نەسلىلىك كۆچمەنلەر، رىملىقلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار، تىبەتلەر، جورجانلار، قىتانلار، مۇڭغۇللار قاتارلىق مىللەتلەرنى ئۆزىگە ئەل قىلىپ، قەدىمدىن تارتىپ بۇ زېمىندا ياشاپ كەلگەن قەدىمكى غۇز ـ قوش ① قاتارلىق يەرلىك ئاھالىلەر بىلەن بىرلىكتە، شەرق ۋە غەربنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ ۋە يۇغۇرۇپ، يەرلىك مەدەنىيەت ئاساسىدا رەڭدار، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ قىرلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەتنى ئاپىرىدە قىلغان.

تۆۋەندە تۇرپاندىن بايقالغان پۇللارنى ئاساس قىلغان ھالدا تۇرپان تارىخىدا ئوبوروت قىلىنغان پۇللارنىڭ زەرب قىلىنىش تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، تۇرپاننىڭ ئىقتىساد تارىخى تەرەققىياتىدىكى ئورنى ۋە بۇلارغا ئالاقىدار مەسىلىلەر ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ كەڭ كەسىپداشلارنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنماقچىمەن.

خەنزۇچە سالنامىلەرگە ئاساسلانغاندا، تۇرپان ئويمانلىقىدا مىلادىيىدىن ئىلگىرىلا يەرلىك ھاكىمىيەت بەرپا قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىقتىسادىغا ئالاقىدار يازما ماتېرىياللار نىسبەتەن كەمچىل. بۇ دەۋرلەردە تۇرپاندىمۇ غەربىي يۇرتتىكى باشقا بەگ ـ بالىغلارغا ئوخشاش ئات قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تېرىلىرى، يىپەك ۋە ھەرخىل توقۇلما بۇيۇملار، بۆز (خام)، ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق قىممەت باھالىق مېتاللار قەدىمدىن تارتىپ يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە ئالماشتۇرۇش ۋاسىتىسى قىلىنغانلىقى ئېنىق. مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئېلىپ بېرىلغان سودا پائالىيەتلىرىدە مېتالدىن ياسالغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە قوشنا رايونلاردىكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ پۇللىرى ئوبوروت قىلىنىشقا باشلىغان.

5 ـ ئەسىردە كىيۇ جەمەتى قوچو خانلى-

قى قۇرۇپ، تۇرپان ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق سىياسىي ۋەزىيەت ۋە ئىقتىسادىي شارائىت ھازىرلانغاندىن كېيىن، تۇرپان يىپەك يولى سودا بېكەتتىگە ۋە قىزىق نۇقتىسىغا ئايلاندى. تۇرپان رايونى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يىپەك يولى سودىسىدا ئۆزىنىڭ چىۋەرلىكى ۋە ماھىرلىقى بىلەن داڭ چىقارغان سوغدىلارنى ئۆزىگە ماگنىتتەك جەلپ قىلدى. سوغدى سودىگەرلىرى جۇڭگو بىلەن بولغان يىپەك سودىسىنى مونوپول قىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى دېھقانچىلىق رايونلىرى بىلەن چارۋىچىلىق رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودىنىمۇ چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان. ئۇلار بۇ خىل سودا جەريانىدا ئادەتتە قوچودىن ئۆتەتتى. «سۈينامە. قوچو تەزكىرىسى»، «سۈينامە. فېي جۈنىڭ تەرجىمىھالى»دا غەربىي دېڭىزغا بارىدىغان ئۈچ يول كۆرسىتىلگەن. ئوتتۇرا يول بىلەن ماڭغاندا، قوچودىن چىقىپ كىنگىت، كۇسەن، سۇلى ئارقىلىق پامىردىن ئۆتۈپ، ئاندىن يەنە پەرغانە، سۇتىرشانا، كانگىيە، كېبۇت، كۇشانىيە، بۇخارا، مەرۋى، مائۇرا ئارقىلىق پېرسىيىگە بېرىپ، ئاندىن غەربىي دېڭىزغا يەتكىلى بولاتتى... شۇڭا، قومۇل، قوچو، پىشامشانلار غەربىي يۇرتنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم تۈگۈنى ئىدى. ھەرقايسى خانلىقلار قوچودا ئادەم تۇرغۇزۇپ، باج پونكىتلىرىنى تەسىس قىلغان. «سۈينامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە: «تېلىلار ھەمىشە چوڭ ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ قوچودا تۇرغۇزاتتى. غەربىي رايون سودىگەرلىرى ئۇ يەردىن ئۆتسە، ئۇلاردىن باج ئالاتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن③.

تۇرپاندىن بايقالغان قەدىمكى پۇللارغا دائىر تېپىلمىلار ۋە يازما ۋەسىقىلەرگە ئاساسلانغاندا، قوچو خانلىقى دەۋرىدە سودىدا ئوبوروت قىلىنغان ياكى ئېقىپ كىرگەن پۇللاردىن بىزگە مەلۇم بولغىنى «قوچو (ئىدىقۇت) قۇت» يارمىقى، كۇسەنچە كىچىك يارماق، كۇسەنچە - خەنزۇچە ئىككى تىللىق يارماق، تۈركەش خانلىقىنىڭ يارمىقى، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاكىمىيەتلىرىنىڭ پۇللىرىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، يىپەك يولىدىكى باشقا ئەللەرنىڭ پۇللىرىمۇ بايقالماقتا. بۇلاردىن ساسانىيلار سۇلالىسى ۋە ۋىزانتىيىنىڭ پۇللىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ساسانىيلارنىڭ تەڭگىسى تۇرپاندىن ئەڭ كۆپ بايقالغان. تۇرپاندىن بايقالغان ساسانىيلار سۇلالىسى ۋە ۋىزانتىيىنىڭ پۇللىرىغا ئاساسلانغاندا، بازار ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن يەرلىكتە بىر قىسىم پۇللار تەقلىد قىلىپ ياسىلىپ سودىدا ئوبوروت قىلىنغان ھەمدە بۇ خىل ھالەت خېلى ئۇزاققىچە داۋاملاشقان.

قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يارمىقى، قاراخانىيلارنىڭ تەڭگىسى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاكىمىيەتلىرىنىڭ پۇللىرى ئېقىپ كىرگەن ياكى ئوبوروت ۋاستىسى قىلىنغان.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەردە چاغاتاي خانلىقىنىڭ پۇلى، يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پۇلى، جوڭغار خانلىقىنىڭ تەڭگىسى، راشىدىن خاننىڭ يارمىقى، ياقۇپبەگنىڭ پۇللىرى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاكىمىيەتلىرىنىڭ پۇللىرى قاتارلىقلار سودىدا ئوبوروت ۋاستىسى قىلىنغان.

تۇرپان تارىخىدىكى پۇللارنى زەرب قىلىنغان ئورنىغا ئاساسەن ئۈچ چوڭ رايونغا بۆلۈپ بايان قىلىمىز.

## 1. غەربىي يۇرتتا زەرب قىلىنغان پۇللار (西域古代货币)

### 1) «قوچو قۇت» يارمىقى (高昌吉利)

«لىياڭنامە» ۋە «جۇنامە»دىكى مەلۇ-

ماتلارغا ئاساسلانغاندا، قوچو خانلىقى تەخمى-
نەن 460 - يىلى ئەتراپىدا قۇرۇلغان. قو-
چو خانلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەر-
دە تۇرپاننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى مۇرەككەپ
بولۇپ، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ۋە جورجانلار
بۇ رايوندا ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇۋاتاتتى. بىر
مەزگىللىك داۋالغۇشلاردىن كېيىن جورجاڭ-
لارنىڭ قوللىشى ئاستىدا كيۇجيا ( 鞠嘉 )
تۇرپاننىڭ سىياسىي سەھنىسىگە چىقتى.
كيۇجيانىڭ قوچونى ئىدارە قىلىپ تۇرغان
يىللىرى «جۇنامە» دىكى قوچو تەزكىرىسىدە
تەيخې (477 — 499 - يىللار) يىللىرى-
نىڭ ئاخىرىغا توغرا كېلىدۇ، دەپ خاتىرى-
لەنگەن. «لىياڭنامە» دە كۆرسىتىلىشىچە،
كيۇجيا قوچونى 24 يىل ئىدارە قىلغان④
بۇ خانلىقنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى، ئۆرپ
- ئادىتى، مەمۇرىي تۈزۈملىرى خۇاشيالار-
نىڭكىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ. يېزىقى خۇاش-
ياچە بولۇپ، «خۇز» ( 胡 ) يېزىقىنىمۇ
قوللىناتتى. قوچونىڭ كېيىنكى ۋېي پادى-
شاھلىقى دەۋرىدە سەككىز، شىمالىي جۇ پادى-
شاھلىقى دەۋرىدە 16، سۇي سۇلالىسى دەۋ-
رىدە 18 شەھىرى بولغان. ⑤ قوچو خانلىرى-
نىڭ قوللانغان يىلنامىلىرىدىن بىزگە مە-
لۇم بولغانلىرىدىن 章和 ، 永和 ، 建昌 ،
延昌 ، 延和 ، 义寿 ، 重光 قاتارلىقلار
بار. قوچو خانلىقى شىمالىي ۋېي سۇلالىسى-
دىن باشلاپ 9 ئەۋلاد داۋاملىشىپ 140 نەچ-
چە يىل⑥ ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن 640
- يىلى (جېنگۇەن 14 - يىلى) تاڭ سۇلالى-
سى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغان.

قوچو خانلىقى دەۋرى تۇرپان تارىخىدى-
كى جەمئىيەت بىر قەدەر مۇقىم، ئىقتىساد
يۈكسەلگەن، مەدەنىيەت سىجىل تەرەققىي
قىلغان ئالتۇن دەۋر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
خانلىق قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە تا-
ۋار ئوبوروتىدا مالنى مالغا ئالماشتۇرغان
بولسا، .كېيىنكى ۋاقىتلاردا دېھقانچىلىق،
قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودىنىڭ تەرەققىي
قىلىشى ۋە گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ تاۋار ئو-
بوروتىدا كۈمۈش تەڭگىنى ئاساس قىلغان
مېتال پۇل ئىشلىتىلگەن. ⑦ تۇرپاندىن باي-
قالغان يازما ۋەسىقىلەرگە ئاساسلانغاندا، قو-
چو خانلىقى دەۋرىدىكى پۇل مۇئامىلە مۇنا-
سىۋىتى توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىنى ئاساسىي
بىرلىك قىلغان باسقۇچ (367 — 560 -
يىللار)، كۈمۈش تەڭگىنى ئاساسىي بىرلىك
قىلغان باسقۇچ (561 — 680 - يىللار)
دىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ⑧.
كيۇ جەمەتى قوچو خانلىقىدا 6 - ئەسىرنىڭ
ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن تاۋار ئوبوروتىدا مال-
نى مالغا ئالماشتۇرۇش ئانچە كۆپ ئۇچرى-
مايدۇ، پۇل ھەرخىل ئىقتىسادىي پائالىيەت-
لەردە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، پۇل مۇئامىلە
ئىقتىسادىي سەۋىيىسى خېلىلا تەرەققىي قىل-
غان⑨. نۆۋەتتە كيۇ جەمەتى قوچو خانلىقىدا
تۇرپاندا كۈمۈشنى ئاساسىي خام ئەشيا قى-
لىپ پۇل قۇيدۇرغانلىقى توغرىسىدا ئىشەن-
چىلىك يازما ماتېرىيال ۋە ئېنىق ئارخېئولو-
گىيىلىك ئىسپات كەمچىل. بۇ يەردە ئېي-
تىلغان كۆمۈشتىن ياسالغان پۇللار ئېھتى-
مال ساسانىيلارنىڭ كۆمۈش تەڭگىسىنى
كۆرسەتسە كېرەك. ھازىرچە بىزگە مەلۇم
بولغىنى پەقەت ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمى-
لار جەريانىدا قوچو خانلىقى دەۋرىدە زەرب
ئېتىلگەن مىسنى خام ئەشيا قىلغان «قوچو
قۇت» يارمىقى ھېسابلىنىدۇ.

قوچو قۇت يارمىقى قوچو خانلىقى
دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئەنئەنىۋى
پۇل قۇيۇش ئۇسلۇبىدا (قېلىپتا قۇيۇش ئۇ-
سۇلىدا) قۇيۇلغان، چۆرىسى يۇمىلاق، ئوت-
تۇرىسىدا چاسا تۆشۈكى بار گىرۋەكلىك يار-
ماقنى كۆرسىتىدۇ. پۇلنىڭ ئالدى يۈزىگە
خەنزۇ يېزىقىنىڭ جۇەنشۇ خەت نۇسخىسىدا
سائەت ئىستىرېلكىسىنىڭ ھەرىكەت يۆنىلى-
شى بويىچە «قوچو قۇت» ( 高昌吉利 )

دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. يارماقنىڭ دىئامېتىرى 2.5 ـ 2.6 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 12.5 ـ 13.5 گرام ئەتراپىدا.



«قوچو قۇت» يارمىقى

20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ تۇرپاندىكى يارغول قەدىمكى شەھىرى، ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى، جىمسادىكى بەشبالىغ قەدىمكى شەھىرى قاتارلىق خارابە ـ ئىزلاردىن مۇشۇ خىلدىكى بىر قىسىم يارماقلار بايقالغان.

1928 ـ يىلى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى تۇرپاندىن بىر دانە «قوچو قۇت» يارمىقىنى قولغا چۈشۈرگەن. پۇل قىزىل مىستىن ياسالغان بولۇپ، پۇلنىڭ دىئامېتىرى 2.5 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 12.5 گرام ئەتراپىدا. تېپىۋالغۇچىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ يارماقنى قاراخوجىدىكى بىر قەدىمكى شەھەردىن تېپىۋالغان ئىكەن⑩.

1973 ـ يىلى تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى 519 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىن بىر دانە «قوچو قۇت» يارمىقى بايقالغان، پۇلنىڭ دىئامېتىرى 2.6 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.38 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 12.5 گرام بولۇپ، خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى تۇرپاندىن تاپقان پۇلغا ئوخشايدۇ. قەبرىدىن جېنگۇەن 16 ـ يىلى (مىلادىيە 643 ـ يىلى) دىكى قەبرە تەزكىرىسى بايقالغان بولۇپ، يارماق جەسەتنىڭ ئاستىدىن تېپىلغان، قەبرە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان⑪.

1997 ـ يىلى ئەنشى ناھىيىسىدىكى بىر دېھقان يەر ئاستىدىن بىر دانە «قوچو قۇت» يارمىقى قېزىۋالغان. پۇل قىزىل مىستىن ياسالغان بولۇپ، ئالدى ـ كەينى گىرۋەكلىك، دىئامېتىرى 2.6 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 10 گرام. پۇلنىڭ ئالدى يۈزىگە خەنزۇچە لىشۇخەن نۇسخىسىدا «قوچو قۇت» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن⑫.

1998 ـ يىلى لوياڭنىڭ شەرقىدىكى جىنسۈن كەنتىدىكى بىر دېھقان يەر تۈزلەش جەريانىدا بىر قەدەر ياخشى ساقلانغان «قوچو قۇت» يارمىقىنى تېپىۋالغان⑬.

نۆۋەتتە بىر قىسىم پۇلشۇناسلار ۋە ھەۋەسكارلار بۇ خىل يارماقنىڭ تۇرپان رايونىدا قۇيۇلغانلىقىدىن گۇمانلانمىسىمۇ، يارماقنىڭ قۇيۇلۇش تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشى، قۇيۇلغان دەۋرى، ئوبوروت قىلىنىش دائىرىسى، قىممىتى، ئالماشتۇرۇش جەريانىدىكى ئورنى قاتارلىقلارغا نىسبەتەن بۇ يارماق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاكىمىيەتلىرىنىڭ قوچو خانلىقى بىلەن بولغان دوستانىلىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن قۇيۇلغان، ئەمما ئوبوروت قىلىنمىغان، دېگەندەك بىر قىسىم گۇمانى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا چىقاردى⑭. يارماقنىڭ ئۈستىگە خەنزۇچە خەت چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، گەرچە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك پۇل قۇيۇش ئۇسلۇبىدا قۇيۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئېغىرلىق ئۆلچىمى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قۇيۇلغان پۇللاردىن خېلىلا ئېغىر. قوچودا قوللىنىلغان خەنزۇچە يېزىق توغرىسىدا، «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» ( 北史 )، «جۇنامە » ( 周书 ) قاتارلىق تارىخىي كىتابلارنىڭ قوچو (تۇرپان) ھەققىدىكى بايانلىرىنىڭ ھەممىسىدە: «يېزىقى خۇاشىياچىغا ئوخشايدۇ، غوز تىلىدا ئوقۇلىدۇ» دەپ باشقا ئىزاھات تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئېنىق قەيت قىلىنغان. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە: «قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر يېزىقى بار، رەسمىي ھۆججەت، خەت ـ چەكلىرىنى شۇ يېزىقتا يازىدۇ. ئۇ يېزىقنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلاردىن باشقى-

لار ئوقۇيالمايدۇ» دەپ ئىزاھات بېرىپ ئۆتكەن⑮. بۇ مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ خىلدىكى يارماقلارنىڭ قوچودا قۇيۇلغانلىقى ۋە سودىدا ئوبوروت قىلىنغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

**2) قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ يارمىقى**

9 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى پارچىلانغاندىن كېيىن، غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى تۇرپان ۋە بەشبالىقنى مەركەز قىلىپ، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى (848 - 1369 - يىللار) نى قۇردى. بۇ خانلىقنىڭ سودا مۇناسىۋەتلىرىدە، ئاساسەن مالنى مالغا ئالماشتۇرۇش، مالنى پۇلغا ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ئالماشتۇرۇش شەكلى قوللىنىلغان، شۇنداقلا يىپەك ياكى بۆزنى ئاساسى ئالماشتۇرۇش ۋاسىتىسى قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولغان. تۇرپان ئويمانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن تۇڭباۋ يارمىقىغا ئوخشىتىپ پۇل قۇيدۇرغان ھەمدە سودىدا ئوبوروت ۋاستىسى قىلغان. پۇلنىڭ ئاساسي تەركىبى قىزىل مىس بولۇپ، ئالدى يۈزىگە ئۇيغۇر يېزىقى چۈشۈرۈلگەن، ئارقا يۈزى سىدام كەلگەن.



قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ يارمىقى

بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قۇبلاي خان مىلادىيە 1280 - يىلى قارا قوچودا پۇل قۇيۇش كارخانىسى قۇرغانلىقى، مىلادىيە 1283 - يىلى تۆت جايدا پۇل ساقلاش غەزىنىخانا تەسىس قىلغانلىقى بايان قىلىنغان⑯. دېمەك، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، ئاساسەن ئوتتۇرا جۇڭگو رايونىدا ۋە خانلىقنىڭ ئۆزىدە ئىشلەنگەن پۇل خەجلەنگەن. بەزى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ چاغدا يەنە ئىران ۋە ۋىزانتىيە پۇللىرىمۇ قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا ئوخشاشلا قىممەتكە ئىگە بولغان⑰.

تۇرپان رايونىدىن يەنە ھەرقايسى دەۋرلەردە غەربىي يۇرتتا قۇرۇلغان ھاكىمىيەتلەرنىڭ پۇللىرىدىن كۇسەنچە كىچىك يارماق (龟兹小铜钱)، كۇسەنچە - خەنزۇچە ئىككى تىللىق يارماق (汉龟二体钱)، تۈركەش خانلىقىنىڭ يارمىقى (突骑施钱)، قاراخانىيلارنىڭ تەڭگىسى (喀喇汗王朝钱)، چاغاتاي خانلىقىنىڭ پۇلى (察合台汗国钱)، يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پۇلى (叶尔羌汗国钱) ۋە جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەڭگىسى (准格尔天罡)، راشىدىن خاننىڭ يارمىقى (热西丁钱)، ياقۇپبەگنىڭ پۇللىرى (阿古柏钱币) قاتارلىقلارمۇ ئۈزلۈكسىز بايقالماقتا.

**3) كۇسەنچە كىچىك يارماق (龟兹小铜钱) ۋە كۇسەنچە - خەنزۇچە يارماق (汉龟二体钱)**

كۇسەن يىپەك يولىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئۆتكىلى، شۇنداقلا غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ، تۇرپان بىلەن كۇسەن غەربىي يۇرت بۇددىزىم دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرى. ئورتاق ئېتنىك تەركىب ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بۇ ئىككى رايون ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسى ناھايىتى بۇرۇنقى زامانلاردىن باشلانغان.

بۇ يارماقلار قەدىمكى كۇسەن دۆلىتى (91 - 647 - يىللار) دە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ پۇل قۇيۇش ئۇسلۇبىدا زەرب ئېتىلگەن، چۆرىسى يۇمىلاق، ئوتتۇرىسىدا چاسا تۆشۈك بار يارماقنى كۆرسىتىدۇ. يارماقلار قىزىل مىسنى ئاساسي خام ماتېرىيال قىلغان.

كۇسەنچە كىچىك يارماقنىڭ ئالدى ۋە ئارقا يۈزىگە ھېچقانداق خەت چۈشۈرۈلمە-

گەن، گىرۋەكسىز. چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە ئېغىرلىقى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

كۇسەنچە ـ خەنزۇچە ئىككى تىللىق يارماقنىڭ ئالدى يۈزىگە كۇسەن يېزىقى، ئارقا يۈزىگە بولسـا خەنزۇچە «بـەش جۇ» (五珠) دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. يارماقنىڭ سىرتىنىڭ دىئامېتىرى 1.8 ـ 1. 2 سانتىمېتىر، تۆشۈكىنىڭ تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 0.7 ـ 0.9 سانتىمېتىر ئەتراپىدا.



كۇسەنچە كىچىك يارماق



كۇسەنچە ـ خەنزۇچە يارماق

كۇسەن خانلىقىنىڭ پۇللىرى ئاقسۇ ۋادىسىنى مەركەز قىلغان ھالدا دۇنخۇاڭدىن خوتەنگىچە بولغان رايونلاردىن ئۈزلۈكسىز بايقالماقتا.

**4) تۈركەش خانلىقىنىڭ يارمىقى (突骑施钱)**

8 ـ ئەسىردە تۈركەشلەر ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ سەھنىسىگە چىقتى. تۈركەش خانلىقى (699 — 739 ـ يىللار) كۈچەيگەن مەزگىللەردە تاڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتىنىكى ھەربىي، مەمۇرىي ئورگانلىرىغا ئېغىر تەھدىت سېلىپ، غەربىي يۇرتنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغان. نەتىجىدە تۈركەش خانلىقى بىلەن ئەنشى ۋە بەشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ئوتتۇرىسىدا ئورتاق بازار شەكىللىنىپ، ئات، يىپەك سودىسى بىلەن بىرگە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ماللىرى بازارغا كىرگەن⑱. تۈركەش خانلىقىنىڭ يارمىقى تۈركەشلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ پۇل قۇيۇش ئۇسلۇبىدا زەرب ئېتىلگەن، چۆرىسى يۇمىلاق، ئوتتۇرىسىدا چاسا تۆشۈكى بار پۇلنى كۆرسىتىدۇ. پۇلنىڭ ئالدى يۈزىگە سوغدى يېزىقىدا تۈركەش خانلىرىنىڭ ناملىرى چۈشۈرۈلگەن، ئارقا يۈزى سىدام. پۇلنىڭ دىئامېتىرى 2.4 ～ 2.6 سانتىمېتىر، تۆشۈكىنىڭ تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 0.5 ～ 0.6 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 4.9 گرام ئەتراپىدا.



تۈركەش خانلىقىنىڭ يارمىقى

تۇرپاننىڭ ئاستانە، قاراخوجا قاتارلىق جايلىرىدىن تۈركەش خانلىقىنىڭ بىر قىسىم يارماقلىرى بايقالدى. بۇ خىل يارماق تۇرپاندىن باشقا يەنە كۇچا، مورى، جىمساردىن، گەنسۇنىڭ دۇنخۇاڭ، تيەنشۈي ناھىيىلىرىدىن، خېنەننىڭ لوياڭدىن، شەنشى، ئىچكى موڭغۇلدىنمۇ بايقالغان⑲. تۈركەش خانلىقىنىڭ يارمىقى تاڭ دەۋرىدىكى شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ مەھسۇلى⑳.

## 5) قاراخانىيلارنىڭ تەڭگىسى (喀喇汗王朝钱)

11 - ئەسىردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئىككى مەركەز، ئىككى خىل دىنىي مۇھىتتا راۋاج تاپتى. بىرى قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئىسلام دىنى مۇھىتىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، يەنە بىرى قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ھۆكۈمرانلىقىدىكى قوچونى مەركەز قىلغان بۇددا دىنى مۇھىتىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بولۇپ، ئىككى خىل ئىدىيولوگىيە سىستېمىسىغا تەۋە ئىككى رايون مەدەنىيىتى ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇۋاتقان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئورتاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئورتاق ئېتنىك مەنبەگە ئىگە بۇ ئىككى رايون ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئالاقە يەنىلا ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان. مۇشۇ خىل ئالاقىلەر جەريانىدا قاراخانىيلارنىڭ بىر قىسىم تەڭگىلىرى تۇرپان رايونىغا ئېقىپ كىرگەن.

قاراخانىيلار تەڭگىسى قاراخانىيلارنىڭ 10 — 13 - ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدا گىرېك - يۇنان پۇل قۇيۇش ئۇسلۇبىدا زەرب ئەتكەن پۇلنى كۆرسىتىدۇ. پۇلنىڭ ئاساسىي تەركىبى قىزىل مىس، ئالدى يۈزىگە ئەرەب يېزىقىنىڭ كۇفى خەت نۇسخىسىدا ئاللاغا ئوقۇلغان مەدھىيە «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدەن رۇسۇلىللاھ» («ئاللاھدىن باشقا خۇدا يوقتۇر، مۇھەممەت ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر») چۈشۈرۈلگەن، ئارقا يۈزىگە قاراخانىيلار ھۆكۈمرانىنىڭ نامى ۋە ئۇلارغا ئوقۇلغان مەدھىيە سۆزلىرى چۈشۈرۈلگەن.



قاراخانىيلارنىڭ تەڭگىسى

بۇ پۇل شىنجاڭدىن 22 مىڭ دانىدىن ئارتۇق تېپىلغان، ئاساسلىقى قەشقەر، ئاتۇش، خوتەن قاتارلىق رايونلاردىن بايقالغان.

## 6) چاغاتاي خانلىقىنىڭ پۇلى (察合台汗国钱币)

چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە تۇرپان، قومۇل رايونىدا ئىسلاملاشتۇرۇش ئورۇندالغان بولۇپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئىدىيولوگىيە جەھەتتىن ئاساس سېلىنغان. چاغاتاي خانلىقى ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئالمالىق، قەشقەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا، سەمەرقەند قاتارلىق جايلاردا زور مىقداردا پۇل ياسالغان. ئالتۇن ۋە كۆمۈش ئاساسلىق خام ئەشيا (كۆمۈش ئاساس) قىلىنغان. پۇللار سوقۇش ئۇسۇلىدا ياسالغان بولۇپ، ئۈستىگە ئەرەب يېزىقى چۈشۈرۈلگەن. پۇل ئاساسەن 14 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىن 16 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە زەرب ئېتىلگەن.



قاراخانىيلارنىڭ كۆمۈش تەڭگىسى



قاراخانىيلارنىڭ تىللاسى

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ياپونىيە ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپان، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىن چاغاتاي خانلىقىنىڭ بىر قىسىم پۇللىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. شۇ قېتىمقى ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا قولغا چۈشكەن چاغاتاي خانلىقىنىڭ

سەككىز دانە تەڭگىسى لوشۇن مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

دۆلىتىمىز ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبى 1928 — 1929 - يىللىرىدىكى تۇنجى قېتىملىق شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خىزمىتى جەريانىدا چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەڭگىسىدىن تۆت دانە بايقىغان㉑.

چاغاتاي خانلىقىنىڭ پۇللىرى تۇرپاندىن باشقا يەنە مورى، گۇچۇڭ، بورتالا، قورغاس، كۇچا قاتارلىق جايلاردىنمۇ بايقالدى㉒.

### 7) يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پۇللىرى (叶尔羌汗国钱币)

يەكەن سەئىدىيە خانلىقى (1514 — 1680 - يىللار) دىكى پۇللار توغرىسىدا بىزگە مەلۇم بولغىنى پەقەتلا يازما خاتىرىلەر بولۇپ، ئىشەنچلىك ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ناھايىتى ئاز. «تارىخى رەشىدى» دە يەكەن خانلىقىنىڭ خانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ناملىرىغا پۇل قۇيدۇرغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بار. پۇل غەربنىڭ ئۇسلۇبىدا زەرب قىلىنغان، ئاساسەن ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىسنى خام ئەشيا قىلغان مېتال پۇل ئىدى. يەكەن خانلىقى دەۋرىدە سەئىدخاننىڭ نامىغا قۇيۇلغان تىللا ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيا، ئافغانىستان، كەشمىر رايونلىرىدىنمۇ تېپىلماقتا ㉓. تۇنجى سۇلتان سەئىدخان تۇرپان ھۆكۈمرانى مەنسۇرخاننىڭ نامىدا پۇل قۇيدۇرۇشقا ماقۇل بولغان㉔. ئۇنىڭدىن كېيىنكى يەكەن خانلىقىنىڭ سۇلتانلىرىمۇ تۇرپان رايونىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، خانلىقنىڭ بىرلىكىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تاۋار ئىگىلىكى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان. بۇ مەزگىللەردە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي رايونىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ئاساسەن مۇقىم بولغان. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار تۈرلۈك كۈچلەر تەرىپىدىن تېزگىنلىۋېلىنغان، شۇڭا سودا پائالىيەتلىرى روشەن ھالدا ئىچكى قىسىمغا يۈزلىنىش خاراكتېرىنى ئالغان ... سودا پائالىيىتى تاشقى سودىنىڭ كۆلىمى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىچكى بازارلارنىڭ كېڭىيىشى ۋە كۈچەيتىلىشى بىلەن گەۋدىلەنگەن... قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، تۇرپان، قومۇل قاتارلىق جايلار شۇ ۋاقىتلاردا ئاساسلىق سودا نوقتىلىرى بولغان ㉕. بۇ مەلۇماتلاردىن قارىغاندا يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پۇللىرىنىڭ تۇرپاندا ئوبوروت قىلىنغانلىقىدا شەك يوق.

### 8) جۇڭغارلارنىڭ تەڭگىسى (准噶尔天罡)

يەكەن سەئىدىيە خانلىقىدىن كېيىن شىنجاڭ رايونىدا جۇڭغارلارنىڭ ۋاسىتىلىك ھۆكۈمرانلىق دەۋرى باشلاندى. 1698 - يىلى غالدان ئۆلگەندىن كېيىن سېۋان ئارابدان (1697 — 1727 - يىللار) ۋە غالدان سېرىن (1727 — 1745 - يىللار) ئارقا - ئارقىدىن جۇڭغارلارنىڭ خانلىق ئورنىدا ئولتۇردى. ئۇلار تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا قارىتا بىر يۈرۈش سىياسىي زۇلۇم ۋە ئىقتىسادىي تالان - تاراج سىياسەتلىرىنى يۈرگۈزدى. پۇل سىياسىتى بۇنىڭ تىپىك ۋەكىلى. جۇڭغارلارنىڭ پۇلى 1700 - يىلىدىن باشلاپ 1745 - يىلىغىچە جەمئىي 45 يىل ئەتراپىدا زەرب ئېتىلگەن㉖. تەڭگە يەكەن — سەئىدىيە خانلىقىنىڭ كونا ئۇسكۇنىلىرىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان، شەكلى شاپتۇل ئۇرۇقچىسىغا ئوخشايدۇ، ئاساسىي تەركىبى قىزىل مىس. سېۋان ئارابدان نامىغا ئاتاپ ياسالغان پۇلنىڭ ئالدى يۈزىگە ئۇيرات موڭغۇل يېزىقىدا «سېۋان ئارابدان»، ئارقا يۈزىگە چاغاتاي يېزىقىدا «زەربى يەكەن» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. بۇ خىلدىكى تەڭگىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.75 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 1.52 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 54.
0 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 3.6—2.

8 گرام ئەتراپىدا. بۇ خىل تەڭگە 1700 — 1727 ـ يىللار ئارىلىقىدا زەرب قىلىنغان.



جۇڭغارلارنىڭ تەڭگىسى

غالدان سېرىن نامىغا ئاتاپ ياسالغان پۇلنىڭ ئالدى يۈزىگە چاغاتاي يېزىقىدا «غالدان سېرىن»، ئارقا يۈزىگە چاغاتاي يېزىقىدا «زەربى يەكەن» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. بۇ خىلدىكى تەڭگىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1.74 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 1.47 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.55 — 0.67 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 8 گرام ئەتراپىدا. بۇ خىل تەڭگە 1727 — 1745 ـ يىللار ئارىلىقىدا زەرب قىلىنغان. بۇ خىل تەڭگىلەر تۇرپاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان جايلاردىن ئۈزلۈكسىز بايقالماقتا.

بۇ دەۋردە ئىچكى نىزانىڭ ئەۋج ئېلىشى، يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىپ قۇرۇقلۇقتىكى يىپەك يولىنىڭ كۈنسېرى خارابلىشىشىغا ئەگىشىپ، كۆزنى چاقنىتىدىغان غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى چۈشكۈنلىشىشكە قاراپ يۈزلەندى.

**9) راشىدىن خاننىڭ يارمىقى (热西丁汗钱币)**

19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ شىنجاڭ تارىخىدا بىر قاتار ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ھەرقايسى رايونلاردا يۈز بەرگەن دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ نەتىجىسىدە بىر قىسىم يەرلىك ھاكىمىيەتلەر مەيدانغا كەلدى. 1864 ـ يىلى كۇچادا راشىدىن خان ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى. راشىدىن خان خاقانى چىننىڭ نامىغا ئوخشاش قىلىپ پۇل قۇيدۇردى. پۇلنىڭ بىر يۈزىگە «راشىدىن خان غازى»، يەنە بىر يۈزىگە «كۇچا سەلتەنەتىنىڭ سوقىقان پۇلى» دەپ خەت قۇيدۇردى㉗.



راشىدىن خان يارمىقى

راشىدىن خان يارمىقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ پۇل قۇيۇش ئۇسلۇبىدا زەرب قىلىنغان بولۇپ، قىزىل مىسنى ئاساسىي خام ئەشيا قىلغان. 1864 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا غەربتە ئۈچتۇرپان، ئاقسۇدىن شەرقتە تۇرپان، لۈكچۈنگىچە بولغان رايونلارنىڭ ھەممىسى راشىدىن خاننىڭ ھۆكۈمرانلىق تېررىتورىيىسىگە كىرگەن بولۇپ، شىنجاڭدىكى بىر قەدەر چوڭ يەرلىك فېئودال ھاكىمىيەت بولۇپ قالغان㉘. بۇ خانلىق 1867 ـ يىلى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن يوقىتىلغان. بۇ يارماق ئېھتىمال تۇرپان رايونىدىمۇ قىسقا مەزگىل ئوبوروت قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

**10) ياقۇپبەگ پۇللىرى (阿古柏钱币)**

19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جەنۇبىي شىنجاڭدا ياقۇپبەگنىڭ «يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتى» (1867 — 1877 ـ يىللار) قۇرۇلدى. ياقۇپبەگ تۈرك سۇلتانى ئابدۇلئەزىزخاننىڭ نامىغا ئاتاپ ئالتۇن، كۈمۈش، مىسنى خام ماتېرىيال قىلىپ سوقۇش ئۇسلۇبىدا تىللا، تەڭگە ۋە مىس پۇللارنى زەرب ئەتكەن.



تىللا　　　　كۈمۈش تەڭگە　　　　مىس تەڭگە

ياقۇپبەگنىڭ پۇللىرى

تۇرپانمۇ يەتتە شەھەر ھاكىمىيىتىنىڭ
تېررىتورىيىسىگە تەۋە بولغاچقا، ياقۇپبەگـ
نىڭ پۇللىرىمۇ بۇ رايوندا ئوبوروت قىلىنـ
غان.

**2. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاكىمـ
يەتلىرىنىڭ پۇللىرى**

نۆۋەتتە بايقالغان ئارخېئولوگىيىلىك
ماددىي بۇيۇملارغا ئاساسلانغاندا، تۇرپان راـ
يونى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئىقتىساد
ئالاقىسىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى چېكىنى بىرونزا
قورال دەۋرىگىچە سۈرۈشكە بولىدۇ. 1987
- يىلى پىچان ناھىيىسى ياڭخي قەدىمكى
قەبرىستانلىقىدىكى بىر قىسىم قەبرىلەردىن
15 دانە دېڭىز قۇلۇلىسى ۋە بىر دانە مىستىن
ياسالغان قۇلۇلە قېپى بايقالغان㉙. بۇلار
زىننەت بۇيۇملىرى بولماستىن، بەلكى تاۋار
ئوبوروتىدا پۇلنىڭ رولىنى ئۆتەيدىغان ئوتـ
تۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلتۈرۈلگەن بۇيۇم بوـ
لۇشى مۇمكىن. شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان
ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار جەريانىدا ئىلـ
گىرى - كېيىن بولۇپ، قومۇلدىكى ياماـ
سۇ، قارا دۆۋە، ئۈرۈمچىدىكى ئالغوي، موـ
رى ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبى، لوپنۇر، خوـ
تۇنسۇمبۇلدىكى چابخا، ئونسۇدىكى بوزدۆڭ،
لوپ ناھىيىسىدىكى سانپول قاتارلىق قەدىمـ
كى قەبرىستانلىقلاردىنمۇ مۇشۇ خىلدىكى
قۇلۇلە قاپلىرى بايقالدى㉚. بۇلار يىپەك
يولى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىمـ
مەتكە ئىگە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىيال
ھېسابلىنىدۇ.



پىچان ناھىيىسى ياڭخي قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان دېڭىز قۇلۇلىلىرى

تۇرپان غەربىي يۇرتتىكى مۇھىم قاتـ
ناش تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ئوتتۇرا
تۈزلەڭلىك ھاكىمىيەتلىرى ناھايىتى بۇرۇنلا
بۇ گۆھەر زېمىنغا كۆز تىككەن. ئۇلار يىـ
پەك، قاشتېشى ۋە شەرق - غەرب سودىسىغا
كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئىمكانىيەتنىڭ باـ
رىچە بۇ زېمىنغا ئۆز تەسىرىنى سىڭدۈرۈشكە
تىرىشقان. خەن سۇلالىسى تۇرپاندا چېرىكـ
چىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلغاندىن تارـ
تىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاكىمىيەتلىرىنىڭ
بىر قىسىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچى ئەسـ
كەرلىرى ۋە خەنزۇ پۇقرالىرى بۇ زېمىندا
پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، تۇرپاننىڭ تارىخى
ۋە مەدەنىيىتىگە ئىشتىراك قىلغان. ئۇشبۇ
سەۋەبدىن تۇرپاندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاـ
كىمىيەتلىرىنىڭ بىر قىسىم پۇللىرى بايقالـ
ماقتا.

1) بەش جۇلۇق يارماق (五珠
钱). چىن شىخۇاڭ مەملىكەتنى بىرلىككە
كەلتۈرگەندىن كېيىن پۇل، ئۆلچەم ۋە ئۇـ
زۇنلۇق بىرلىكلىرىنىمۇ قېلىپلاشتۇردى.
ئالدى يۈزىگە خەنزۇچە «يېرىم سەر» (半

两 ) ، دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن، چۆرىسى يۇمىلاق، ئوتتۇرىسىدا چاسا تۆشۈكى بار يارماقنى پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە ئوبوروت ۋاستىسى قىلدى. خەن ۋۇدىنىڭ ۋۇشۇ 5 - يىلى (مىلادىيىدىن ئىلگىرى 118 - يىلى) «يېرىم سەر» ( 半两 )لىك پۇلنى «بەش جۇ» ( 五铢钱 ) لۇق پۇلغا ئۆزگەرتتى. بۇ يارماقنىڭ چۆرىسى يۇمىلاق بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا چاسا تۆشۈكى بار، گىرۋەكلىرى يوق. پۇلنىڭ ئالدى يۈزىگە خەنزۇچە «بەش جۇ» ( 五铢钱 ) دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن، ئارقا تەرىپى سىدام. پۇلنىڭ قىممىتىنى «جۇ» بىلەن ئىپادىلەش شەكلى خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ تاكى تاڭ ۋۇدېنىڭ 4 - يىلى (621 - يىلى) غىچە داۋاملاشقان.

ستەيىن ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى 6 - نومۇرلۇق قەبرىدىن ئىككى دانە بەش جۇلۇق يارماقنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن㉛.

1959 - يىلى تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى 305 - نومۇرلۇق قەبرىدىن تۆت دانە بەش جۇلۇق يارماق قېزىۋېلىندى. بۇ قەبرىنىڭ يىل دەۋرى جىيەنيۈەن 2 - يىلى (384 - يىلى) غا (16 پادىشاھلىق دەۋرىدىكى دىلار قۇرغان ئالدىنقى چىن ھاكىمىيىتىنىڭ پادشاھى فۇجيەننىڭ يىلنامىسى) مەنسۇپ㉜.

1966 - يىلدىن 1969 - يىلىغىچە تۇرپان ئاستانە قاراخوجا قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قېزىشتا خەن دەۋرىگە مەنسۇپ بىر دانە بەش جۇلۇق يارماق بايقالغان㉝.

1996 - يىلى يارغول جىلغىسى غەربىي تۆپىلىكنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تىك ئازگاللىق قەبرىستانلىقتىكى 5 - نومۇرلۇق قەبرىدىن 3 دانە، 12 - نومۇرلۇق قەبرىدىن 4 دانە، 16 - نومۇرلۇق قەبرىدىن 3 دانە (ئېغىرلىقى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 3.68، 5.24، 4.01 گرام ئەتراپىدا) غەربىي خەن ئۇسلۇبىدىكى «بەش جۇ» لۇق يارماق قېزىۋېلىندى. پۇلنىڭ يۈزىدىكى «بەش جۇ» دېگەن خەنزۇچە خەت لىشۇ خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان بولۇپ، سىرتقى دىئامېتىرى 4.2 — 2.5 سانتىمېتىر، تۆشۈكنىڭ تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 0.9 — 1 سانتىمېتىر كېلىدۇ㉞.



1996 - يىلى يارغول جىلغىسىدىن قېزىۋېلىنغان بەش جۇلۇق يارماقلار

**2) تاڭ سۇلالىسىنىڭ پۇللىرى ( 唐朝钱币 )**

تاڭ سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جېنگۇەن 4 - يىلى (630) تاڭ سۇلالىسى شەرقىي تۈركلەرنى يوقىتىپلا غەربىي يۇرت تەرەپكە ئاتلاندى. غەربىي تۈركلەر بىلەن بىر قەپەس ئېلىشىپ، جېنگۇەن 14 - يىلى (640 - يىلى) غا كەلگەندە قوچونى ئىشغال قىلدى ۋە ئۇ يەردە ئەنشى (غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى قۇرۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇ-

روپ، ئۇنى غەربكە ئىچكىرىلەپ كىرىشتىكى تايانچ پونكىت قىلدى. تاڭ سۇلالىسى قوچودا بىر مەزگىل «قان» تولۇقلىغاندىن كېيىن، جېنگۇەن 21 - يىلى (647 - يىلى) كۇسەن خانىنىڭ كىنگىت خانىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى باھانە قىلىپ، 11 - ئايدا ئاشناشىر قاتارلىق بەش سانغۇننى تۇرالارنىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق 13 قەبىلىسىدىن ئېلىنغان 100 مىڭدىن ئارتۇق ئاتلىق قوشۇنىغا باش قىلىپ كۇسەننىڭ ئۈستىگە ئەۋەتتى. ئىككىنچى يىلى 10 - ئايغا كەلگەندە، تاڭ سۇلالىسى تارىم ئويمانلىقىنى پۈتۈنلەي ئىلكىگە ئېلىپ، ئەنشى (غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى كۇسەنگە يۆتكەپ، ئەنشىدىكى تۆت قورغاننى تەسىس قىلدى. ئەنشى (غەربنى تىنچلاندۇرغۇچى) قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تۇرپاندا تەسىس قىلىنغان ۋاقىتلار (640 — 647 - يىللار) دا تۇرپان غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي مەركىزىگە ئايلاندى. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلار جەريانىدا تۇرپاندىكى بىر قىسىم ئىز ۋە قەبرىستانلىقلاردىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن، چيەنيۈەن نامىدىكى يارماقلىرى بايقالدى.

1. «كەييۈەن توڭباۋ» (开元通宝). كەييۈەن تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ يىلنامىسى (713 — 741 - يىللار) بولۇپ، بۇ خىل يارماقنىڭ ئاساسىي تەركىبى قىزىل مىس، ئالدى يۈزىگە ئاستى - ئۈستى، ئوڭ - سول يۆنىلىشتە خەنزۇچە «كەييۈەن توڭباۋ» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن، ئارقا يۈزى سىدام. يارماقنىڭ سىرتىنىڭ دىئامېتىرى 2.5 — 2.6 سانتىمېتىر، تۆشۈكىنىڭ دىئامېتىرى 0.6 — 0.7 سانتىمېتىر.



«كەييۈەن توڭباۋ» يارمىقى

2. «چيەنيۈەن جۇڭباۋ» (乾元重宝). چيەنيۈەن تاڭ سۇزۇڭنىڭ يىلنامىسى (756 — 760 - يىللار) بولۇپ، بۇ خىل يارماقنىڭ ئاساسىي تەركىبى قىزىل مىس، ئالدى يۈزىگە ئاستى - ئۈستى، ئوڭ - سول يۆنىلىشتە خەنزۇچە «چيەنيۈەن جۇڭباۋ» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن، ئارقا يۈزى سىدام. سىرتىنىڭ دىئامېتىرى 2.0 — 2.8 سانتىمېتىر.



«چيەنيۈەن جۇڭباۋ» يارمىقى

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ستەيىن تۇرپان قاراخوجا ۋە تۇيۇقتىن ئىككى دانە چيەنيۈەن جۇڭباۋ يارمىقىنى قولغا چۈشۈرگەن㉟.

1928 - يىلى خۇاڭ ۋېنبى ئەپەندى تۇرپان قاراخوجىدىن بىر دانە «كەييۈەن توڭباۋ» يارمىقىنى قولغا چۈشۈرگەن. پۇلنىڭ دىئامېتىرى 2.4 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 3.4 گرام. تېپىۋالغۇچىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ يارماق قاراخوجا قەبرىستانلىقىدىكى جەسەتنىڭ ئاغزىغا قويۇلغان ئىكەن㊱.

1975 - يىلى تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قېزىش جەريانىدا، ئىككى دانە بەش جۇلۇق يارماق بايقالدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر نەچچە دانە كەييۈەن توڭباۋ، چيەنيۈەن جۇڭباۋ يارماقلىرى بايقالدى㊲.

1956 - يىلى يارغۇل قەدىمكى شەھىرىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقتىن بىر دانە كەييۈەن توڭباۋ يارمىقى بايقالغان. شۇ قېتىمقى قېزىشتا، يارغۇل قەدىمكى شەھىرد-

ىنىڭ فەرىبەدىكى يارىۋىي تۆپىلىكىدىكى ئىبادەتخانىنى تازىلاش جەريانىدا يەنە بەش دانە كەيىۋەن تۇڭباۋ يارمىقى (1 ـ نومۇرلۇق قەبرە ئۆيىدىن بىر دانە، 3 ـ نومۇرلۇق قەبرە ئۆيىدىن ئىككى دانە، 4 ـ نومۇرلۇق قەبرە ئۆيىدىن ئىككى دانە) بايقالغان. بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلانغىنى ئۈچ دانە[38].

1984 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قاراخوجا كەنتىنىڭ شەرقىگە تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى بىر قەدىمكى قەبرىستانلىق (84TKM383) تىن تۆت دانە كەيىۋەن تۇڭباۋ يارمىقىنى بايقىغان. پۇللارنىڭ داتلىنىشى نىسبەتەن ئېغىر بولۇپ، 84TKM383.7 يارمىقىنىڭ تۆشۈكىنىڭ تەرەپ ئۇزۇنلۇقى 0.6 سانتىمېتىر، چۆرىسىنىڭ دىئامېتىرى 2.4 سانتىمېتىر كېلىدۇ[39].

بۇلاردىن باشقا تۇرپان رايونىدىن يەنە تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ بىر قىسىم دالى يۈەنباۋ (大历元宝)، جيەنجوڭ تۇڭباۋ (宝建中通)، «جوڭ» (中) ۋە «يۈەن» (元) خەتلىك يارماقلار بايقالغان[40].

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى، تۇرپاندىن تېپىلغان تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ يارماقلارنىڭ ئىچىدە سېرىق مىسنى ئاساس خام ئەشيا قىلغىنى ئىچكىرى رايونلار (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك)دا، قىزىل مىسنى خام ئەشيا قىلىغانلىرى بولسا كۇچا قاتارلىق جايلاردا زەر ئېتىلگەن.

### 3) سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پۇللىرى (宋朝钱币)

سۇڭ سۇلالىسى (960 — 1279 ـ يىللار) تاڭ سۇلالىسىدىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قۇرۇلغان هاكىمىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ سەلتەنىتىنى تاڭ سۇلالىسىگە سېلىشتۇرۇشقا بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ دەۋردە غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئالاقىسى ئىزچىل كۆچەيگەن. «سۇڭنامە. ئودۇن تەزكىرىسى»گە ئاساسلانغاندا، جاۋ خېڭ (سۇڭ جېنزۇڭ) نىڭ داجوڭ شياڭفۇ يىللىرىدىن جاۋجى (سۇڭ ۋېيزۇڭ) نىڭ شۈەنخې يىللىرىغىچە (1009 — 1124 ـ يىللار) قاراخانىيلار بىلەن شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا 40 نەچچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا قوچو ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن سۇڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىسىمۇ ئالاھىدە جانلانغان.

20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ئەنگلىيىلىك ستەيىن تۇرپاننىڭ قاراخوجا، تۇيۇق قاتارلىق جايلىرىدىن سۇڭ دەۋرىگە مەنسۇپ بىر دانە گوخۇا يۈەنباۋ (淳化元宝، 990 — 995 ـ يىللار)، بىر دانە يۈەنيۇ تۇڭباۋ (元佑通宝 1086 — 1094 ـ يىللار)، ئىككى دانە شياڭفۇ تۇڭباۋ (祥符通宝، 1008 ـ 1017 ـ يىللار)، ئىككى دانە تيەنشېن يۈەنباۋ (天圣元宝، 1023 — 1032 ـ يىللار)، بىر دانە جىڭيۇ يۈەنباۋ (景佑元宝، 1034 — 1038 ـ يىللار)، بىر دانە خۇاڭسۇڭ تۇڭباۋ (皇宋通宝، 1038 — 1040 ـ يىللار)، بىر دانە جىخې تۇڭباۋ (至和通宝، 1054 — 1056 ـ يىللار)، ئىككى دانە شىنىڭ تۇڭباۋ (熙宁通宝، 1068 — 1078 ـ يىللار)، تۆت دانە يۈەنفېڭ تۇڭباۋ (元丰通宝، 1078 — 1086 ـ يىللار) ۋە 13 دانە چوڭنىڭ جۇڭباۋ (崇宁重宝، 1102 — 1107 ـ يىللار) يارماقلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن[41].

### 4) غەربىي شىيا ۋە لياۋ هاكىمىيىتىنىڭ پۇلى (西夏辽钱币)

1964 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تۇرپان ئۆزۈمزارلىق بازىرىدىكى ئالىي ئاگرانوم لى جىجاۋ قاتارلىقلار قوچو قەدىمكى شەھىرى خان سارىيى ئىچىدىكى چوڭ بۇتخانا ئىزىنىڭ يېنىدىن بىر دانە غەربىي شىيا هاكىمىيىتىنىڭ پۇلىنى تېپىۋالغان. پۇل قورام تاشتىن يونۇپ ياسالغان بولۇپ، ئىچى

- سىرتى گىرۋەكلىك، سىرتىنىڭ دىئامېتىرى 7.4 سانتىمېتىر، گىرۋىكى 0.3 سانتىمېتىر، تۆشۈكىنىڭ دىئامېتىرى 0.3 سانتىمېتىر، تۆشۈكىنىڭ گىرۋىكى 0.3 سانتىمېتىر. پۇلنىڭ يۈزىدىكى «تيەن» ۋە «يۈەن» خېتى مۇكەممەل ساقلانغان، «شېڭ» ۋە «باۋ» خېتى ئانچە روشەن ئەمەس㊷.



تۇرپاندىن بايقالغان غەربىي شىيا ھاكىمىيىتىنىڭ پۇلى

ئۇنىڭدىن باشقا، تۇرپاندىن يەنە لياۋ ھاكىمىيىتىنىڭ تۆمۈردىن ياسالغان «جۇگو يۈەنباۋ» (助国元宝) يارمىقىمۇ بايقالغان㊸.



تۇرپاندىن بايقالغان لياۋ ھاكىمىيىتىنىڭ تۆمۈردىن ياسالغان «جۇگو يۈەنباۋ» يارمىقى

5) چىڭ سۇلالىسىنىڭ پۇللىرى (青朝钱币)

1759 - يىلى (چيەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغارلار ۋە چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئېھتىياج سەۋەبىدىن تەڭرىتاغنىڭ شىمالى، قۇمۇل، تۇرپان رايونلىرىدا ئىچكىرى رايوننىڭ تۈزۈملەشكەن پۇل (制钱) تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئۇزاق ئۆتمەي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پۇل جۇجۇقلىرىنى تەسىس قىلىپ (ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يەكەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، قەشقەر، ئىلى، ئۈرۈمچى، كۇچا قاتارلىق يەتتە جايدا پۇل قۇيۇش ئورۇنلىرى تەسىس قىلىنغان)، قۇيۇلغان پۇللارنى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوبوروت قىلدى. نۆۋەتتە تۇرپاندىن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ يارماقلار ئۈزلۈكسىز بايقالماقتا.



تۇرپاندىن بايقالغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ يارمىقى㊹

مىنگو دەۋرىدە ماجۇڭيىڭ قاتارلىقلار شەخسى نامىغا بىر قىسىم قەغەز پۇل (تىزا) ياساتقان بولسىمۇ، ئەمما سان جەھەتتىن چەكلىك، ئوبوروت قىلىش دائىرىسى تار بولغاچقا ئالاھىدە توختالمىدۇق.

3. چەتئەل پۇللىرى (外国货币)

يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك، تۇرپان قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شەرقنىڭ يىپەكلىرى، يەرلىكنىڭ ئالتۇن، كۆمۈش بۇيۇملىرى، غەربنىڭ قىممەتلىك خۇشپۇراق بۇيۇملىرى تۇرپاندا ئۇچرىشاتتى ۋە ئالماشتۇرۇلاتتى. تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە خەلقئارا بازارنىڭ جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، يىپەك يولى بازارلىرىدا قىممىتى يۇقىرى، شەكلى ئۆلچەملىك بولغان ئالماشتۇرۇش ۋاسىتىسى — شۇ دەۋردىكى يىپەك يولى بويىدىكى دۆلەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك قارشى ئېلىنغان ساسانىيلار ئىمپېرىيىسى ۋە ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ پۇللىرى ئوبوروت قىلىنىشقا باشلىغان.

1) ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ كۆمۈش تەڭگىسى (萨册王朝银币)

ئالېكساندىر ئىمپېرىيىسى پارچىلانغاندىن كېيىن ئىراندا پارسلارنىڭ پارفىيە خانىدانلىقى قۇرۇلدى. بۇ خاندانلىق مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 247 - يىلدىن مىلادىيە

224 - يىلىغىچە جەمئىي 470 يىلدىن ئارتۇقراق مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. 3 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئۆزىنى ئاخمىنىدلار سۇلالىسىنىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتىۋالغان ساسانىي جەمەتى تارىخ سەھنىسىگە چىقتى. 226 - يىلى ساسانىينىڭ نەۋرىسى ئارداشىر پارفىيىنىڭ پايتەختى كېتسىپون (Ctesiphon) نى تارتىۋېلىپ، ئىران تارىخىدىكى يېڭى خاندانلىق — ساسانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغان. بۇ خانلىق تاكى ئەرەب ئىمپېرىيىسى باش كۆتۈرۈپ چىققانغا قەدەر تۆت ئەسىر ھۆكۈم سۈرگەن. خانلىق قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئەتراپتىكى ھەرقايسى كۈچلۈك ھاكىمىيەتلەر، مەسىلەن، رىم، خەن سۇلالىسى، كۇشان، ھۇن ئىمپېرىيىلىرى تەدرىجىي ئاجىزلىشىپ زاۋاللىققا يۈزلەنگەن بولغاچقا، ئۇ يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، مېسوپوتامىيە رايونىدىكى بۆلىكىنى تىزگىنلەپ، مۇشۇ رايونلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان. ساسانىيلار تىزگىنلەپ تۇرغان بۇ رايونلار يىپەك يولىنىڭ مۇھىم بۆلىكى بولۇپ، ساسانىيلارنىڭ پۇللىرى يىپەك يولىنىڭ ھەرقايسى ئۆتەڭلىرىدە «خەلقئارالىق پۇل» رولىنى ئۆتىگەن. مىلادىيە 5 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا يەنە بىر سىياسىي كۈچ — ئېفتالىتلار تارىخ سەھنىسىگە چىقتى ھەمدە ناھايىتى تېزلا كۈچىيىشكە باشلاپ، پېرسىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ئۇلارنى ئولپان تۆلەشكە مەجبۇر قىلغان. پېرسىيە ئېفتالىتلارغا كۆمۈشنى ئۆلچەم قىلغان ھالدا زور مىقداردا ئولپان تۆلىگەن. ئېفتالىتلار يەنە غەربىي يۇرت ۋە يىپەك يولى سودىسىنى تىزگىنلەشكە كىرىشكەن، جورجانلارنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن تۇرپاندا ئۆزلىرىنىڭ ھامىيلىقىدىكى قاڭقىل خانلىقىنى قۇرۇپ چىققان. ئېفتالىتلار غەربىي يۇرتتا زومىگەر بولۇۋالغان ھەم سودا يولىنى تىزگىنلىۋالغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرى ۋە سودىگەرلىرىنىڭ ئىچكىرىدىكى خاندانلىقلارغا سوۋغات تەقدىم قىلىش ۋە تىجارەت قىلىش ئەھۋاللىرى ناھايىتى كۆپ بولغان. ئۇلارنىڭ سودا يولى تامامەن قوچو ئارقىلىق ئۆتكەن[45]. مۇشۇ بىر قاتار سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر جەريانىدا، پېرسىيىنىڭ كۆمۈش تەڭگىسى تۇرپاننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا سىڭىپ كىرگەن. ئارخېئولوگىيىلىك تېزىش جەريانىدا يارغول قەدىمكى شەھىرى، ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى قاتارلىق بىر قىسىم ئىزلاردىن خېلى كۆپ مىقداردا ساسانىيلارنىڭ كۆمۈش تەڭگىسى بايقالدى.

1915 - يىلى ستەيىن تۇرپاندىن 4 دانە ساسانىيلارنىڭ تەڭگىسىنى قولغا چۈشۈرگەن بولۇپ، بۇلار ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى 3 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى جەسەتنىڭ كۆزىگە قويۇلغان ھورمۇز IV (مىلادىيە 579 — 590 - يىللار) ۋە خۇسراۋ I (مىلادىيە 531 — 579 - يىللار) دەۋرىگە مەنسۇپ ئىككى دانە تەڭگىنى ۋە 6 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى جەسەتنىڭ ئاغزىغا قويۇلغان بىر دانە تەڭگىنى ئۆز ئىچىگە ئال-





قوچو قەدىمكى شەھىرىدىن بايقالغان شاپۇر I نامىدىكى ساسانىيلار تەڭگىسى

دۇ. يەنە بىر دانىسىنى قوچو قەدىمكى شەھىرىدىن قېزىۋالغان⑯.

1928 - يىلى تۇرپان قوچو قەدىمكى شەھىرى يېنىدىكى خۇمدان ئىزىدىن 20 دانە، 1955 - يىلى 10 دانە، 1989 - يىلى 100 دانە ساسانىيلارنىڭ تەڭگىسى بايقالغان.

قوچو قەدىمكى شەھىرىدىن شاپۇر I نامىدىكى كۈمۈش پۇل بايقالغان. دەۋرى تەخمىنەن 4 - ئەسىرگە مەنسۇپ⑰.

1957 - يىلى تۇرپان قوچو قەدىمكى شەھىرىدىن ئارداشىر II نامىدىكى 2 دانە ساسانىيلارنىڭ تەڭگىسى قېزىۋېلىنغان⑱.



قوچو قەدىمكى شەھىرىدىن بايقالغان ئارداشىر I نامىدىكى ساسانىيلار تەڭگىسى

1959 - يىلى ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقى 305 - نومۇرلۇق قەبرىدىن پارسلارنىڭ بىر دانە كۈمۈش تەڭگىسى قېزىۋېلىنغان. بۇ قەبرىنىڭ يىل دەۋرى جىيەنيۈەن 2 - يىلى (384 - يىلى) غا (16 پادىشاھلىق دەۋرىدىكى دىلار قۇرغان ئالدىنقى چىن ھاكىمىيىتىنىڭ پادىشاھى فۇجىيەننىڭ يىلنامىسى) مەنسۇپ⑲.

1967 - يىلى تۇرپان ئاستانە 363 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى جەسەتنىڭ ئاغزىدىن بىر دانە ساسانىيلارنىڭ كۈمۈش تەڭگىسى تېپىلغان. پۇلنىڭ ياسىلىشى ئانچە ئۆلچەملىك ئەمەس، ئەڭ كەڭ قىسمىنىڭ دىئامېتىرى 3.2 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 2.9 گرام، پۇلنىڭ ئالدى يۈزىگە پارس ئىمپېراتورى يەزدىگىردىنىڭ يۇقىرى بەدەن قىسمى چۈشۈرۈلگەن، يېزىقى ئانچە روشەن ئەمەس، ئارقا يۈزىگە زوروئاستىر دىنىنىڭ نەزىر - چىراق سۇپىسى، ئىككى تەرىپىگە نەزىر - چىراغ كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن. بۇ قەبرە قوچو ئۇيغۇر ئىلىنىڭ گۈللەنگەن باسقۇچىغا مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن⑳.

1967 - يىلىدىن 1973 - يىلىغىچە تۇرپان رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك پائالىيەتلەر جەريانىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 25 دانە ساسانىيلارنىڭ تەڭگىسى بايقالغان.

نۆۋەتتە تۇرپاندىن بايقالغان ساسانىيلارنىڭ پۇللىرى جەمئىي 162 دانە بولۇپ، سان جەھەتتە تۇرپاندىن بايقالغان پۇللارنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. بۇ پۇللار ئاساسلىقى شاپۇر II (مىلادىيە 309 — 379 - يىللار)، ئارداشىر (379 — 383 - يىللار)، شاپۇر III (383 — 388 - يىللار)، يەزدىگىرد (438 — 457 - يىللار)، فىروز (؟ — 484 - يىللار) دەۋرلىرىدە قۇيۇلغان. دىئامېتىرى 2.5 — 2.9 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 3.9 — 4.1 گرام، كۈمۈش تەركىبى 97.3% — 98.4% ئەتراپىدا. بەزى تەتقىقاتچىلار يازما ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن تۇرپان رايونىدا ئوبوروت قىلىنغان كۈمۈش پۇل توغرىسىدىكى مەلۇمات پارسلارنىڭ كۈمۈش تەڭگىسىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ ㉛. ئومۇمەن، تۇرپاندىن بايقالغان پارس ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ كۈمۈش تەڭگىسىگە، تارىخنامىلەردىكى يازما خاتىرىلەر ۋە تۇرپاندىن بايقالغان ۋەسىقىلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسلىنىپ، پارس ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ كۈمۈش تەڭگىسىنىڭ تۇرپاندا ئوبوروت قىلىنىش ئەھۋالىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ㉜. ساسانىيلارنىڭ پۇللىرى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ۋە يىپەك يولى تەتقىقاتىدا بىر قەدەر يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە㉝.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە 1964 - يىلى تۇرپان قارا خوجا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى 8 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى جەسەتنىڭ ئاغزىدىن بىر دانە ساسانىيلار خانى خىسراۋ دەۋرىدىكى كۈمۈش تەڭگە ئۇسلۇبىدا ياسالغان ئەرەب ئۈمەييە سۇلالىسىنىڭ كۈمۈش تەڭگىسى بايقالغان.




تۇرپان قارا خوجا قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان ساسانىيلار ئۇسلۇبىدىكى ئەرەب ئۈمەييە سۇلالىسىنىڭ كۈمۈش تەڭگىسى

2) ۋىزانتىيە (شەرقىي رىم) ئىمپېرىيىسىنىڭ پۇللىرى (拜占廷钱币)

ۋىزانتىيە يىپەك يولىنىڭ غەربتىكى ئەڭ ئاخىرقى بېكىتى بولۇپ، مىلادىيە 5 - ئەسىردىن باشلاپ دۆلىتىمىز بىلەن دوستانە بېرىش - كېلىشنى باشلىغان. نۆۋەتتە دۆلىتىمىزدىن جەمئىي 50 نەچچە دانە ۋىزانتىيە پۇلى بايقالدى. ۋىزانتىيە ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىتئەنى ئاتلىغان، هۆكۈم سۈرگەن، دەۋرى بىر قەدەر ئۇزۇن بولغان ئوتتۇرا ئەسىردىكى بۈيۈك ئىمپېرىيىنىڭ بىرى هېسابلىنىدۇ. ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى مىلادىيە 330/324 - يىللار (رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈشى) دىن 1453 - يىلى (ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ كونستانتىنپولنى ئىشغال قىلىشى) غىچە سەلتەنەت سۈرگەن. ۋاسىلىيېفنىڭ «ۋىزانتىيە تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە پۈتكۈل ئىمپېرىيە تارىخى 12 سۇلالىگە ئايرىلغان بولۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ جەمئىي 90 دىن ئارتۇق ئىمپېراتور تەختتە ئولتۇرغان. مۇشۇ جەرياندا 20 دىن ئارتۇق پۇل قۇيۇش ئورنى تەسىس قىلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر گەۋدىلىك بولغىنى كونستانتىنپولدىكى پۇل قۇيۇش ئورنى هېسابلىنىدۇ. بۇ پۇل قۇيۇش ئورۇنلىرىدا ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىستىن پۇل قۇيۇلۇپ، ئىمپېرىيە تېررىتورىيىسىدە ئوبوروت ۋاستىسى قىلىنغان ۋە سودا جەريانىدا قوشنا رايونلارغا تارقالغان. رىم شەرقىنىڭ مەهسۇلاتلىرىنى سېتىۋالغاندا بىر قىسمىغا تىللا تۆلەيتتى[54]. تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەردىكى ئالاقىدار مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ۋىزانتىيىنىڭ تىللاسى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشىتىپ ياسالغان پۇللارمۇ تۇرپاندىكى سودىدا ئوبوروت ۋاستىسى قىلىنغان. نۆۋەتتە تۇرپان ئويمانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىشلار جەريانىدا ۋىزانتىيىنىڭ بىر قىسىم تىللالىرى ۋە ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىنىپ ياسالغان پۇللار بايقالدى.

1915 - يىلى شەيىن تۇرپان ئاستانە 1 - رايون 3 -، 5 -، 6 - نومۇرلۇق قەبرىلەردىن بىر دانىدىن ئىمپېراتور جوستىن I دەۋرىدە زەرب قىلىنغان تىللاغا تەقلىد قىلىنىپ ياسالغان ۋىزانتىيە تىللاسىنى تاپقان بولۇپ، دەۋرى 6 - ئەسىرگە مەنسۇپ[55].

1966 — 1969 - يىللاردا تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان قېزىشتا، دەۋرى 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە دەپ قارالغان بىر قەبرىدىكى جەسەتنىڭ ئاغزىدىن بىر دانە ۋىزانتىيە ئالتۇن تىللاسى بايقالغان[56].



تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تىللاسى

1972 — 1973 - يىللىرى تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان قېزىشتا، 188 - نومۇرلۇق قەبرىدىكى جەسەت-

نىڭ ئاغزىدىن بىر دانە ۋىزانتىيە تىللاسى (ئوخشىتىپ ياسالغان پۇل) بايقالغان. بىرگە بايقالغان ۋەسىقىدىكى يىل دەۋرى كەييۈن 9 - يىلى، يەنى مىلادىيە 721 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ[57].

1975 - يىلى قاراخوجا سۇ ئامبىرىنىڭ يېنىدىكى 102 - نومۇرلۇق قەبرىنى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا بىر دانە ۋىزانتىيە تىللاسى بايقالغان. قەبرىنىڭ يىل دەۋرى 8 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن[58]. .

يۇقىرىقى پۇللار بايقالغان قەبرىلەرنىڭ يىل دەۋرى ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ 9 - ئەسىردىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ بۇ دەۋرگىچە جەمئىي 8 خاندانلىق ئۆتكەن. پۇللارنىڭ ئېغىرلىقى 4.7 - 4.5 گرام ئەتراپىدا.

تۇرپاندىن بايقالغان ۋىزانتىيە پۇللىرى گەرچە سان جەھەتتىن چەكلىك بولسىمۇ، ئەمما يىپەك يولى تەتقىقاتىدا مەلۇم قىممەتكە ئىگە.

ئومۇمەن، تۇرپاندىن بايقالغان پۇللار ئاساسەن گرېك — يۇنان پۇل قۇيۇش ئۇسلۇبى سوقۇش ئۇسلۇبى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئەنئەنىۋى پۇل قۇيۇش ئۇسلۇبى (قېلىپتا قۇيۇش ئۇسلۇبى) دا زەرب قىلىنغان بولۇپ، كېلىش مەنبەسى ۋە ئوبوروت قىلىنىش ئالاھىدىلىكى بويىچە مۇنداق ئايرىشقا بولىدۇ.

1. تۇرپاننىڭ ئۆزىدە زەرب ئېتىلىپ ئوبوروت قىلىنغان پۇللار. «قوچو قۇت» يارمىقى ۋە قوچو ئۇيغۇر ئېلىنىڭ يارمىقى بۇ كاتېگورىيىگە مەنسۇپ.

2. بېقىنىش ۋە باشقا ئىقتىسادىي ئالاقە جەريانىدا ئېقىپ كىرگەن پۇللار. بۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ھاكىمىيەتلىرىنىڭ پۇللىرى، قاراخانىيلارنىڭ تەڭگىسى، چاغاتاي خانلىقىنىڭ پۇللىرى، يەكەن خانلىقىنىڭ پۇللىرى، جوڭغارلارنىڭ پۇللىرى، راشىدىن خاننىڭ يارمىقى، ياقۇپبەگنىڭ تەڭگىسى، چىڭ سۇلالىسى يارماقلىرى ۋە مىنگو دەۋرىدە ياسالغان پۇللاردۇر.

3. نوقۇل سودا ئالاقىسى جەريانىدا ئېقىپ كىرگەن پۇللار. بۇلار خوتەن ئات سۈرەتلىك يارمىقى، كۇسەنچە كىچىك يارماق، كۇسەنچە - خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتىكى يارماق، ساسانىيلار ۋە ۋىزانتىيىنىڭ پۇللىرى قاتارلىقلاردۇر.

تۇرپاندا ئوبوروت قىلىنغان پۇللار تۇرپاننىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، يىپەك يولى تارىخى ۋە شىنجاڭ ئىقتىساد تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

---

ئىزاھلار:

① خەنزۇچە سالنامىلەردە 丁零、 勒、铁勒、高车、狄历 قاتارلىقناملار ئۇچرايدۇ.

② «ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 2 - توم «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، 1954 - يىلى تاشكەنت نەشرى، 487 -، 492 -، 497 -، 512 - بەتلەر (ئۇيغۇرچە).

③ «سۇينامە»، 1578 -، 1580 -، 1847 -، 1848 - بەتلەر (خەنزۇچە).

④ «لياڭنامە»، 54 - جىلد، 811 - بەت؛ «جۇنامە»، 50 - جىلد، 914 - بەت (خەنزۇچە).

⑤ زېڭ ۋېن ۋۇ: «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى»، 1936 - يىلى شاڭخەي باسمىخانىسى باسمىسى (خەنزۇچە).

⑥ يۇتيەنخېڭنىڭ: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» دا: «جېنگۇەن 4 - يىلى (630 - يىلى) تاڭ سۇلالىسى شەرقىي تۈركلەرنى يوقاتتى... ئاخىرقى ۋېي سۇلالىسىدىن باشلاپ 9 ئەۋلاد داۋاملىشىپ 144 يىل (ئۇندىن باشقا يەنە 134 يىل، 143 يىل داۋاملاشقان دېگەن قاراشلارمۇ بار، ئىسلامجان شېرىپ تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى، 57 - بەت (ئۇيغۇرچە). تېكىست ۋە ئىزاھاتقا قارالسۇن.

⑦ ۋۇمىڭ: «5 - ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدىكى تۇرپان رايونىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىقتىسادى»، «شىنجاڭ ئىقتىسادىنى ئېچىۋېتىش تارىخى تەتقىقاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىلى (خەنزۇچە).

⑧ لۇشياڭچيەن: «غەربىي ئايماق قوچو خانلىقىنىڭ تۆت يۈز يىللىق پۇل مۇئامىلە مۇناسىۋىتىنىڭ

ئۆزگىرىشىدىن بايان»، «دۇنخۇاڭ، تۇرپان ۋەسىقىلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە»، جېجياڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىلى (خەنزۇچە).

⑨ لىن يۇخۇا: «5 - ئەسىردىن 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان قوچو پۇللىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۈستىدە دەسلەپكى تەتقىقات»، «دۇنخۇاڭ، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ماقالىلەر توپلىمى»، خەنزۇ تىلى لۇغەتچىلىك نەشرىياتى، 1992 - يىلى (خەنزۇچە).

⑩ خۇاڭ ۋېنبى: «تۇرپان ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى»، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى، 1954 - يىلى 4 - ئاي، 48 - 49 - بەت (خەنزۇچە).

⑪ ياڭ ۋېنچىڭ: «قوچو قۇت يارمىقىنى يېغىپ ساقلاش توغرىسىدا تەھلىل»، «شىنجاڭ پۇللىرى» 2003 - يىلى 3 - سان، 57 - بەت (خەنزۇچە).

⑫ دۇشۇشۇ: «خېشى كارىدورىدىن بايقالغان شىنجاڭ پۇللىرى»، «شىنجاڭ پۇللىرى» 1999 - يىلى 2 - سان (خەنزۇچە).

⑬ يۇچىڭ: «يىپەك يولى سودىسىدىكى لوياڭ ۋە قېزىۋېلىنغان يىپەك يولى پۇللىرى توغرىسىدا قىسقىچە ئىزاھات»، «شىنجاڭ پۇللىرى»، 2004 - يىلى 3 - سان (خەنزۇچە).

⑭ «شىنجاڭ پۇللىرى» 1999 - يىلى 2 - سان، 2001 - يىلى 3 - ساندىكى مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەرگە قارالسۇن.

⑮ قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986 - يىلى 6 - ئاي 1 - نەشرى، 110 - 111 - بەتلەر.

⑯ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»، 21 -، 63 - جىلد (خەنزۇچە).

⑰ ياڭ شېڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار»، ئىمىن ئەخمىدى تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى.

⑱ چيەن بوچۈەن: «تاڭ سۇلالىسى يىپەك يولىدىكى پۇل مۇئامىلە ئىقتىسادى»، «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلىسى» مەخسۇس سانى (خەنزۇچە).

⑲ ياڭ ۋېنچىڭ: «تۈركەشلەر پۇلى ئۈستىدە مۇھاكىمە»، «شىنجاڭ پۇللىرى» 2003 - يىلى 4 - سان (خەنزۇچە).

⑳ لىن مېيسۇن: «تۈركەشلەردىن تاڭ دەۋرى مەدەنىيىتىنىڭ غەربكە تارقىلىشىغا نەزەر»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1993 - يىلى 5 - سان (خەنزۇچە).

㉑ جياڭ چىشياڭ: «چاغاتاي خانلىقىنىڭ پۇللىرى»، «شىنجاڭ پۇللىرى» 1996 - يىلى 4 - سان (خەنزۇچە).

㉒ ۋۇفۇخۇەن، ۋېي بىن: «يىپەك يولىدىكى جۇڭگو ۋە چەتئەل پۇللىرى»، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» 2004 - يىل 3 - سان (خەنزۇچە).

㉓ لىيۇزىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» بىرىنچى قىسىم 2 - كىتاب، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 - يىلى، 773 - 776 - بەتلەر.

㉔ ۋېي لياڭتاۋ: «يەركەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، 82 - بەت، ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىلى 1 - ئاي، (ئۇيغۇرچە).

㉕ لىيۇزىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» بىرىنچى قىسىم (2)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 - يىلى، 773 - 776 - بەتلەر.

㉖ مۇيەن: «چىڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭ پۇللىرى»، 25 - بەت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1994 - يىل (خەنزۇچە).

㉗ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ئەمىنىيە»، 197 - بەت.

㉘ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 125 - بەت (خەنزۇچە).

㉙ شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «پىچان ناھىيىسى ياڭخى قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى تازىلاشتىن قىسقىچە دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1989 - يىلى 4 - سان (خەنزۇچە).

㉚ مۇشۇلارغا دائىر قېزىش دوكلاتلىرىغا قارالسۇن.

㉛ ستەيىن: «مەركىزىي ئاسىيا»، قوشۇمچە B قىسمى، 12 - بۆلۈم «ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان پۇللار»، 1927 - يىلى.

㉜ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي: «شىنجاڭ تۇرپان ئاستانە شىمالىي رايون قەبرىستانلىقىنى قېزىشتىن دوكلات»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1960 - يىلى 6 - سان (خەنزۇچە).

㉝ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي: «شىنجاڭ تۇرپان ئاستانە - قاراخوجا قەبرىستانلىقىنى تازىلاش دوكلاتى»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1972 - يىلى 1 - سان (خەنزۇچە).

㉞ ۋاڭ بىڭخۇا: «يارغول جىلغىسىنىڭ غەربى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى 8 - ئاي 1 - نەشرى، 15 - 25 -، 33 - 60 - بەتلەر، (خەنزۇچە).

㉟ ستەيىن: «مەركىزىي ئاسىيا»، قوشۇمچە B قىسمى، 11 - بۆلۈم، 1927 - يىلى.

㊱ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى: «شىنجاڭ تۇرپان ئاستانە شىمالى رايون قەبرىستانلىقى-نى قېزىشتىن دوكلات»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1960 ـ يىلى 6 ـ سان (خەنزۇچە).

㊲ شىنجاڭ مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى: «تۇرپان قاراخوجا قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قېزىشتىن قىسقىچە دوكلات»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1978 ـ يىلى 6 ـ سان (خەنزۇچە).

㊳ شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىملىق ئارخېئولوگىيە خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى: «يارغول قەدىمكى شەھىرى، ئىادەتخانا ۋە يارغول قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قېزىشتىن دوكلات»؛ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1984 ـ يىلى 4 ـ سان (خەنزۇچە).

㊴ تۇرپان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى: «تاڭ دەۋرىدىكى بەشبالىق يانداش تۇتۇقى گوياۋنىڭ قەبرىسىنى قېزىش دوكلاتى»؛ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1985 ـ يىلى 4 ـ سان (خەنزۇچە).

㊵ «شىنجاڭ پۇللىرى» 2004 ـ يىلى 2 ـ سان، 6 ~ 8 ـ بەت (خەنزۇچە)

㊶ ستەيىن: «مەركىزىي ئاسىيا»، قوشۇمچە B قىسمى، 11 ـ بۆلۈم، 1927 ـ يىلى.

㊷ «شىنجاڭ پۇللىرى» 1996 ـ يىلى 4 ـ سان، 24 ـ بەت (خەنزۇچە)

㊸ «شىنجاڭ پۇللىرى» 2002 ـ يىلى 2 ـ سان، 45 ـ بەت (خەنزۇچە).

㊹ «شىنجاڭ پۇللىرى» 2002 ـ يىلى 3 ـ سان، 24 ـ بەت (خەنزۇچە).

㊺ ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، 291 ـ بەت، ئابلەت نۇردۇن، ئېزىز يۈسۈپ تەرجىمى-سى.

㊻ ستەيىن: «مەركىزىي ئاسىيا»، قوشۇمچە B قىسمى، 12 ـ بۆلۈم «ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان پۇللار»، 1927 ـ يىلى.

㊼ شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىملىق ئارخېئولوگىيە خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى: «يارغول قەدىمكى شەھىرى، ئىبادەتخانا ۋە يارغول قەدىمكى قەبرىستانلىقىنى قېزىشتىن دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1984 ـ يىلى 4 ـ سان (خەنزۇچە).

㊽ شيانەي: «جۇڭگودىن بايقالغان پارس ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ تۆمۈر تەڭگىلىرى توغرىسى-دا»، 127 ـ بەت (خەنزۇچە).

㊾ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى: «شىنجاڭ تۇرپان ئاستانە شىمالى رايون قەبرىستانلىقى-نى قېزىشتىن دوكلات»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقى» ژۇرنىلى 1960 ـ يىلى 6 ـ سان، (خەنزۇچە).

㊿ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى: «شىنجاڭ تۇرپان ئاستانە 363 ـ نومۇرلۇق قەبرىنى قېزىشتىن قىسقىچە دوكلات»؛ «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1972 ـ يىلى 2 ـ سان (خەنزۇچە).

(51) جياڭ بوچىن: «دۇنخۇاڭ، تۇرپان تېكىستلىرى ۋە يىپەك يولى»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى، 1994 ـ يىل (خەنزۇچە).

(52) كاڭ ليۇشۇ: «جۇڭگودىن بايقالغان پارس ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ كۈمۈش تەڭگىسى»، «شىن-جاڭ پۇللىرى» 2004 ـ يىل 3 ـ سان (خەنزۇچە).

(53) چيەن بوچۈەن: «كىيۇ جەمەتى قوچو خانلىقى دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن شەرقىي رىم تىللاسى، پارسلارنىڭ تەڭگىسى ۋە بۇيۇملارنىڭ قىممىتىنىڭ ئەھۋالاتى»، «شىنجاڭ پۇللىرى» 1997 ـ يىلى 3 ـ سان (خەنزۇچە).

(54) كېلىمكىت: «قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

(55) كاڭ ليۇشو: «جۇڭگودىن بايقالغان ۋىزانتىيە تىللاسى توغرىسىدا»، «جۇڭگو پۇللىرى»، 2001 ـ يىلى 4 ـ سان (خەنزۇچە).

(56) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى»، 93 ـ بەت (خەنزۇچە).

(57) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى: «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى»، 107 ـ بەت (خەنزۇچە).

(58) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى» «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى»، 118 بەت (خەنزۇچە).

(ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىدە)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ پوچتا كەسپى

ياسىن نۇر

تۇرپان مىلادىيەدىن بىر قانچە ئەسىر ئىلگىرىلا غەربىي يۇرتتىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان. ئۇ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان چوڭ يول بىلەن جەنۇپتىن شىمالغا سوزۇلغان چوڭ يولنىڭ كېسىشكەن نۇقتىسىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد ئالماشتۇرۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

مىلادىيە 848 - يىلى بۆگۈتېكىن ئۇيغۇر ۋە باسمىل قاتارلىق قەبىلىلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ تىبەتلەردىن بەشبالىق، رومچە (ھازىرقى مىچۈەن ناھىيىسى)، قوچو (ھازىرقى تۇرپاندىكى قاراخوجا) قاتارلىق شەھەرلەرنى قايتۇرۇۋالغان ھەمدە قوچو ۋە بەشبالىقنى مەركەز قىلىپ قۇدرەتلىك «قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى»نى قۇرغان. بۇ خانلىق قۇرۇلغاندىن كېيىن ھەرقايسى رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى سودا گۈللەنگەن. سودا ئالاقىسىنىڭ كۈچىيىشى بىلەن بىرگە پوچتا ئىشلىرى راۋاجلانغان.

تۆۋەندە مەن مۇشۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلىرىمنى قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

يىپەك يولىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلارنىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يىراق ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۆزئارا بېرىپ كېلىشتە ئاساسلىقى ئات ئىشلىتىلەتتى، پىيادە مېڭىش ئاز كۆرۈلەتتى. چۈنكى، ئارىلىق ئۇزۇن بولغانلىقى ئۈستىگە تاغلىق رايونلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بۇ سەپەردە تەبىئەت تۇغدۇرغان قىيىنچىلىقتىن سىرت، يەنە قاراقچىلارنىڭ دائىملىق تەھدىتى مەۋجۇت ئىدى. مەسىلەن، دۇنخۇاڭدىكى تام رەسىملىرىدىمۇ بىر سودا كارۋىنىنىڭ تويۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن كۆرۈنۈش بار. سودا كارۋانلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتىكى قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىدىقۇتلىرى شەھەر دەرۋازىسىدىن باشلىنىپ بىر - بىرى بىلەن ئاساسەن كۆرۈنگۈدەك ئارىلىق قالدۇرۇپ ئورغۇنلىغان تىم - تۇرلارنى سالغان. شىنجاڭدىكى قەدىمكى تىم - تۇرلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى يىپەك يولىنىڭ مۇھىم ئاچال - ئۆتكەل، شەھەر ۋە يېزا - بازارلارنى تۇتاشتۇرىدىغان كارۋان يوللىرى بويلىرىغا ياسالغان. ھەرقايسى تۇرلاردا مەخسۇس ئادەم بولغان. تۇرلارنىڭ يېنىغا يەنە ئۆتەڭ، قونالغۇ، ساراي، يەمشخانا، ئاشپۇزۇل قاتارلىقلار سېلىنغان. بۇلار يىپەك يولىدا قاتناپ تۇرىدىغان ئەلچى، سودىگەر، سەيياھ، ھەربىي - مۈلكىي ئەمەلدار… قاتارلىقلارنى ياتاق، تاماق بىلەن تەمىنلەش ۋە ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئۇلارغا يول نىشانلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش، ئۇلاغ ۋە يەم - خەشەك بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ ھەقتە خەنزۇچە تارىخىي ھۆججەتلەردە «تىملارنىڭ ئارىلىقى ئادەتتە 30 چاقىرىم بولسا بولىدۇ، لېكىن 30 چاقىرىم چەكلەنمەيدۇ، ئەڭ مۇھىمى ئۆزئارا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بولۇشى لازىم» دەپ خاتىرىلەنگەن. تاڭ دەۋرىدە غەربىي يۇرتقا كەلگەن شائىر سېلىڭ شىن بۇ جايدىكى تۇرلارنى كۆرۈپ:

ئات چاپتۇرار راباتلار ئارا،
پوچتىكەشلەر ئۇچقۇر يۇلتۇزدەك.
باقساڭ يىراق رابات - تۇرلارغا،

قارىسى كۆرۈنەر تېزىپ قويغاندەك.

دەپ شېئىر يازغان. بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتا ھەرقايسى راباتلاردا مەخسۇس پوچتىكەشلەرنىڭ بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان تىبەتچە قوليازمىلاردىن مىلادىيە 9 ـ ئەسىردىلا تۇرپاندا پوچتا ئارقىلىق ئۇچۇر يەتكۈزۈش تۈزۈمىنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيمىز. قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى يۈەن سۇلالىسىگە قوشۇلغاندىن كېيىن پوچتا ئىشلىرى خېلى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولۇپ، پوچتا يوللىرى ئاساسەن ئۇيغۇرىيەدىن ئۆتەتتى. بۇ يوللار ئۈستىدە كۆپلىگەن بېكەتلەر سېلىنغان ئىدى. ھەربىر بېكەتتە 20 ئادەم تۇراتتى، شۇ چاغدا بۇلار «ئۇلاچىن (پوچتىچى) دەپ ئاتىلاتتى». ئەينى چاغدا ھەربىي پوچتا بېكەتلىرىدىن باشقا، ئادەتتىكى مۈلكىي ئاھالىنىڭ پوچتا بېكەتلىرىمۇ بولغان ھەمدە پوچتا ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغانغا مەخسۇس ئادەم قويغان. مەسىلەن، بۇ ھەقتە «1278 ـ يىلى باساچالى ئىسىملىك بىر ئەمەلدار ئۇيغۇرىيە قەلئەسى بەشبالىق ۋە قارا قوچودىكى ھەربىي پوچتا بېكەتلىرىنى باشقۇرغان. 1285 ـ يىلى بەشبالىق پوچتا بېكىتى قۇرۇلغان، بۇ پوچتا بېكىتىدە دائىم 60 ئات، 25 ئۆكۈز، 25 ئېشەك تەق تۇراتتى، ھەر يىلى 100 كىشىنى تەمىنلەيدىغان يەم ـ خەشەك يىغاتتى، 1500 كۈپ قىمىز ئېلىناتتى» دېگەندەك خاتىرە قالدۇرۇلغان. بىر مۇڭغۇل ئەمەلدارىنىڭ قوچودىن ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىدە بۇ بوستانلىقتىكى شەھەرلەرنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرىغا مۇنداق پەرمان چۈشۈرۈلگەن: «يولۇچىلارنىڭ بېرىپ ـ كېلىشىگە رابات خادىمى سەپلەپ بەرگەندىن سىرت يەنە تۆت پوچتا ئېتى بېرىلسۇن».

ئەينى ۋاقىتتىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن دېھقانلار نۆۋەت بويىچە پوچتا بېكەتلىرىگە دائىم ئات ـ ئۇلاغ ۋە يەم ـ تۇلۇكلەرنى يەتكۈزۈپ بېرەتتى. بۇنىڭدىن باشقا مەخسۇس مۇھىم خەۋەرلەرنى يەتكۈزىدىغان ئاتلىق ئۇلاچىلارنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرىنى ئۆزلىرى خالىغان يەردە ئاھالىنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرىغا ئالماشتۇرۇش ھوقۇقى بار ئىدى. مۇشۇنداق باردى ـ كەلدى ئەمەلدارلارغا ئات ـ ئۇلاغ يەتكۈزۈپ بېرىشتە ئۆزىنىڭ ئات ـ ئۇلاغلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئىشلار دائىم بولاتتى، بۇنداق ۋاقىتتا دېھقانلار مەلۇم مۇددەت ئات ئىشلىتەلمەيتتى. بۇنداق ئېلىپ كېتىش تېرىقچىلىق بەك جىددىي ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالىدىغان ئىشلار بولاتتى، شۇڭا مۇشۇنداق ئىشلار ئاھالىلەر ئۈچۈن بەك ئېغىر كېلەتتى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يۇقىرىقى ماتېرىياللاردىن قوچو ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلىدا خېلى بۇرۇنلا پوچتا ئىشلىرىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى ھەمدە خېلى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

① كلىمكېيت (گېرمانىيە): «قەدىمكى يىپەك يولى مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

② ئالىمجان مەخسۇت، ئابدۇشۈكۈر مەخسۇت: «ئۇيغۇر بىناكارلىق تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

③ ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمە قىلغان «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

(ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى تارىخ كەسپى 2002 ـ يىللىق 7 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

ليۇ يىڭشېڭ

# دەسلەپكى مەزگىلدىكى چاغاتاي خانلىقى

تەرجىمان: يولۋاس راشىدىن

*1. چاغاتاي ۋە تەيزۇڭ خان ئۆگەدەي*

موڭغۇللار باش كۆتۈرۈپ قۇدرەت تاپقان مەزگىللەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىكى بىر مۇھىم مەسىلە غەربىي رايوننى بېسىپ ياتقان چاغاتاي بىلەن چوڭ خاننىڭ مۇناسىۋىتى ۋە غەربىي رايوننىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدىن ئىبارەت.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ «بۈيۈك جىڭشى قامۇسىنىڭ داۋامى» دا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «سۇلالە قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە جازا يۈرۈشى قىلىنغان چاغلاردا بۇ يەردە مۇقىم لەشكەر تۇرمايتتى، تاغ - سۇلىرىنىڭ خەتەرلىك - قولايلىقلىقىغا، ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئىش كۆرۈلەتتى، ئىلگىرىلەش - چېكىنىشنىڭ قارايى يوق ئىدى. ھالا بۈگۈنكى كۈنلۈكتە جاھان تىنجىدى. خاقان قاراقورۇم، يۈننەن، مۇسۇلمانلار ئېلى، ئۇيغۇرىيە، خېشى كارىدورى، لياۋدۇڭ، ياڭجۇلارغا ئوخشاش مۇھىم ئۆتكەللەرگە لەشكەر تۇرغۇزۇشنى بۇيرىدى»①.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يەر ناملىرى ئىچىدىكى «مۇسۇلمانلار ئېلى» ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان يەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەرلەرنى چاغاتاي لەشكەر توختىتىپ ساقلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، «گۇاڭپىڭ جىنشىيەن خان ئابىدىسى» دە مۇنداق پۈتۈلگەن: «شاھزادە لەشكەر تارتىپ غەربىي رايوننى تىنجىتقاندىن كېيىن، خان ۋۇجۇڭ (بورجىنى كۆرسىتىدۇ) دىن تەلىم ئېلىش توغرىسىدا پەرمان بەردى. ۋۇجۇڭ كىشى خەتەرلىك توسقۇنلارنى بۆسۈپ ئۆتكەندىلا، ياخشى يەرلەرنى قولغا كىرگۈزەلەيدۇ، بۇنى ھەرگىزمۇ ئەستىن چىقارماسلىق لازىم، دېدى». چىڭگىزخان شاھزادىگە: «مېنىڭ سىلەرگە ئۆگەتكەنلىرىممۇ مۇشۇنىڭدىن نېرى كەتمەيدۇ»② دېدى. چاغاتاي لەشكەر تۇتۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۇزۇن يىللار ساقلىغانلىقى ئۈچۈن، قۇبلاي تەختكە ئولتۇرغان دەسلەپكى مەزگىللەردە «خان تاغىسى چاغاتاي» دېگەن تەزىيەنامە بېكىتكەن، ئۇنىڭدا مۇنداق مىسرالار بار:

جەڭلەر ئارا سۇردى ياۋلارنى،
لەشكەرلىرى ئاندىن بەھەيۋەت.
تەدبىرى كۆپ، يىراقنى كۆرەر،
ئەلگە قوشقان تۆھپىسى بىھەت.
مەشرىق - مەغرىب دېمەي ھەر جايدا،
دۈشمىنىگە سالدى قىيامەت،
شۆھرىتىدىن داستان پۈتۈلۈپ
نامى ئۇنىڭ يادلىنار ئەبەت.③

يۈەن سۇلالىسى ھەرقايسى خانلار لەشكەر تۇتۇپ چېگرالارنى ساقلاشنى دۆلەت تۈزۈمى قىلىپ بېكىتكەن ئىدى. چاغاتاي ئادەتتىكى چېگرا ساقلىغۇچى خان بولماستىن، ئۇنىڭغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن يەرلەر ئۆزى لەشكەر تارتىپ چېقىپ تىنجىتقان يەرلەر ئىدى. غەربكە ئاتلىنىشتىن ئىلگىرىلا چىڭگىزخان قوشۇن ۋە يايلاقلارنى شاھزادىلەرگە بۆلۈپ بەرگەن ئىدى. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دا چىڭگىزخاننىڭ چاغاتايغا سەككىز مىڭ ئەلنى بۆلۈپ بەرگەنلىكى يېزىلغان. راشىدىن چىڭگىزخاننىڭ چاغاتايغا تۆت مىڭ ئەلنى بۆلۈپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. مىڭ تۈتۈن، يۈز تۈتۈن بويىچە تۈزۈلگەن ئەللەر ئەينى چاغدا قوشۇن دەپ ئاتالغان. راشىدىننىڭ يەنە ئېيتىشىچە، چاغاتايغا تەۋە مىڭ تۈتۈنلەردىن ئىككىسىنىڭ ئېتى مەلۇم بولۇپ، بىرى قاراجار باشچىلىقىدىكى بارلاس مىڭ تۈتۈنى، يەنە بىرى مۆڭكې نويان باشچىلىقىدىكى قوڭغىرات مىڭ تۈتۈنى بولغان④. چارۋىچى مىللەتلەردە چارۋىچىلار ھامان مەلۇم يايلاق بىلەن باغلانغان بولىدۇ. پېرسىيە ئېلخانىلار خاندانلىقىدىن بولغان

ۋاسساپ ئۆزىنىڭ «ۋاسساپ خاتىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە «جاھانكۇشاي» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىتابتا موڭغۇللار ئېلىنىڭ بۆلۈنۈش ئەھۋالى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەنلىكىنى قايتا ـ قايتا تىلغا ئالىدۇ. بۇ كىتاب جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھانكۇشاي» (جاھاننى بويسۇندۇرغۇچىلار تارىخى) دۇر. بۇنىڭدىن مۇسۇلمان مۇئەللىپلەر چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال بۆلۈپ بېرىشى ئۈستىدە توختالغىنىدا، ئاۋۋال جۇۋەينىنىڭ ئەسىرىگە مۇراجىئەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. جۇۋەينىنىڭ ئەسىرىدە خاتىرىلەنگەن چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ كۆلىمى چىڭگىزخان باشتا سۇيۇرغال قىلىپ بەرگەن كۆلەمگە ئوخشىمايدۇ، ئۇ غەرب سەپىرىدىن كېيىنكى چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇنىڭدا چاغاتاينىڭ زېمىنى «ئۇيغۇرىيە چېگرىسىدىن باشلاپ سەمەرقەند ۋە بۇخاراغىچە سوزۇلغان ئىدى» ⑤ دېيىلىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرىيە چاغاتاينىڭ سۇيۇرغالى ئىچىدە ئەمەس، غەربىي رايوندىكى تېرىقچىلىق رايونلىرىمۇ ئۇنىڭ زېمىنى دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. چاغاتاينىڭ ئىلكىدىكى يەرلەر ئۇيغۇرىيەنىڭ چېگرىسىدىن ماۋرائۇننەھر يايلاقلىرىغىچە بولغان جايلاردىن ئىبارەت.

چىڭگىزخان ھايات چېغىدا، چاغاتاينىڭ ئاتىسىغا بويسۇنىدىغانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ چوڭ خان بىلەن مۇناسىۋىتى ئۇنىڭ بىلەن ئاتىسىنىڭ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان بىر تۇغقان ئۇكىسى تەيزۇڭ خان ئۆگەدەي ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ، چىڭگىزخان ھايات چېغىدا ئۆگەدەينى تەخت ۋارىسى قىلىپ بەلگىلەپ بولغان ئىدى. چوڭ خانىش بۆرتەدىن تۇغۇلغان جۇجى، چاغاتاي، ئۆگەدەي ۋە تولۇيلەرنىڭ پەقەت چوڭ ـ كىچىكلىك پەرقىلا بار، يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك ئايرىمىسى يوق. چىڭگىزخان ئۆلگەندە، جۇجىمۇ ئۆلۈپ كەتكەچكە، چاغاتاي شاھزادىلەرنىڭ چوڭى ئىدى. شۇڭا، ئۆگەدەينىڭ تەخت ۋارىسى بولۇشىغا ئۇنىڭ قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشى موڭغۇل دۆلىتىنىڭ بىرلىكىنى ساقلاشتا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۆگەدەينىڭ تەخت ۋارىسى بولۇشى باشتا تولۇينىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. «يوللىغ چۇساي تەزكىرىسى» دە مۇنداق پۈتۈلگەن: «جىچۇ يىلى (1229 ـ يىلى) كۈزدە، تەيزۇڭنىڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلىشى مەسىلىسىدە خان جەمەتىدىكىلەر يىغىلىپ مەسلىھەتتە بىر پىكىرگە كېلەلمىدى. تولۇي تەيزۇڭ خان (ئۆگەدەينى كۆرسىتىدۇ) نىڭ ئۆز ئۇكىسى بولغاچقا، يوللىغ چۇساي ئاتايىتەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— بۇ ئىش خان جەمەتىنىڭ چوڭ ئىشى، بالدۇرراق بېكىتىۋېتىلگىنى دۇرۇس ئىدى، — دېدى. تولۇي:

— بۇ ئىشنى ھازىرچە قويۇپ تۇرۇپ، كېيىنچە بىر تەرەپ قىلساق قانداق بولۇر، — دېۋىدى، يوللىغ چۇساي:

— بۇگۈندىن قالسا، مۇنداق قۇتلۇق كۈن بولماس، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش شۇنداق بېكىتىلدى. ئاندىن كېيىن، يوللىغ چۇساي چاغاتايغا:

— جانابلىرى گەرچە ئاكا بولسىلامۇ، ئورۇن جەھەتتە ۋەزىر بولغاندىكىن، خانغا سالام قىلماقلىرى جائىزدۇر، جانابلىرى سالام قىلسا، قالغانلارنىڭ بويۇنتاۋلىق قىلىشقا ھەددى ئەمەس ئىدى، — دېدى.

چاغاتاي قاتتىق تەسىرلەندى، تەيزۇڭ تەختكە ئولتۇرغاندا، چاغاتاي خان جەمەتىدىكىلەرنى ۋە ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنى باشلاپ خان بارگاھىغا كېلىپ سالام بەردى. قايتىشىدا يوللىغ چۇسايغا:

— جانابلىرى مەملىكەتنىڭ ساداقەتمەن ۋەزىرى ئىكەنلا، — دەپ مەدھىيە ئوقۇدى.

سۇلالىدە جەمەتتىكىلەرنىڭ خانغا سالام قىلىشى شۇنىڭدىن باشلانغان» ⑥.

«يوللىغ چۇساينىڭ قەبرە ئابىدىسى» دىكى: «جىچۇ يىلى تەيزۇڭ خان تەختكە ئولتۇردى، تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمىدا خان جەمەتىدىكى ئاكابىرلارنىڭ ھەممىسى جەم بولۇپ سالام بەجا كەلتۈردى. جەمەت چوڭلىرىنىڭ سالام قىلىشى شۇنىڭدىن باشلانغان» ⑦ دېيىلگەن سۆزلەر مۇشۇنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، چىڭگىزخاننىڭ شاھزادىلىرى ئارىسىغا چوڭ ـ كىچىكلىك مۇناسىۋىتىدىن باشقا، خان ـ ۋەزىرلىك مۇناسىۋىتىمۇ قوشۇلدى. چىڭگىزخان ئۆلگەندىن كېيىن، شاھزادىلەر ئارىسىدا خان ـ ۋەزىرلىك مۇناسىۋىتىنىڭ ئېنىق ئايرىلىشى موڭغۇل دۆلىتىنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى شەكسىز ئىدى. بۇ ھەقتە خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن باشقا، ئىسلام تارىخىي ماتېرىياللىرىدىمۇ خاتىرىلەر بار. «جامىئۇت تاۋارىخ»تا مۇنداق پۈتۈلگەن: «ئۆكىلىرى ئۆگەدەي بىلەن تولۇيغا ئالاھىدە دوستانە ھېسسىياتتا بولغانلىقتىن، ئۇ (چاغاتاينى كۆرسىتىدۇ) ھېچ ئىككىلەنمەيلا ئۆگەدەينى قوللاپ، ئاتىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، كەڭ يايلاقتا ئۇنىڭغا تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمىگە ئۆكىسى تولۇي ۋە باشقا خان جەمەتىدىكىلەر بىلەن بىللە بېرىپ، توققۇز تازىمنى بەجا كەلتۈردى»⑧. چاغاتاي ۋەزىرلىك ماقامىدا تۇرۇپ ئۆكىسى ئۆگەدەيگە سالام قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۆگەدەي تەختكە چىققاندىن كېيىن چاغاتايغا «خان ئاغىسى» دېگەن ئاتاقنى بەرگەن⑨. بۇ ئۆگەدەي ئاكىسىغا ئۆزىنى قوللىغان تۆھپىسى ئۈچۈن ئىنئام قىلغان رەسمىي ئۇتوغات نامى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدىن يۈز يىل كېيىنكى 1329 ـ يىلىغا كەلگەندە، يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى «تەيزۇڭ خان قويدۇرغان خان ئاغىسى دېگەن تەۋەرۈككە مۇندىن كېيىن ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىش» توغرىسىدا پەرمان جاكارلىغان⑩.

چاغاتاينىڭ چىڭگىزخاننىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئۆكىسى ئۆگەدەينىڭ چوڭ خان بولۇشىنى قوللىغانلىقى ۋە خان جەمەتىدىكىلەرنى باشلاپ «توققۇز تازىم»نى بەجا كەلتۈرۈشى ئەمەلىيەتتە ۋاسسال خانلار چوڭ خاننى دۆلەت ئاتىسى دەپ ئىززەت قىلىش، چوڭ خان چېگرا ساقلاۋاتقان ۋاسسال خانلارنى ۋەزىر دەپ قاراشتىن ئىبارەت بىر دەۋرنىڭ تۈزۈمىنى تىكلەپ بەردى. بۇ ھەرىكەت كېيىن غەربىي شىمالدىكى چاغاتاي خانلىقى، ئىلى خانلىقى، قىپچاق خانلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ ۋاسسال خانلىقنىڭ يۈەن سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈچۈن ئاساس ئورناتتى⑪.

چاغاتاينىڭ يۇرتى ۋە قوشۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادا بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شاھزادە سالاھىيىتى بىلەن غەربىي رايوننى ساقلاۋاتقانلىقى، لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەگ ـ بالىغلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقى چوڭ خانغا تەۋە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن چوڭ خان ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەۋەتكەن چوڭ ۋەزىر ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كېلىپ چىقىشى تەبىئىي ئىدى. گەرچە خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار ۋە «جامىئۇت تارىخ»تا چاغاتاينىڭ ئۆگەدەيگە بويسۇنغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، چاغاتاينىڭ غەربىي رايوننى ساقلاپ تۇرغان ۋاقتىنىڭ ئۇزىراپ بېرىشى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۈچىمۇ زورىيىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ چوڭ خاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بېقىندى يەرلىرىنى يۇتۇۋېلىش نىيىتىمۇ كۈنسېرى ئۆسۈپ باردى. «جامىئۇت تاۋارىخ»تا چاغاتاي چوڭ خانغا تەۋە يەرلەرگە غەرەزلىك چېقىلغان بىر ۋەقە خاتىرىلەنگەن: «ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۆگەدەي قاغان دەۋرىدە، چاغاتاي پەرمان جاكارلاپ، ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى بىر نەچچە ئايماقنىڭ مەنسەپدارلىرىنى ئالماشتۇرغان (ئۆگەدەي قاغاننىڭ ماۋرائۇننەھر رايونى يالۋاچنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا پەرمانى بار ئىدى). يالۋاچ بۇ ئىشنى قاغانغا مەلۇم قىلغان، قاغان چاغاتايغا بىر پەرمان يوللاپ، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى سۆككەن ۋە بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى يازمىچە ئېنىق بايان قىلىشنى بۇيرۇغان. چاغاتاي جاۋاب خېتىدە: ‹بۇ ئىشتا مەن ئەقىلسىزلىك قىلىپتىمەن، تولىمۇ باشباشتاقلىق بولۇپتۇ، كۆرسەتكىدەك ھېچقانداق باھانە ـ سەۋەبىمۇ يوق. قاغان يېزىشمىنى تەلەپ قىلغاچقا، يۈرىكىمنى قاپتەك قىلىپ بۇ گەپلەرنى يازدىم›، دېگەن. قاغان ئۆز ـ ئۆزىنى ئەيىبلىگەن بۇ نامىنى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغان ۋە ھېلىقى ئايماقلاردىن بىرىنى چاغاتايغا سۇيۇرغال قىلىپ قوشۇپ بەرگەن»⑫. بۇ ۋەقەدىن ئېنىق بىلىش مۇمكىنكى، ماۋرائۇننەھردىكى

ئايماقلار چولڭ خانغا قاراشلىق بولۇپ، ئوردا
ئەۋەتكەن ئەمەلدار باشقۇراتتى، گەرچە چاغا-
تاي چېگرانى ساقلاۋاتقان باشقا خانلاردىن ئە-
تىۋارلىق بولسىمۇ، ئۇ يەرلەرنىڭ ھاكىمى-
يەت ئىشلىرىغا قول تىقالمايتتى. ئۇنىڭ ئاي-
ماق ئاقساقاللىرىنى ئۆز ئالدىغا ئالماشتۇر-
غانلىقى تايتىن چىقىپ كەتكەنلىك بولۇپ،
ئۆگەدەي ئۇنى ئەيىپلەشكە تامامەن ھەقلىق
ئىدى، شۇ سەۋەبتىن، بۇخارا پۇقرالىرى
ئىسيان كۆتۈرگەندە، يەرلىك مەنسەپدارلار
يالۋاچ بىلەنلا مۇناسىۋەت قىلغان، يالۋاچمۇ
بىۋاسىتە ئۆگەدەيگە مەلۇم قىلغان، چاغاتاينى
بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرمىغان. جۇۋەينىنىڭ
مۇنداق يېزىشى تولىمۇ چۈشىنىشلىك (ئىس-
ياننى باستۇرۇشقا كەلگەن موڭغۇل قوشۇن-
نىڭ ئىچىدە چاغاتاينىڭ قوشۇنى بولۇشىمۇ
مۇمكىن). بىراق، بۇ ھەرىكەت قانداقلا بول-
مىسۇن چاغاتاي بىلەن چولڭ خاننىڭ ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا مەلۇم دە-
رىجىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى چۈشەندۈر-
دۇ، ئۆگەدەي گەرچە چاغاتاينىڭ يولسىز ھە-
رىكىتىنى ئەيىپلىگەن بولسىمۇ، مۇرەسسە
قىلىش يۈزىسىدىن، يەنىلا بىر ئايماقنى ئۇ-
نىڭغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن. شۇ ئىشتىن كې-
يىن، چاغاتاي يالۋاچقا غەزەپلەنگەن. ئۇزاققا
بارماي يالۋاچ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يۆتكەپ
كېتىلگەن.

باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، چىڭ-
گىزخاننىڭ غەرب سەپىرىدىن كېيىن، يال-
ۋاچ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مەسئۇد ماۋرائۇننەھر-
دىكى شەھەرلەرنى باشقۇردى. جۇۋەينىنىڭ
يېزىشىچە، چىڭگىزخان «بۇخارا بىلەن سە-
مەرقەندنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بىر
قېتىم قىرغىن قىلىش ۋە بىر قېتىم بۇلاش
بىلەن بولدى قىلغان، قەتلىئام قىلىش دەر-
جىسىگە بېرىپ يەتمىگەن. بۇ ئىككى شەھەر
ۋە ئۇنىڭغا چېگرىداش رايونلار ئۇلپان تۆلەپ
تەسلىم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا رەھىم
قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن موڭغۇللار قال-
غان - قاتقانلارنىڭ كۆڭلىنى ياساپ خاتىر-
جەم قىلىپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشلىرىغا
كىرىشكەن». «ئاممىنىڭ ئارزۇسى بويىچە،
بۇ ئايماقلار چولڭ ۋەزىر يالۋاچ ۋە ئۇنىڭ
سادىق ئوغلى مەسئۇد بەگنىڭ قولىغا ئۆت-
كەن، ئۇلارنىڭ ئادىل يۇرت سورىشى بىلەن
بۇ يەرلەرنىڭ ئۇرۇش جاراھەتلىرى تېزلا سا-
قايغان». «يالۋاچ ھاشار، چېرىكلىككە مەجبۇ-
رىي ئادەم تۇتۇشنى ۋە ھەرخىل سېلىقلارنى
ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ناھەقچىلىكلەرنى تۈ-
زەتكەن»⑬.

يالۋاچ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە يۆتكەپ
كېتىلگەندىن كېيىن، مەسئۇد ئوتتۇرا ئاسى-
يادىكى بارلىق شەھەرلەرنى باشقۇرۇش مەس-
ئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئالدى. «جامىئۇت
تاۋارىخ»تا مۇنداق خاتىرىلىنىدۇ: «قاغان
پۈتكۈل قىتان يەرلىرىنى مەھمۇت يالۋاچقا
تاپشۇردى، بەشبالىق ۋە قارا قوچو، خوتەن،
قەشقەر، ئالمالىق، قايالىق، سەمەرقەند ۋە
بۇخارادىن ئامۇ دەريا ياقىلىرىغىچە ھەممىسى-
نى يالۋاچنىڭ ئوغلى مەسئۇد بەگنىڭ باشقۇ-
رۇشىدا بولدى؛ خوراساندىن رۇم ۋە دىيار
بەكرگىچە ئەمىر ئارغۇن باشقۇردى. ئۇلار بۇ
ئەللەردىن يىغقان باج - سېلىقلارنى ئۇدۇل-
لۇق قاغاننىڭ غەزىنىسىگە يوللاپ تۇردى»⑭
. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دىكى
يالۋاچنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى، مەسئۇد-
نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى باشقۇرغانلىقى توغرى-
سىدىكى خاتىرىلەر مۇشۇ ئەھۋاللارنى كۆر-
سىتىدۇ.

1241 - يىلى موڭغۇل خانلىقىنىڭ تەي-
زۇڭ خانى ئۆگەدەي ئۆلۈپ، خانلىق ئورنى
بوش قالدى. ئۆگەدەينىڭ چولڭ ئوغلى كۆ-
يۈك غەربكە قىلغان سەپىرىدىن قايتىپ كەل-
مىگەچكە، ئادەت بويىچە ئۇنىڭ خوتۇنى مۆ-
گې خاتۇننىڭ ئوردوسى (چېدىرى) ئالدىغا
ئېلان چاپلىنىپ، ئادەم توپلاشتى. لېكىن
تۆرىگىنە خاتۇن ئۆگەدەينىڭ بىرىنچى چولڭ
ئوغلىنىڭ ئاپىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، «چا-
غاتاي ۋە باشقا ۋاسسال خانلار ۋەسلى ئەۋە-
تىپ، تۆرىگىنە خاتۇن خانلىق ئورنىغا ۋارىس-
لىق قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولغان شاھزادىلەر-
نىڭ ئاپىسى، شۇڭا قۇرۇلتاي چاقىرىلىشتىن
بۇرۇن، ئۇ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا يېتەكچى-
لىك قىلىپ تۇرۇشى كېرەك، لېكىن كونا
ۋەزىرلەر ئورنىدىن قوزغالماسلىقى لازىم،
شۇنداق قىلغاندىلا كونا - يېڭى ياساقلار قا-

نۇن جەھەتتىن ئۆزگەرمەيدۇ دەپ ئىپادە بىلدۈردى»⑮. شۇنىڭ بىلەن تۆرىگىنە خاتۇن ھاكىمىيەتنى ئىگىلىدى. روشەنكى، تۆرىگىنە خاتۇن پەقەت چاغاتاي بۇ ئىشقا ئارىلاشقانلىقى ئۈچۈنلا مۆگې خاتۇننىڭ ئورنىدا ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن.

جۇۋەينى ئۆگەدەي ھايات چېغىدىلا تۆرىگىنە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان، شۇڭا ئۇنىڭ ۋەزىرلەر بىلەن زىددىيىتى بار ئىدى دەپ يازىدۇ. جۇۋەينى مۇنداق دەيدۇ: «قاغان ھايات چېغىدىلا ئۇ (تۆرىگىنە خاتۇن) بىرنەچچە ئوردا ۋەزىرىگە ئۆچمەنلىك ساقلاپ يۈرەتتى، بۇ ئۆچمەنلىك كۆڭلىنى چوڭقۇرلاشتى. ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى قولغا ئالغان ھامان، ئۇنىڭ ئورنى ئۆسۈپ، ھېچكىم ئۇنىڭغا چىش يېرىپ گەپ قىلالمايدىغان بولدى. ئۇ دەرھال ھەرىكەتلىنىش قارارىغا كېلىپ، ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي، پۇرسەتمۇ كۈتۈپ ئولتۇرماي (خۇددى شېئىرنىڭ بىر مىسراسىدا: ‹چاپسان، ۋاقىتتۇر ئۆتكۈر شەمشەر› دېيىلگىنىدەك)، بۇ كىشىلەردىن بىر - بىرلەپ ئۆچ ئېلىپ، دەردىنى چىقاردى. ئۇ قىتان يېرىگە ئادەم ئەۋەتىپ يالۋاچنىمۇ تۇتۇپ كەلدى، ئەمىر جىنخەينى تۇتۇش كويىدىمۇ بولدى». تۆرىگىنەنىڭ كونا ۋەزىرلەرنى يوقاتقان ئىشى ئوتتۇرا ئاسىياغىمۇ تەسىر قىلدى. يالۋاچ تۆرىگىنەنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولغانلىقىن، ئۇنىڭ ئوغلى مەسئۇدمۇ بۇ ئىشقا چېتىلماي قالمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن «ئەمىر مەسئۇد بۇ ۋەزىيەتكە دىققەت قىلىپ، ئۆزىگە قاراشلىق زېمىندا تۇرۇۋېرىشنى ئاقىلانىلىك ئەمەس دەپ ھېسابلاپ، تېزدىن باتۇنىڭ بارگاھىغا بېيئەت قىلىشنى ئەۋزەل كۆردى»⑯. مەسئۇدنىڭ باتۇنىڭ قېشىغا قېچىپ بارغان - بارمىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. كۈيۈك تەختكە ئولتۇرغان قۇرۇلتايدا ئۇ غەربىي رايوننىڭ مەنسەپدارى سۈپىتىدە سەھنىدىن ئورۇن ئالدى. بىراق، مەسئۇد ئاپەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن چوقۇم نۇرغۇن چارە - ئاماللارنى قوللانغان. جۇۋەينى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ۋەھىمە ۋە ئالاقزادىلىك ئىچىدە نۇرغۇن مۇشكۇلات ۋە خەتەرلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاخىر بۇ ئاپەتتىن ئامان قالدى»⑰. تۆرىگىنەنىڭ بۇ ھەرىكىتىنىڭ ئاقىۋەتلىرىدىن بىرى شۇ بولدىكى، موڭغۇل دۆلىتىنىڭ قانۇنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، «ھەرقايسى خانلار ئۆز ئالدىغا بولۇۋالدى، ئېسىلزادىلەر ئۆز ئىچىدىكى بىرىگە بېقىنىپ، ئۆز يېرىدە پەرمان جاكارلاپ، ئۆزى بىلگىنىچە ئىش كۆردى» ئوتتۇرا ئاسىيامۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى.

چاغاتاي تەيزۇخان (چىڭگىزخان) ۋە تەيزۇڭ خان (ئۆگەدەي) دەۋرلىرىدە غەربىي رايوندىكى ئورنى ئەڭ يۇقىرى موڭغۇل خانى ئىدى. چىڭگىزخان ئۇنىڭغا يۇرتنى ياساق بويىچە، يەنى موڭغۇل قانۇنى بويىچە ئىدارە قىلىشنى بۇيرۇغان، غەربىي رايون خەلقى ياساقنىڭ رەھىمسىزلىكىدىن ھەمىشە ئۇنى (چاغاتاينى) ئەيىپلەيتتى. چىڭگىزخاننىڭ تۆت ئوغلىغا ئىش تەقسىم قىلىپ بەرگەنلىكى توغرىسىدا، جۇۋەينى مۇنداق دەيدۇ: «چىڭگىزخاننىڭ چوڭ خوتۇنى تۆت ئوغۇل تۇغدى، ئۇلار ئۆز جېنىنى قولىغا ئېلىپ يۈرۈپ تۆھپە ياراتتى، ئۇلار بەئەينى ئىمپېرىيىنىڭ قىممەتلىك تۆت تۈۋرۈكى، خانلىق تەختىنىڭ تۆت تۈۋرۈكى ئىدى. چىڭگىزخان ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىغا ئالاھىدە بىر ۋەزىپە بەلگىلەپ بەردى. چوڭ ئوغلى جۇجى ئوۋچىلىققا مەسئۇل بولدى. بۇ موڭغۇللاردا مۇھىم ئويۇن بولۇپ، ئۇلار بۇنىڭغا تولىمۇ ئېتىبار بىلەن قارايتتى. ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي ياساق ۋە قانۇننى تۇتتى، ئۇ ھەم ئۇنى يولغا قويۇش، ھەم ياساققا خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالاشقا مەسئۇل بولدى. ئۆگەدەينى (بارلىق زۆرۈر) ئەقىل - پاراسەتنى ئىشقا سېلىپ، چارە - تەدبىر تېپىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى يولغا قويۇشقا مەسئۇل قىلدى. تولۇينى قوشۇن تەشكىللەش ۋە قوماندانلىق قىلىشقا، قوشۇننى قوراللاندۇرۇشقا كۆرسەتتى»⑱. راشىددىن چاغاتاينىڭ ياساق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «چاغاتاي تۈز، قابىلىيەتلىك ۋە كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ھۆكۈمران. ئاتىسى چىڭگىزخان ئەمىرلەرگە: ‹ياساق ۋە ھاكىمىيەت تۇتۇشنى ئۆگەن-

مەكچى بولغانلار چاغاتايدىن ئۆگىنىشى كېرەك، دېگەن» [19]. چاغاتاي پەرمان بويىچە غەربىي رايونغا لەشكەر تارتقانلىقى، يەنە پەرمان بويىچە ياساقتا مەسئۇل بولغانلىقى ئۈچۈن، موڭغۇل خانلىقى زامانىسىدا ئىسلام مەدەنىيىتى رايونلىرىدا موڭغۇللارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ۋە قانۇنلىرىنى زورلۇق بىلەن يولغا قويدى. موڭغۇل ئۆرپ - ئادىتى موڭغۇللارنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن مەزمۇنلىرى مۇسۇلمانلار تۇپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا تۇپتىن ماس كەلمەيتتى ۋە ئۇ يەرلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە تامامەن زىت ئىدى. شۇڭلاشقا، نۇرغۇن مۇسۇلمان ئەدىبلەر چاغاتايىنى ياۋۇز پېرسوناژ قىلىپ تەسۋىرلىگەن.

جۇزجانى مۇنداق يازىدۇ: «لەنەتتىگەردى چاغاتاي موڭغۇل چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى. ئۇ مۇستەبىت، رەھىمسىز، زالىم، يولسىز ۋە ئەسكى ئادەم»، «بارلىق (ئۇ باشقۇرۇۋاتقان) يەرلەردە ھەتتا بىرەر قويىندىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە سويۇشقا يول قويمىغان، شۇنداق قىلىپ قويلارنىڭ ھەممىسى ھارام بولغان» [20]. جۇۋەينى موڭغۇل دۆلىتىنىڭ مەنسەپدارى بولغانلىقتىن، جۇزجانىغا ئوخشاش ئۇنداق نەپرەتلىك سۆزلەرنى قىلالمايدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى يوشۇرمايدۇ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ ياساق ۋە جازاسىدىن قورققان پۇقرالار تولىمۇ تەرتىپلىك ئىدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان زامانلاردا بىرەر يولۇچى ئۇنىڭ قوشۇنىغا يېقىنلاشماقچى بولسا، ھەرقانداق بىر يولدىن قوغدىغۇچى ئەگەشتۈرۈپ كېلىشىگە بولمايتتى. ئۇ: ‹بېشىدا لىق ئالتۇن قاچىلانغان جام كۆتۈرگەن ئاياللارمۇ قورقماي يالغۇز ماڭالايدۇ›، دەپ ماختانغان ئىدى. ئۇ ئىنچىكە تۈزگەن ياساقلار تازىكلار (ئىرانلىقلار) غا ئوخشاش كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا چىدىغۇسىز ئېغىر يۈك ئىدى، مەسىلەن، كىشىلەر مۇسۇلمانلار قائىدىسى بويىچە مال سويالمايتتى، كۈندۈزى ئېقىن سۇدا يۇيۇنالمايتتى ۋە باشقىلار. ئۇ قائىدىگە ئۇيغۇن مال سويۇشنى چەكلەش ياسىقىنى ھەممىلا يەرگە چاپلىغان، شۇنىڭ بىلەن خوراساندا بىر مەزگىل ھېچكىم ئاشكارا قوي سويالمىغان، مۇسۇلمانلار سېسىق گۆش يېيىشكە مەجبۇر بولغان» [21].

موڭغۇللارنىڭ ئادەت قانۇنىدا، ئەتىياز، كۈز ئىككى پەسىلدە كىشىلەر مەيلى كۈندۈزى، مەيلى كېچىسى يۇيۇنۇشقا، ئېرىقتا قول يۇيۇشقا، ئالتۇن - كۈمۈش جامدا سۇ ئىچىشكە بولمايدۇ، يايلاقتا كىر يۇيۇپ يېيىشقا بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. جۇۋەينىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، موڭغۇللار «بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ گۈلدۈرماما ۋە چاقماقنى كۆپەيتىۋېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ... موڭغۇللار چاقماق سوقۇشتىن قورقىدۇ، چاقماق سوقۇۋەتكەنلەرنى جىندەك كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن يىراق قاچىدۇ. موڭغۇل ياساقلىرىدا كىشىلەرنىڭ يۇيۇنۇشىنى چەكلەش مۇشۇ ئادەتنى گەۋدىلەندۈرىدۇ» [22]. مۇسۇلمان ئەدىبلەر ھەمىشە چاغاتايىنى ياساقلارنى ئۆلۈك يولغا قويغۇچى دەپ تەسۋىرلەيدۇ، ئۆگەدەينىڭ ياخشى ھەرىكەتلىرىنى چىرايلىق ئىبارىلەر بىلەن مەدھىيىلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، مۇسۇلمانلار چاغاتايغا ئۆزلىرىنى ئەزگەن موڭغۇل قانۇنلىرىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە قارايدۇ. بۇ موڭغۇل قانۇنلىرى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بارا - بارا كۈچىدىن قالدى.

## 2. چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى

موڭغۇل دۆلىتىدە ئوردا مەنسەپدارلىرى بىلەن ۋاسسال خانلارنىڭ قول ئاستىدىكى ۋەزىرلەر ئوخشىمىغان ئىككى سىستېمىغا مەنسۇپ ئىدى. ئوردا مەنسەپدارلىرىنى چوڭ خان باشقۇراتتى، ۋاسسال خانلارنىڭ ۋەزىرلىرىنى شۇ خانلار ئۆزلىرى تەيىنلەيتتى. جۇۋەينىنىڭ كىتابىدا خاتىرىلەنگەن يالۋاچنىڭ سۆزلىرى بۇ پەرقنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۈرىدۇ. يالۋاچ چاغاتاينىڭ چوڭ خانغا تەۋە بولغان ماۋرائۇننەھردىكى بەزى ئايماقلارنى يۇتۇۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆگەدەيگە مەلۇم قىلغاندا، ئۆگەدەي پەرمان چۈشۈرۈپ چاغاتايىنى ئەيىبلىگەندىن كېيىن، يالۋاچ چاغاتايىنى زىيارەت قىلىپ بېرىپ، قاغىشقا ئۇچرايدۇ. يالۋاچ چاغاتاينىڭ ۋەزىر-

گە:

« مەن چولڭ خاننىڭ ۋەزىرى، چاغاتاي قاغاننىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ مېنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ. لېكىن مەن قاغاننىڭ ئالدىدا سېنىڭ يامان گېپىڭنى قىلسام، ئۇ سېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇشى مۇمكىن. سەن مەن ئۇچۇن بەزى ئىشلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلساڭ قىلدىڭ، بولمىسا مەن قاغانغا سېنى پاش قىلىمەن. ناۋادا بۇ گەپلىرىمنى چاغاتايغا دەپ قويساڭ، قانداقلا قىلغان بىلەن مەن ئېتىراپ قىلمايمەن، ھېچقانداق ئىسپاتقا ئېرىشەلمەيسەن» دەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ۋەزىر بۇ ئىشلارنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىدۇ㉓ .

روشەنكى، يالۋاچ چاغاتاينىڭ كايىشىغا ئۇچراپ دەككە ـ دۈككە بولۇپ، ئوردا مەنسەپدارى بىلەن ۋاسسال خاننىڭ ۋەزىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇن پەرقىدىن پايدىلىنىپ ۋەزىرنى قورقۇتۇپ، ئۇنى چاغاتاينىڭ ئالدىدا ئۆزى ئۈچۈن گەپ قىلدۇرۇپ ئۆزىنى قوغدايدۇ.

مۇبادا يالۋاچنىڭ ئورنى چېگرا ۋەزىرلىرى بىلەن تەڭ بولۇپ، ئوردا ئۈچۈن ئىش بېجىرگەن تەقدىردىمۇ چېگرا ساقلىغۇچى ۋاسسال خاننىڭ ئاغزىغا قارىمىسا بولمايتتى دېيىلسە، ئۇ ھالدا يەنە بىر خىل ئوردا مەنسەپدارلىرى بار ئىدىكى، ئۇلار ۋاسسال خانلاردىن قورقمايتتى، ئىش بولسا ئۇدۇل دەۋېرەتتى، دۇڭ ۋېنيۇڭ ئەنە شۇنداقلارنىڭ بىرى ئىدى. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، «جىيۈەن يىللىرى يۈەن سۇلالىسى قۇرۇلدى، دۇڭ ۋېنيۇڭ تاڭغۇت، جۇڭشىڭ قاتارلىق جايلارنىڭ ۋاقىتلىق كاتاۋۇلى قىلىپ تەيىنلەندى» ، «بۇ چاغدا چىبى تېمۇرخان غەربنى بېسىۋالغان ئىدى، قول ئاستىدىكىلىرى زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ، تەمىنات ـ لازىمەتلىكلەرنى بۇزۇپ چاچتى، جايلار ئۇلارنىڭ چىقىمىنى تەمىنلىيەلمەي قالدى. ۋېنيۇڭ بارگاھىدا ئولتۇرۇپ، بۇ چىقىملارنى ھەممىشە بەلگىلىمىگە سېلىپ چىقاتتى. ھېلىقىلار بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ، تۆھمەت چاپلاپ، ئۇنىڭ ئۇستىدىن خانغا ئەرز سۇندى. خان بۇنىڭدىن دەرغەزەپكە كېلىپ، ۋېنيۇڭنى چاقىرتىپ كەلدى، قول ئاستىدىكىلىرى ئۇنى سوئال ـ سوراققا تارتتى، ئۇلارنىڭ مۇددىئاسىنى بىلىپ بولمايتتى. ۋېنيۇڭ: ‹مەن تەڭرىقۇت تەيىنلىگەن ئەمەلدار، سىلەرنىڭ مېنى سوراق قىلىشقا ھەققىڭلار يوق، گەپ بولسا ماڭا تەڭرىقۇت ئەۋەتكەن خان ئۇستازى دېسۇن› دېدى. خان ۋېنيۇڭدىن ئەھۋال ئىگىلەشكە ئۇستازىنى ئەۋەتتى، ئۇستاز ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خاندانلىقىنىڭ كونا ۋەزىرى بولۇپ، خاننىڭ ئىرادىسىگە ئانچە بوي سۇنۇپ كەتمەيتتى. ۋېنيۇڭ ئۇنىڭغا: ‹مەن خەنزۇ، ھايات ـ ماماتلىق مەن ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس. خان شۇنچە رەھىمدىل ۋە كەڭ قورساق، قېرىنداشلىق مېھرىنى ئەلا بىلىپ، بۇ يىراق چېگرا رايوننى ساقلاۋاتىدۇ. لېكىن، ماڭا نەپرەتلەنگۈچىلەر پۇقرالارنى قالايمىقان بوزەك قىلىپ، ئوردىغا ھاقارەت كەلتۈرۈپ، خاننىڭ نام ـ ئابرويىغا داغ چۈشۈرۈۋاتىدۇ، بۇ ئىشلارغا قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرغىلى بولمايدۇ، دەپ، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلاردىن نەچچە ئۇننى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇستاز بۇنىڭدىن چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، بېرىپ ئەھۋالنى خانغا ئەينەن يەتكۈزدى. خان ۋېنيۇڭنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپ: ‹جانابلىرى بولمىغان بولسىلا، مەن ھېچنېمىنى ئۇقماي قالۇركەنمەن. ئۆزلىرى ئوردىغا شۇنچە ساداقەتمەنلىك كۆرسەتسىلە، مەن جانابلىرىنى ئەيىبلەپ تولىمۇ نالايىق ئىش قىلىپتىمەن، دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن تۆھمەت ـ بەتناملار ئاقمايدىغان بولۇپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرى يۈرۈشۈپ كەتتى» ㉔ . دۇڭ ۋېنيۇڭ بىلەن خان ئۇستازى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يالۋاچ بىلەن ۋەزىر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ماھىيەت جەھەتتىن ئوخشاش.

چاغاتاي خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئەڭ مۇھىم مەنسەپدارلار ۋەزىر، ئامىد ۋە ئەبۇ يۇسۇپ سەككاكىلاردۇر. ۋەزىرنىڭ ھەقىقىي ئىسمى ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس، كىشىلەر ئۇنىڭ خەنزۇ (khitayan) ئىكەنلىكىنىلا بىلىدۇ. ۋەزىر ئۇنىڭ چاغاتاي-

غا ۋەزىر بولغاندىن كېيىنكى سىڭگەن نامى
㉕. ۋەزىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى
تەقدىرى موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى خەنزۇ زىيالىيلارغا سالغان زۇ-
لۇملىرىنى بىر ياقتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بې-
رىدۇ. ئۇ بىر ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولۇپ،
موڭغۇللار قوشۇنىغا ئەسىرگە چۈشكەندىن
كېيىن دەسلەپىدە چاغاتاينىڭ بىر خەنزۇ تې-
ۋىپىغا يۈگۈر - يېتىمچى بولدى. خەنزۇ
تىۋىپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ چاغاتاينىڭ
سەركەردىسى جالايىر قوشۇقىنىڭ پادىچىسى
بولدى. تاسادىپىي بىر پۇرسەتتە قوشۇق ئۇ-
نىڭ ئىقتىدارىنى بايقاپ قالدى ۋە چاغاتايغا
مەلۇم قىلدى. كېيىن چاغاتاي ئۇنى يېنىغا
ئېلىپ بېرىپ، كەينىگە سېلىۋالدى. ئۇزاق
ئۆتمەي، چاغاتاينىڭ ئالدىدا ئۆز قاراشلىرىنى
دادىل ئوتتۇرىغا قويۇپ، بارا - بارا شۆھرەت
تاپتى. ئۆگەدەيمۇ ئۇنىڭ بىلىم - ئىقتىدارى-
نى ئېتىراپ قىلغان ۋە ماختىغان، چاغاتاي-
نىڭ ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىۋاتقىنىنى كۆ-
رۈپ، ۋەزىر دەپ ئاتىغان. راشىددىننىڭ
ئېيتىشىچە، ئۇ پاكار، چىرايىمۇ ئادەتتىكى-
چە، ئەمما ناھايىتى يۈرەكلىك، زېرەك، تا-
لانتلىق ۋە سۆزمەن كىشى ئىكەن. ۋەزىرنىڭ
چاغاتاي ئوردىسىدىكى ئورنى باشقا ۋەزىرلەر-
دىن يۇقىرى بولۇپ، ھېچكىم چاغاتاينىڭ
ئالدىدا ئۇنىڭدەك يۈرەكلىك گەپ قىلالمايدى-
كەن. بىر قېتىم چاغاتاينىڭ خوتۇنى ئۇنىڭ
گېپىنى بۆلۈۋەتكەن ئىكەن، ئۇ ئاۋازىنى بو-
لۇشىغا قويۇۋېتىپ: «سىز دېگەن خوتۇن
كىشى، بۇ ئىش ئۈستىدە گەپ قىلىشقا سىز
ئاجىز كېلىسىز!» دەپ ئەيىپلىگەن. يەنە
بىر قېتىم ۋەزىر چاغاتاينىڭ بىر ئوغلىنىڭ
توقلىنىڭ باشقىلار بىلەن ئىش - پەش تار-
تىشىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، چاغاتاينىڭ ئال-
دىدىن ئۆتكۈزمەيلا ئۇ توقالنى ئۆلۈمگە بۇي-
رۇغان، كېيىن چاغاتاي بۇ ئىشنى سۈرۈش-
تۈرگەندە، ئۇ: «ئالىيلىرىنىڭ قەسرىدىكى
ئاياللار مۇشۇنداق بولمىغۇر ئىشلارنى قىلسا
ۋە ھەرەمدىكى ئايالالرنىڭ نامىنى بۇلغىسا
قانداق بولغىنى؟» دېگەن، چاغاتاي ئۇنىڭ بۇ
ئىشىغا قوشۇلغان.
راشىددىن خاتىرىلىگەن ۋەزىر ھەققىدى-
كى بىر ھېكايە موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ
خەنزۇ ئوقۇمۇشلۇقلىرىنىڭ قابىلىيىتىگە
قانداق ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلىقىنى ئەكس
ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بىر قېتىم ئۆگەدەي چاغا-
تايدىن: «مېنىڭ ۋەزىرىم (جىنخەينى كۆر-
سىتىدۇ) بىلەن سېنىڭ ۋەزىرىڭنىڭ قايسى-
سى ياخشىراق؟» دەپ سورىغاندا، چاغاتاي:
«ئەلۋەتتە جىنخەي ياخشى - دە!» دەپ جا-
ۋاب بەرگەن. بىر قېتىملىق زىياپەتتە ئۆگە-
دەي بىلەن چاغاتاي «بىلىك» دېكلاماتسىيە
قىلغان، ۋەزىر بۇ بىلىكلەرنى يادىغا ئېلىۋې-
لىپ، سىرتقا چىقىپ يازغان، ئۆگەدەي بى-
لەن چاغاتايمۇ يادىدا تۇتۇۋالغان. ئۇلار «بى-
لىك»لەرنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بولۇپ،
ۋەزىرنىڭ يېزىشىنى ئېيتقان، ئۇلار ۋەزىرنى
سىناپ باقماقچى، قانچىلىك توغرا يازالايدى-
غانلىقىغا قاراپ باقماقچى بولغان. ئۇ يېزىپ
بولغاندىن كېيىن، ئۆگەدەي بىلەن چاغاتاي
ئايرىم سۆزلەرنىڭ نېرى - بېرى بولۇپ قال-
غىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ناھايىتى توغرا
يازغانلىقىنى بايقىغان. ئۆگەدەي ۋەزىرنى
جىنخەيدىن قابىلىيەتلىك ئىكەن، دەپ ماخ-
تىغان. قارىغاندا، ئۆگەدەي بىلەن چاغاتاي
يېزىق جەھەتتە ئانچە ياخشى تەربىيىلەنمى-
گەندەك قىلىدۇ. ئۇلار ئۆز مىللىتىنىڭ
ئۇرغۇن رىۋايەت، ھېكمەت، ھەتتا تارىخلى-
رىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك خاتىرىسىگە تا-
يىنىپ ئەستە ساقلايدۇ. ۋەزىردەك شۇنچى-
لىك بىر ئوقۇمۇشلۇق كىشىگە چاغاتاينىڭ
شۇنچە ئېتىبار بىلەن قارىغانلىقىدىن چاغاتاي
خانلىقىدىكى ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ مەدەنى-
يەت جەھەتتە ئىنتايىن قالاق باسقۇچتا ئىكەن-
لىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. چاغاتاينىڭ
سۇيۇرغال يېرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تولى-
مۇ يىراق بولغانلىقتىن، خەنزۇلار ئاز - تولا
ئارتۇقچىلىقى بولمىسا قىلچىمۇ ئېتىۋارغا
سازاۋەر بولالمايدۇ. چاغاتاينىڭ ئوردىسىدى-
كى يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپدارلار ئىچىدە
خەنزۇلارنىڭ كۆپ ئەمەسلىكى ئېنىق.
ۋەزىردەك بىر خەنزۇنىڭ موڭغۇل ئور-
دىسىدا يۇقىرى ئورۇنغا نائىل بولغانلىقىغا
ئۇرغۇن ئاقسۆڭەك ۋە تۆرىلەرنىڭ ھەسەت
قىلغانلىقى شەكسىز، بولۇپمۇ ئۇ ئىشلەپ

تۇرغان مەزگىللەردە چاغاتاينىڭ تۇغقانلىرىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى نۇرغۇن ئاقسۆڭەكلەرنى رەنجىتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ چاغاتاينىڭ ئوردىسىدا تولىمۇ يېتىم ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، ۋەزىر چاغاتايغا: «ئالىيلىرىنى دەپ بارلىق يېقىنلىرىمدىن ئايرىلدىم. ناۋادا ئالىيلىرىدىن كېيىن قالسام، بۇ دۇنيادا ماڭا ھېچكىم ئىچ ئاغرىتمايدۇ،» دەپ ئوچۇق ئېيتقان ئىدى. چاغاتاي ئۆلۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ چاغاتاينى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى دېگەن بەتنام بىلەن ئۆلۈمگە بۇيرۇلدى[26].

«جامىئۇت تاۋارىخ»تىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئامىد ئۇترارلىق كىشى[27] چىڭگىزخان ماۋرا ئۇننەھرنى بويسۇندۇرغاندىن باشلاپ، چاغاتايغا ئەگەشكەن ۋە چاغاتاينىڭ ئاساسىي ۋەزىرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. چىڭگىزخان خارەزىم شاھىنىڭ ئىككى قىزىنى چاغاتايغا ئىنئام قىلغاندا، چاغاتاي بۇ قىزلاردىن بىرىنى ئامىدقا ھەدىيە قىلغان.

ئامىدنىڭ چاغاتاي دەۋرىدىكى ئاساسىي رەقىبى ئەبۇ يۇسۇپ سەككاكى ئىدى. بۇگۈنكى كۈندە بىز كۆرۈۋاتقان سەككاكىغا دائىر خاتىرىلەرنىڭ ھەممىسى رىۋايەت تۈسىنى ئالغان. خاندەمىرنىڭ ئېيتىشلىرىغا ئاساسلانغاندا، سەككاكى بىلىملىك ئالىم بولغان، ئۇ يازغان كىتابلار ئىچىدىكى «مىغتا ئۇلۇم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) ئەينى چاغدا زور شۆھرەت قازانغان. ئامىد ۋە باشقا مەنسەپدارلارنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن سەككاكى چاغاتاينىڭ نەزىرىگە چۈشكەن، ئۇزاققا قالماي چاغاتاي ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈۋالغان. سەككاكى چوڭقۇر بىلىمى بىلەن چاغاتاينىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولغان، سەككاكىنىڭ چاغاتاي تەرىپىدىن ئەتىۋارلىنىشىغا ئامىد ھەسەت قىلدى. سەككاكى بۇنى سېزىپ، چاغاتايغا: «يۇلتۇز بۇرجلىرىنىڭ بېشارەتلىرىدىن ئايان بولۇشىچە، روشەنكى، ئامىدنىڭ قۇت يۇلتۇزى زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. پېقىر ئۇنىڭ نەسلىكىنىڭ ئالىيلىرىنىڭ سەلتەنەتىگە ئاپەت ئېلىپ كېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن،» دېگەن.

چاغاتاي بۇ گەپكە شۇئان ئىشىنىپ، ئامىدنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلىدى. بىر يىلدىن كېيىن، مەملىكەتنىڭ جەمئىيەت تەرتىپى ۋە مالىيە ئەھۋالى ناچارلىشىپ كەتتى. چاغاتاي ئامىدنى مەنسىپىدىن قالدۇرۇش ئاقىلانە ئىش بولمىغانلىقىنى سېزىپ، سەككاكىغا: «كىشىنىڭ بەختسىزلىكىدىن بېشارەت بەرگۈچى يۇلتۇز بۇرجلىرى ئۆزگەرمەس نەرسە بولمىسا كېرەك، قارىغاندا ئامىدنىڭ قۇت يۇلتۇزى يەنە ئۇستۇنلۇككە ئۆتكەن ئوخشايدۇ،» دېدى.

سەككاكى چاغاتاينىڭ ئامىدنى قايتا ئىشقا قويماقچى بولغىنىنى بىلىپ يېتىپ، ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى، ئامىدنىڭ مەنسىپى ئەسلىگە كەلدى، ئامىد قايتا مەنسەپكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، سەككاكى بىلەن بولغان ئاشكارا - يوشۇرۇن رىقابىتى كۈنسېرى كەسكىنلەشتى، ئۇ ھەتتا سەككاكىنى غەرەزى يامان دەپ ئەيىپلەشكىچە بېرىپ يەتتى. چاغاتاينىڭ سەككاكى ھەققىدىكى گۇمانىمۇ كۈچىيىپ باردى. ئاقىۋەت ئۇ سەككاكىنى زىندانغا تاشلىدى، ئۈچ يىلدىن كېيىن سەككاكى زىنداندا ئۆلدى[28]. سەككاكى بىلەن ئامىدنىڭ كۆرىشى ئىسلام ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئوردىدىكى تالاش - تارتىشتا بىر - بىرىگە ۋاستە تاللىماي قارا چاپلىغانلىقىنى، رەقىبىنى موڭغۇل خوجايىنلىرىنىڭ قولى بىلەن قانداق يوق قىلدىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مۇنداق كۆرەش ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچىدىكى مەزھەپ تالاش - تارتىشى بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ئاما بىلەن موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ. موڭغۇللارغا تىز پۈككەن ئىسلام ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئوردىدىكى ئورنى يەنىلا تۇراقسىز ئىدى، ئۇلار موڭغۇل خوجايىنلىرىنىڭ ئالدىدا سەل - پەل سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسىلا بېشى كېتىش خەۋپى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى خەنزۇ ۋەزىرگە ئوخشاش موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدىكى كۆرەشنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن ئىدى، چاغاتاينىڭ تىۋىپى مەجىدىدىن ئەنە شۇنداقلارنىڭ بىرى ئىدى.

چاغاتاينىڭ ئاساسىي سەركەردىلىرىدىن
بىزنىڭ هازىرغىچە كۆپرەك بىلىدىغىنىمىز
پەقەت بارلاس قەبىلىسىدىن بولغان ئاقسۆ-
ڭەك قاراجاردۇر. خاندەمىرنىڭ خاتىرىلىگە-
نىگە ئاساسلانغاندا، «ئۇ (چىڭگىزخاننى
كۆرسىتىدۇ) ئۆلۈش ئالدىدا، سوقۇ جىقىن
(Sughujijin) نىڭ ئوغلى ئەمىر تېمۇر كورا-
گاننىڭ بەشىنچى بوۋىسى، بارلاس ئۇرۇقى-
دىن بولغان ئېرداماجى (Airdamaji) نىڭ
ئوغلى قاراجار (Qarachar) نويانىنى چاغاتاي
ئۇلۇسىنىڭ باش ۋەزىرى قىلىپ بېكىتكەن
ئىدى»، چىڭگىزخان ئۆلگەندىن كېيىن،
«چاغاتاي هوقۇقىنىڭ سىپى بولغان لەشكەرنى
ۋە رەئىيەتنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى قاراجارغا
تۇتقۇزدى»㉙. دوسسون مۇنداق دەيدۇ:
«مەشھۇر تېمۇر ئۆلگەندىن كېيىنكى مۇسۇل-
مان تارىخچىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ بە-
شىنچى بوۋىسى قاراجار چاغاتاينىڭ لەشكىرى-
گە قوماندانلىق قىلىپ، بۇ خاننىڭ تولۇق
ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن، ئوردىدىمۇ يۇقىرى
ئىناۋەت قازانغان. هالبۇكى، يا جۇۋەينى،
يا راشىددىن قاراجارنى تىلغا ئالمايدۇ. ئۇلار
چاغاتاي هۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى تەسىرى
بار نۇرغۇن شەخسلەرنى تىلغا ئالىدۇ، مەسى-
لەن، مەسئۇد، هەبەش ئامىد قاتارلىقلار»㉚
. دوسسوننىڭ جۇۋەينى، راشىددىننىڭ كى-
تابلىرىدىن پايدىلىنىپ كېيىنرەك يېزىلغان
ئىسلام تارىخ كىتابلىرىنى دەلىللەش ئۇسۇلى
ئەلۋەتتە توغرا، بىراق ئۇ شۇنىڭغا سەل قارى-
غانكى، راشىددىن «جامىئۇت تاۋارىخ»تا قا-
راجارنى تىلغا ئالغان. بىز چىڭگىزخاننىڭ
ئوغۇللىرىغا سۇيۇرغال بۆلگەنلىكنى تىلغا
ئالغاندا، «جامىئۇت تاۋارىخ. چىڭگىزخان-
نىڭ تەرجىمىھالى»دىن نەقىل ئېلىپ، چا-
غاتايغا بۆلۈنگەن تۆت مىڭ تۈتۈننىڭ بىرىن-
چىسى بارلاس قاراجارنىڭ مىڭ تۈتۈنى ئى-
كەنلىكىنى ئېيتقان ئىدۇق، راشىددىن «چا-
غاتاينىڭ تەرجىمىھالى»دىمۇ بۇ نۇقتىنى تىل-
غا ئالىدۇ.

خاندەمىرنىڭ 1238 ـ يىلى بۇخارادا
تارابى رەھبەرلىكىدە قوزغالغان ئىسيان توغ-
رىسىدا يېزىشىچە، چاغاتاينىڭ قوشۇنىمۇ بۇ
ئىسياننى باستۇرۇشقا قاتناشقان، تارابى ئۆل-
گەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككى ئۇكىسى
ئىسيانچى قوشۇنغا داۋاملىق رەھبەرلىك قىل-
غان. «بۇ چاغدا، بۇ خەۋەر ئەمىر قاراجارغا
يەتتى. ئۇ ئىككى ئەزىمەت نويانىنى ئىسياننى
باستۇرۇشقا ئەۋەتتى. چۈنكى، ئۇ كۈچلۈك
بىر قوشۇنغا قوماندانلىق قىلاتتى، تارابى ئۆ-
لۈپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، بۇ ئىككى قومان-
دان بوخاراغا يېتىپ كەلدى. تارابىنىڭ ئىك-
كى ئۇكىسىمۇ موڭغۇللارغا روبىرو سەپ تۈ-
زۈپ جەڭگە تەييار تۇردى. بىر قېتىملىق
رەھىمسىز جەڭ باشلاندى، ئىككى تەرەپتىن
20 مىڭغا يېقىن كىشى ئۆلدى، تارابىنىڭ
ئۇكىلىرىمۇ شېھىت بولدى. ئۇنىڭ ئادەملى-
رى پىتىراپ كەتتى. موڭغۇللار بۇخاراغا يۈ-
رۈش قىلدى، ئۇلار بۇلاپ، ئوت قويۇپ،
قىرغىنچىلىق قىلماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا،
ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر گۇرۇھ كىشى سوۋغا
ـ سالاملارنى ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇلارغا: ‹بۇ
خاراپ بولغان شەھەرنى قىستىمىغايسىزلەر،
ئەھۋالنى ئەمىر قاراجارغا يەتكۈزۈپ، شۇ
كىشىنىڭ گېپى بويىچە ئىش كۆرگەن بول-
سىڭىزلەر›، دەپ ئۆتۈندى.

ئەمىرلەر ئۇلارنىڭ تەلىپىنى ماقۇل
كۆردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاق كۆڭۈل نويان
(يەنى قاراجار) ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ئەمىرلەر-
گە قوشۇننى قايتۇرۇپ كېتىشنى، بۇخارانى
باستۇرماسلىقنى بۇيرۇدى. قاراجار نويانىنىڭ
ئارىغا كىرىشى بىلەن بۇخارا خەلقى تارابىنىڭ
ھەمشىرىكلىرىنىڭ ئىسياندىن كېلىپ چىق-
قان ئاپەتتىن، موڭغۇللار قوشۇنىنىڭ تەھ-
دىتىدىن ئامان قالدى»㉛. قاراجارنىڭ بۇ-
خارا ئىسيانىنى باستۇرغانلىقى توغرىسىدىكى
بۇ بايانلار باشقا كىتابلاردا يوق، بىراق قارا-
جارنىڭ بۇخارانى ساقلاپ قېلىشقا بۇيرۇق
چۈشۈرگەنلىكى ھەققىدىكى گەپلەر، روشەن-
كى، تېمۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەدىبلىرىنىڭ
تېمۇرنىڭ ئەجدادىنى پەردازلاپ، يالۋاچنىڭ

ئىشلىرىنى قاراجارغا كۆچۈرۈپ توقۇپ چىققان توقۇلمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. چاغاتايغا چىڭگىزخان سۇيۇرغال قىلغان مىلك تۇتۇنلەردىن قاراجاردىن باشقىلىرىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا بىز ئاساسەن دېگۈدەك ھېچنېمە بىلمەيمىز.

*بىرنەچچە يەكۈن*

بۇ ماقالىدە تىلغا ئېلىنغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى چاغاتاي خانلىقى ئاساسەن چاغاتاي دەۋرىنى، يەنى موڭغۇل خانلىقىنىڭ تەيزۇ خانى چىڭگىزخان بىلەن تەيزۇڭ خانى ئۆگەدەيدىن ئىبارەت ئىككى خانلىق دەۋرىدىكى چاغاتاي ئۇلۇسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دەۋردىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە شۇكى، چىڭگىزخاندىن قالغان غايەت زور ئىمپېرىيىگە ئۇنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئۆگەدەي ۋارىسلىق قىلدى. چاغاتاي خان ئاغىسى، ۋاسسال خانلارنىڭ چوڭى سۈپىتىدە ئۆز ئىنىلىرى ۋە قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ ئۆگەدەيگە سالام بەجا كەلتۈرۈپ، موڭغۇل دۆلىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ قالدى.

چاغاتايغا سۇيۇرغال قىلىنغان يەر بىلەن كېيىنكى چاغاتاي خانلىقى باشقا - باشقا گەپ. ئەسلىدە ئۇيغۇرىيەنىڭ چېگرىسىدىن ماۋرائۇننەھرگىچە بولغان يايلاقلارلا چاغاتاينىڭ يېرى ئىدى. ئۇنىڭ چېگرا ساقلىغۇچى ۋاسسال خان ۋە خان ئاغىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ماۋرائۇننەھردىكى چوڭ خانغا قاراشلىق يەرلەرنى يۇتۇۋېلىشقا ئورۇنۇش ھەرىكىتى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بىلەن شىزۇ خان قۇبلاي ئوتتۇرىسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانى تالىشىش كۆرىشىنىڭ دەسلەپكى سىگنالى ئىدى. مۇسۇلمان تارىخچىلارنىڭ چاغاتاينى شۇنچە كۆپ ئەيىپلەشلىرىگە موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ئۇ يەرلەردە موڭغۇللارنىڭ قانۇنىنى كۈچەپ يولغا قويۇپ، خەلققە قاتتىق زۇلۇم سالغانلىقى سەۋەب بولغان. چاغاتاي پەرمان بويىچە ئوتتۇرا ئاسىيانى باستۇرۇپ، يەنە ياساقنى يولغا قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قاغاش ئوبيېكتى بولۇشى تەبىئىي.

چاغاتاينىڭ ۋەزىرلىرى ئاساسەن ئۈچ خىل كىشىلەردىن تەركىب تاپقان، بىر خىلى، ۋەزىرىگە ئوخشاش ئوتتۇرا ئاسىيادىن تۇتۇۋالغان خەنزۇلار بولۇپ، ئۇلار ئوردا ئىشلىرىدا ئانچە مۇھىم ئورۇن ئىگىلىمىگەن؛ يەنە بىر خىلى، ئامىد ۋە يۇسۇپ سەككاكىغا ئوخشاش مۇسۇلمانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ رولى خېلى چوڭ بولغان. چاغاتاي خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشىنى مۇشۇ مۇسۇلمان ۋەزىرلەرنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ؛ ئۈچىنچى خىلى، بارلاس قەبىلىسىدىن قاراجار، قوڭغىرات قەبىلىسىدىن مۆگې ۋە جالايىر قەبىلىسىدىن قوشۇق قاتارلىق موڭغۇللار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنى ئەڭ يۇقىرى بولغان، لەشكىرىي ھوقۇقنى تۇتقان . كۆپىنچىسى يايلاقلاردا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، نەسەبىي ۋەزىر - نەسەبىي تۆرىلەر بولۇپ شەكىللەنگەن.

چاغاتاي خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئەھۋاللار خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرىدا كامدىن كام خاتىرىلەنگەن، مۇسۇلمان تارىخ ماتېرىياللىرىدا بەزى خاتىرىلەر بولسىمۇ، زور كۈچ سەرپ قىلىپ باشقا ئەسەرلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. پېقىر بىلگەنلىرىمنىڭ ئازلىقىغا باقماي، ئادەتتە تارىخىي ماتېرىياللاردا كۆرگەنلىرىمنى تاقا - تۇقا بايان قىلىپ باقتىم، كەسپداشلارنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

---

**ئىزاھلار:**

① «سۇلالە پۈتۈكلىرى» 41 - جىلد، 4 قىسىملىق توپلام 457 - بەت.

② يەن فۇ: «خەلىپەت بەگ گۇاڭپىڭ جىنشيەن خان ئابىدىسى»، «سۇلالە پۈتۈكلىرى» 23 ـ جىلد، 4 قىسىملىق توپلام 228 ـ بەت.

③ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 69 ـ جىلد «مۇراسىم نەغمىلىرى» 1718 ـ بەت.

④ «جامىئۇت تاۋارىخ»، رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسى 1 ـ توم 2 ـ قىسىم، 1952 ـ يىلى، موسكۋا، لېنىنگراد، 275 ـ بەت. «قاراجار» دېگەن ئىسىم رۇسچە تەرجىمىسىنىڭ تاشكەنت كۆچۈرمە نۇسخىسىدا قارالجارا «Карл I жара» لوندون كۆچۈرمە نۇسخىسى، لېنىنگراد سالتىكوۋ ـ شىددىن ئاممىۋى كۇتۇپخانىسى كۆچۈرمە نۇسخىسى، تېھران كۆچۈرمە نۇسخىسى، پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسى كۆچۈرمە نۇسخىسى ۋە بېرىزىنىنىڭ كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىدەقاراجار «kar I жap» دەپ يېزىلغان، كېيىنكىسى توغرا بولۇشى كېرەك.

⑤ جۇۋەينى كىتابلىرىنىڭ پارسچە باسما نۇسخىسىنىڭ 1 ـ توم 31 ـ بېتىگە قاراڭ. بۇ نەقىل ئالىبىنىڭ «13 ـ ئەسىردىكى يۈەن سۇلالىسى ۋە تۇرپان ئۇيغۇرلىرى» غا كىرگۈزۈلگەن« جۇڭگو ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى»، كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1938 ـ يىل نەشرىنىڭ 249 ـ بېتىدىن ئېلىندى. توماس ئالسېنىنىڭ (39) ئىزاھتا كۆرسىتىشىچە، پوئىرېت ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغان «تارىخى جاھانكۇشاي» نىڭ 42 — 43 ـ بەتلىرىگە مۇناسىپ تەرجىمىسىدە «hudud» (ھۇدۇد، يەنى چېگرا) دېگەن سۆز تەرجىمە قىلىنمىغان. ئۇ يەنە (40) ئىزاھتا، غەزۋىنىنىڭ كىتابىدىكى «ئۇ (چاغاتاي) ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ قوشۇنىنىڭ بارگاھى سەمەرقەندتىن تاكى بەشبالىقنىڭ چېگرىسىغىچە (kanar) سوزۇلغان ئىدى» دېگەن، يەنە بىر ئابزاس (1 ـ توم 226 ـ بەت) سۆزنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىدە «kanar» (كانارا، يەنى چېگرا) دېگەن سۆزمۇ تەرجىمە قىلىنمىغان، دەيدۇ. لېكىن، بارتولد «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە» دە جۇۋەينىنىڭ بۇ بىر ئابزاس سۆزىنى نەقىل ئالغاندا، چېگرا دېگەن مەنىنى تەرجىمە قىلغان (رۇسچە تولۇق توپلام، 1968 ـ يىلى بېرلىن نەشرى، 181 ـ بەتكە قاراڭ).

⑥ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 146 ـ جىلد 3457 ـ بەت.

⑦ سۇڭ زىجېن: «ھۇدەيچى يوللىغ چۇساينىڭ قەبرە ئابىدىسى»، «سۇلالە پۈتۈكلىرى» 57 ـ جىلد 633 ـ بەت.

⑧ «جامىئۇت تاۋارىخ» 2 ـ توم رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسى 95 ـ بەت، ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى، 147 ـ بەت.

⑨ «يۇڭلې بۈيۈك قامۇسى» 10889 ـ جىلد، «يۇڭگۇ قەبرە ئابىدىسى». جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى فاكسىمىل نۇسخىسى، 101 ـ قىسىم.

⑩ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 139 ـ جىلد «نايمانتاي تەزكىرىسى».

⑪ «جامىئۇت تاۋارىخ» تا شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ھېكايە سۆزلىنىدۇ، بۇ ھېكايە چاغاتاي گەرچە خان ئاغىسى بولسىمۇ، ئۆز ئۆكىسى ئۆگەدەيگە نىسبەتەن قاتتىق خاقان ـ ۋەزىرلىك قائىدىسىنى ساقلاپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ: بىر كۈنى ئات سوۋۇتۇپ يۈرۈپ، چاغاتاي شىركەيىپلىكتە ئۆگەدەيگە ئات چاپتۇرۇشۇپ باقايلى دەيدۇ. ئىككىيلەن ئات چاپتۇرۇشىدۇ، نەتىجىدە چاغاتاي ئازغىنە ئۈستۈنلۈك بىلەن يېڭىۋالىدۇ. شۇ ئاخشىمى ئۇ بارگاھىدا ئولتۇرغاندا، بۇ ئىش يادىغا يېتىدۇ ـ دە، مەن قاغان بىلەن بەسلەشسەم ۋە ئۇنى يېڭىۋالسام قانداق بولىدۇ! بۇ ئەدەپ ـ قائىدىدىن چىقىپ كەتكەنلىك ئەمەسمۇ؟ مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن ھەممىمىز يولسىزلىشىپ كەتمەك، چوڭ ئاپەت بولمامدۇ؟ دەپ ئويلاپ، تاڭ يورىماي تۇرۇپلا، ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا تونۇگۈن ئۆزى گۇناھ سادىر قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بىللە ئۆگەدەينىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆزىگە جازا تەلەپ قىلىشىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك ئۆگەدەينىڭ بارگاھىنىڭ ئالدىغا ئادەتتىكىدىن بالدۇرراق توپلىنىدۇ. ئۆگەدەي قاغان بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ بارگاھىغا خالىغانچە كىرىشكە بولمايتتى، چاغاتايمۇ بىرىپلا كىرىپ كېتەلمەيتتى. گېزەكچى ئۆگەدەيگە چاغاتاينىڭ بىر تۈركۈم ئادەملەرنى باشلاپ كەلگەنلىكىنى يەتكۈزىدۇ. ئۆگەدەي گەرچە چاغاتايغا ئىشەنسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ نېمە ئىشقا كەلگەنلىكىنى بىلەلمەي، دەككە ـ دۈككىگە چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋەزىرنى سوراپ بېقىش ئۈچۈن چىقىرىدۇ. چاغاتاي ئۆزى ۋە باشقا خان جەمەتىدىكىلەر قورۇلتايدا قەسەم بېرىپ ۋە قولىدىن تىلخەت بېرىپ ئۆگەدەينى قاغان دەپ تونۇغانلىقىنى، خان جەمەتىدىكىلەر مۇشۇ قائىدە بويىچە

ئىش كۆرۈشى كېرەكلىكى، ئۇنىڭغا مۇخالىپ ئىش قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۆزىنىڭ تۇنۇگۈن قاغان بىلەن ئات چاپتۇرۇشۇپ ئۇتتۇشماق ئويناشقا ھوقۇقى يوقلۇقىنى، ھازىر گۇناھىنى بوينىغا ئېلىپ جازا تەلەپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىندۇ ھەم، «ئۇرامدۇ، چاپامدۇ، ئۆزى بىر نېمە دېسۇن» دەيدۇ. ئۆگەدەي بۇ گەپنى ئاڭلاپ خىجىللىق ھېس قىلىدۇ ۋە ئادەم چىقىرىپ، چاغاتاي خان ئاغىسى، مۇنداق ئۇششاق ئىشلارنى كۆڭلىگە كەلتۈرمىگەي، دەپ گەپ ئېيتىپ بېرىدۇ. ھەر ئىككىسى ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، ئاخىر ئۇلار كېلىشىم تۈزىدۇ. كېلىشىم بويىچە قاغان چاغاتاينىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىدىغان، چاغاتاي 9 تۇياق ئات تاپشۇرىدىغان بولىدۇ. «جامىئۇت تاۋارىخ»تىكى بۇ بايانلار ئۆگەدەي چوڭ خانلىق ئورنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، چاغاتاي ئۆز ئۇكىسىغا ۋەزىرلىك ماقامىدا تۇرۇپ ئىززەت ـ ئېكرامنى تولۇق بەجا كەلتۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ نۇقتا بىزنىڭ تۆۋەندىكى پاكىتلارنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ («جامىئۇت تاۋارىخ»نىڭ 2 ـ توم رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ 95 ـ بېتىنىڭ ئاخىرىغا، ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ 147 ـ بېتىنىڭ ئاخىرىغا قاراڭ).

⑫ «جامىئۇت تاۋارىخ» 2 ـ توم رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسى 102 ـ بەت، ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى 156 ـ بەت.

⑬ «تارىخى جاھانكۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى 96 — 97 ـ بەتلەر، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى 114 ـ بەت.

⑭ «جامىئۇت تاۋارىخ» 2 ـ توم رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسى، 94 ـ بەت. بەشبالىغ بىلەن قاراقوچو ئۇيغۇر ئىدىقۇتىنىڭ زېمىنى، قايالىق ۋە ئالمالىق ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قارلۇقلارنىڭ ئىككى تارمىقىنىڭ ماكانى، بۇ يەرلەرنىڭ ئاقساقاللىرى چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلغان. ناھايىتى ئېنىقكى، موڭغۇل خاقانلىرى بۇ يەرلەرگە ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇرىدىغان ۋەزىرلىرى ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق قىلغان. دىيار بەكىر ھازىر تۈركىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، دىيار بەكىر ئۆلكىسى (ئۆلكە مەركىزى دىيار بەكىر) ھازىرغىچە مۇشۇ ئىسمىنى قوللىنىۋاتىدۇ.

⑮ «تارىخى جاھانكۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى 240 ـ بەت، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى 282 ـ بەت. مۆگې خاتۇن توغرىسىدا جۇۋەينى «ئۇ موڭغۇللارنىڭ ئادىتى بويىچە ئاتىسى چىڭگىزخاندىن ئۇنىڭغا (يەنى ئۆگەدەيگە) قالغان» دەيدۇ. يەنى ئۇ (ئۆگەدەي) «ئاتىسى ئۆلسە خوتۇنى بالىسىغا قېلىش»تىن ئىبارەت كونا ئادەت بويىچە چىڭگىزخاننىڭ خوتۇنىغا ۋارىسلىق قىلغان. مۆگې خاتۇننىڭ ئېتى «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 106 ـ جىلد «توقال خانىشلار تىزىملىكى»دىكى چىڭگىزخاننىڭ خوتۇنلىرى ئىچىدە يوق.

تۆرىگىنە نەيماجىن خانىشتۇر. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. توقال خانىشلار تىزىملىكى»گە ئاساسلانغاندا، ئۆگەدەينىڭ رەسمىي خانىشى بوراقچىن خانىشتۇر. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى»دا بوراقچىن خانىشتىن كېيىن «تۆرىگىنە 6 ـ خانىش» دەپ يېزىلغان (ئۇنىڭدىن كېيىنكى 5 ـ ئورۇندا «تۇراكىنا 6 ـ خانىش» تەكرارلىنىدۇ)، «جامىئۇت تاۋارىخ»تىمۇ ئۇ ئىككىنچى خوتۇنى دېيىلگەن.

«تارىخى جاھانكۇشاي»دىكى ئۆگەدەي ئۆلگەندىن كېيىن تۈزۈلمە بويىچە مۆگې خاتۇننىڭ ئوردىسى ئالدىغا ئېلان چاپلانغانلىقى ھەققىدىكى گەپلەر دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. 12 — 13 ـ ئەسىرلەردە موڭغۇل ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى خېلى يۇقىرى ئىدى. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» (70 ـ، 71 ـ، 72 ـ، 73 ـ پاراگرافلار)دا خاتىرىلىنىشىچە، چىڭگىزخاننىڭ بوۋىسى ئامباغاي خان ئۆلگەندە، نەزىر ئىشلىرىغا ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى ئۆرباي بىلەن سوقاتاي رىياسەتچىلىك قىلغان، كېيىن بۇ ئىككىسى يەنە چىڭگىزخاننىڭ ئاپىسىنى تاشلاپ كېتىشنى قارار قىلغان. يەسۈگەينىڭ ئۇرۇقىدىكىلەر چىڭگىزخاننىڭ ئاپىسىنى تاشلاپ كەتكەندە يەسۈگەينىڭ تول خوتۇنى ئۆلۈن ئۈجىن ئاتلىنىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ يېرىمىنى قايتۇرۇپ كەلگەن. بۇ ۋەقە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» قاتارلىق كىتابلاردىمۇ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كۈيۈك ئۆلگەندە ئوغلى، قايمىش خانىشلار تۈزۈلمە بويىچە مەملىكەت ئىشلىرىنى باشقۇرغان. چاغاتاينىڭ نەۋرىسى قاراھۇلاكۇخان ئۆلگەندە توقال خانىش ئۆلۈغوناي ئۆلۈۋسىنىڭ ئىشلىرىنى ئۇزۇن ۋاقىت بىر تەرەپ قىلغان. گالۇنى باتۇنىڭ ئاكىسى ئوردونايانىڭ ئوردىسى ئۈستىدە توختالغاندىمۇ «ئوردو ئۇنىڭ (ئوردوناياننى كۆرسىتىدۇ) شۇ يەرلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بىر خوتۇنىغا تەۋە بولدى. تاتارلارنىڭ ئادىتىدىمۇ شۇنداق، (خان ياكى ئاقسۆڭەكلەر ئۆلگەندىن كېيىن) ئۇلارنىڭ ئوردىسى پارچىلانمايدۇ، ھامان ئۇلارغا

ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بىر ئايال بەلگىلىنىدۇ» دەيدۇ («گالۇننىڭ كۈيۈكخانىنى زىيارەت قىلىشى»، 5 ـ بەت).

⑯ «تارىخى جاھانكۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى 241 ـ ، 243 ـ بەتلەر، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى 283 ـ، 284 ـ بەتلەر.

⑮ «تارىخى جاھانكۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى 597 ـ بەت، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى 700 ـ بەت. جۇۋەينىنىڭ بۇ بىر ئابزاس سۆزى موڭغۇللار مەسئۇدنى بەشبالىغ ۋاقىتلىق دىۋان ۋازارىتىنىڭ ۋازىرى قىلىپ تەيىنلىگەن ئىشنىڭ ئاخىرىغا ئۇلانغان. بۇ يەردە سۆزلەنگەن مەسئۇدنىڭ جاپالىق كەچۈرمىشلىرى مەسئۇدنىڭ ئاپەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش جەريانىدا چەككەن رىيازەتلىرى ئىكەنلىكى ئېنىق.

⑰ «تارىخى جاھانكۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى 255 ـ بەت، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى 299 ـ بەت.

⑱ «تارىخى جاھانكۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى 40 ـ بەت، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى 44 ـ بەت.

⑲ «جامىئۇت تاۋارىخ» 2 ـ توم رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسى 93 ـ بەت، ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى 145 ـ بەت.

⑳ جۇزجانىنىڭ «ئاسىيا ۋە ھىندىستاندىكى مۇسۇلمان خاندانلىقلارنىڭ ئومۇمىي تارىخى» نىڭ لاۋېرتى تەرجىمە قىلغان ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى، لوندون 1881 ـ يىلى، 1144 ـ، 1146 ـ بەتلەر.

㉑ «تارىخى جاھانكۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى 272 ـ بەت خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى 321 ـ بەت.

㉒ «تارىخى جاھانكۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى 204 ـ، 205 ـ بەتلەر، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى 241 ـ، 242 ـ بەتلەر.

جۇۋەينى شۇنىڭدىن ئۆگەدەيگە مەدھىيە ئوقۇلىدىغان بىر ھېكايىنى بايان قىلىدۇ، ئۇنىڭدا چاغاتاي تىلغا ئېلىنىپ مۇنداق دېيىلىدۇ: «بىر كۈنى قاغان بىلەن چاغاتاي ئىككىيلەن ئوۋدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، چۈشتە بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆستەڭدە يۇيۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. چاغاتاي ئەسلىدىلا ياساقنى ئىجرا قىلىشقا تولىمۇ ھېرىسمەن ھەم ياساقتا سەل ـ پەل تېگىپ قويغانلارغىمۇ قىلچە رەھىم قىلمايدىغان بولغاچقا، بۇ كىشىنىڭ سۇ ئىچىدە تۇرغىنىنى كۆرۈپلا، قويقا چاچلىرى تىك تۇرىدۇ ۋە بۇ كىشىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋەتمەكچى بولىدۇ، لېكىن قاغان: ‹بۈگۈن كەچ بولۇپ قالدى. بىزمۇ ھاردۇق. بۇ كىشىنى ئەتە بىر ياقلىق قىلايلى، ئۇنى سوراقتا تارتىپ، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ياساقنى كۆزگە ئىلمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلايلى›، دەيدۇ. ئۇ يەنە دانىشمەن ھاجىبنى يېنىغا چاقىرىپ، بۇ كىشىگە ئەتىگىچە كۆز ـ قۇلاق بولۇشنى ۋە ئۇنىڭ زادى گۇناھى بار ـ يوقلۇقىنى ئېنىقلاشنى تاپشۇرىدۇ. ئۇ يەنە تۆۋەندۇرماي دانىشمەنگە بىر كۈمۈش بەلىش بېرىپ ئۇنى ئۆستەڭگە تاشلىۋېتىشنى ئېيتىدۇ ۋە ‹ئۇ كىشى ئەتە سوراقتا تارتىلغاندا، مەن بەكمۇ نامرات، بۇ بەلىش مېنىڭ بارلىق بىساتىم ئىدى، شۇ سەۋەبتىن مۇشۇنداق قاراملىق قىلىپ قويدۇم، دېسۇن›، دەيدۇ. ئەتىسى ئۇ كىشى قاغاننىڭ ئالدىدا سوراق قىلىنىدۇ، قاغان سوراق جەريانىنى ئاڭلاپ ئولتۇرىدۇ، ئىشنىڭ ئادىل بولۇشى ئۈچۈن ئۇ كىشىنى ھېلىقى ئۆستەڭ بويىغا ئاپىرىپ، سۇدىن بەلىشنى تاپقۇزۇپتۇ. شۇ چاغدا قاغان: ‹بىزنىڭ ياساق ـ قانۇنلىرىمىزغا چېقىلىشقا كىممۇ پېتىنالىسۇن. كىممۇ ئۇنىڭغا قىلچە خىلاپلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالىسۇن! قارىغاندا، بۇ كىشى شۇنچە يوقسۇل بولغاچقا، بىر بەلىش ئۈچۈن جېنىنى ئايىماپتۇ›، دەپ، بۇ كىشىگە ھېلىقى بىر بەلىشتىن باشقا يەنە 10 بەلىش بېرىشنى بۇيرۇپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئىككىنچى مۇنداق قىلماسلىققا تىلخەت ئاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشى جېنىنى ئامان ساقلاپلا قالماي، تېخى بايلىققا ئېرىشىپتۇ». جۇزجانىنىڭ كىتابىدا مەنىسى مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان باشقا بىر ھېكايە سۆزلىنىدۇ. بۇ ھېكايىدە پېرسىيە پادىشاھىنىڭ رەسمىي تارىخقا كىرگۈزۈلمىگەن ئىشلىرى پۈتۈلگەن تەسىرات ئەدەبىياتىنىڭ قويۇق پۇرىقى بار، ئۇنى بولغان ۋەقە دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئەمما، بىر ھېكايىنىڭ ئوخشاش ۋاقىتتا دېگۈدەك بىرنەچچە تارىخ كىتابلىرىغا پۈتۈلۈشى ئۇنىڭ ئەينى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تارقالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

㉓ «جامىئۇت تاۋارىخ» 2 ـ توم رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسى 102 ـ بەت ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى

156 ـ بەت.

㉔ «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 148 ـ جىلد «دانىشمەن دۇڭ ۋېنيۇڭنىڭ تەزكىرىسى»، 3496 ـ بەت.

㉕ بۇ سۆز ئەرەب ـ پارس تىلىدىكى «ۋەزىر» دېگەن سۆزگە ئوخشىشىدۇ. ۋەزىر تۈرك تىلىغا چەتتىن كىرگەن بولۇپ، سانسكرىتچە «ۋاجرا» (چاقماق ئىلاھى) دىن كېلىپ چىققان. «جامىئۇت تاۋارىخ» 2 ـ توم ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى 154 ـ بەت (43) ئىزاھقا قاراڭ.

㉖ «جامىئۇت تاۋارىخ» 2 ـ توم رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسى 1011 ـ، 1102 ـ بەتلەر، ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى 154 ـ، 156 ـ بەتلەر. چاغاتاي ئۆلگەندىن كېيىن، ئۆلۈمگە بۇيرۇلغانلار يالغۇز بىر ۋەزىرلا ئەمەس. جۇۋەينى مۇنداق يازىدۇ: «بىر تۈرك ۋەزىر بار ئىدى، ئېتى ھۇجىر ئىدى. ئۇنىڭ (چاغاتاينى كۆرسىتىدۇ) ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ھۇجىرنىڭ ھوقۇقى زورايغان ۋە ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرغان، ئۇ چاغاتاينىڭ تېۋىپى مەجىددىن بىلەن ئەپ ئۆتەتتى. بۇ كىشى (تېۋىپنى كۆرسىتىدۇ) بار ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ چاغاتاينىڭ كېسىلىنى داۋالىغان، ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلغان ۋە ئۇنىڭ كېسىلىدىن ئەندىشە قىلغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، چاغاتاي ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چوڭ خوتۇنى يېسۇلۇن پەرمان چۈشۈرۈپ، بۇ ئىككىسىنى بالا ـ چاقىلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى» («تارىخى جاھانكۇشاي» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى 272 ـ بەت، خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى 321 ـ، 322 ـ بەتلەر).

㉗ «جامىئۇت تاۋارىخ» 2 ـ توم رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسى 102 ـ بەت ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى 156 ـ بەت. ئۇنىڭدىن باشقا، جامال قارشى ئامىدنى بۇخارانىڭ يېنىدىكى كارمىنا دېگەن يەردىن دەيدۇ، نەسەۋى «سۇلتان جالالىددىننىڭ تەرجىمىھالى» دا ئۇنى خۇراساندىكى ئۇستۇۋە دېگەن يەردىن دەيدۇ. ئامىدنىڭ تولۇق ئېتى قۇتبىددىن ھەبەش ئامىدمۇلك «موڭغۇللار بېسىپ كىرگەن چاغدىكى تۈركىستان» نىڭ 5 ـ بابىنىڭ قولىيازمىسىدا ھەبەش ئامىد ئىزچىل جەيش ئامىد دېيىلىدۇ، كېيىن بارتولد بۇ ئىسمىنى ھەبەش ئامىد دەپ تۈزەتكەن. «موڭغۇللار بېسىپ كىرگەن چاغدىكى تۈركىستان» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى، 1968 ـ يىل نەشرى، 500 ـ بەتتىكى (44) ئىزاھقا قاراڭ.

㉘ خاندەمىرنىڭ ئەسىرى «تۈركىستان ۋە ماۋرائۇننەھردىكى موڭغۇل خانلىرى تارىخى» نىڭ دېفرېمېرى قىسقارتىپ تەرجىمە قىلغان فرانسۇزچە نۇسخىسى، پارىژ، 1853 ـ يىلى نەشرى، 60 ـ، 63 ـ بەتلەر. سەككاكىنىڭ تولۇق ئېتى سىراجىددىن ئەبۇ ياقۇپ يۈسۈپ ئىبنى ئەبۇ بەكرى ئەلخارەزمى سەككاكى (1160 — 1228 ـيىللار). ئۇنىڭ يازغان ئەسىرى «مىفتا ھۇل ئۇلۇم». خاندەمىرنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئاسترولوگىيە (يۇلتۇزلارنىڭ جايلىشىشىغا قاراپ ئالدىن بىشارەت بېرىش ئىلمى)، سېھىرگەرلىك، كىمياگەرلىك قاتارلىق بىرقانچە تەرەپلەردىن بىلىمى چوڭقۇر كىشى ئىكەن. خاندەمىرنىڭ بايانلىرى مىرخۇۋەندنىڭ سەككاكى ھەققىدىكى تەسۋىرلىرىنى ئاساس قىلىدۇ، ئەمما تىلى ئۇنىڭدىن پاساھەتلىك. مىرخۇۋەندنىڭ ئېيتىشىچە، سەككاكى ئاسترولوگىيە (ئىلمى نۇجۇم)، سېھىرگەرلىك ۋە كىمياگەرلىكنىلا ئەمەس، «بارلىق ئىسلام ۋە يۇنانىستان ئىلىملىرى» نىمۇ تولۇق ئىگىلىگەن ئىكەن. «موڭغۇللار بېسىپ كىرگەن چاغدىكى تۈركىستان» ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى، 1968 ـ يىل نەشرى، 56 ـ بەتكە قاراڭ.

ئەبۇلغازى «شەجەرەئى تۈرۈك» تىمۇ ئامىدنىڭ (بىراق ئامىدنىڭ ئېتىنى تىلغا ئالمايدۇ) سەككاكىغا قارا چاپلىغانلىقى، سەككاكىنىڭ زىنداندا ئۆلۈپ كەتكەنلىك ۋەقەسى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىدۇ. دېمايسون فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلغان «ئەبۇلغازى باھادىرخان: موڭغۇللار ۋە تاتارلار ھەققىدە» 2 ـ توم، 157 ـ بەت.

㉙ خاندەمىرنىڭ فرانسۇزچىغا قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىنغان ئەسىرى، 52 ـ، 53 ـ بەتلەر.

㉚ دوسسوننىڭ «موڭغۇل تارىخى» نىڭ فرانسۇزچە تەرجىمە نۇسخىسى، 2 ـ توم 108 — 109 ـ بەتلەر ۋە ئىزاھلار.

㉛ خاندەمىرنىڭ فرانسۇزچىغا قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىنغان ئەسىرى، 59 — 60 ـ بەتلەر.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1984 ـ يىلدىن 2 ـ ساندىن تەرجىمە قىلىندى)
تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى

ئابلىز ئورخۇن

مەلۇمكى تىل بىر مىللەتنى يەنە بىر
مىللەتتىن پەقلەندۇرۇپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇ-
ھىم بەلگە. كۆپىنچە مىللەتلەر تىللىرى ئۆز
ئىچىدىن يەنە نۇرغۇن دىئالېكت ۋە شېۋىلەر-
گە ئايرىلسىمۇ يەنىلا بىر يېتەكچى ئەدەبىي
تىل ئارقىلىق بىر ئېتنىك نام ئاستىغا ئۇيۇ-
شۇپ تۇرىدۇ. كۆك تۈرك ۋە ئۇيغۇر مەڭگۈ
تاشلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن تارتىپ قې-
لىپلاشقان ھەمدە مەدەنىيەتلىك تۈركىي
خەلقلەرگە ئورتاق ئەدەبىي تىللىق رولىنى
ئويناپ كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - مەدە-
نىيىتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن تۈركىي تىل
ئوتتۇرا ئاسىيادا تاكى 1924 - يىلىغىچە
مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن شۇنىڭ-
دىن كېيىنكى بىر ئەسىرلىك جەرياننى ھا-
زىرقى زامان ئۇيغۇر، ئۆزبېك مىللەتلىرى-
نىڭ شەكىللىنىش تارىخىدىكى يېڭى سەھىپە
دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

مەزكۇر ماقالىدە ئۇيغۇر نامىنىڭ تا-
رىختا مىللەت نامى سۈپىتىدە ئەمەس بەلكى
تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىكى كۈچلۈك قەبىلە-
ۋى سىياسىي كۈچنىڭ نامى سۈپىتىدە مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرۇش، تارىخ سەھنىسىدىن
يوقىلىش جەريانى؛ 20 - ئەسىرنىڭ باشلى-
رىدا چاررۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز-
لەشتۈرۈش ئېھتىياجى ۋە يېقىنقى زامان
غەرب ئىلمىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ
ئۆزىنى قايتا تونۇش جەريانى، ئۇيغۇرلارنىڭ
تاتار جەدىتچىلىرىنىڭ تەسىرىدە يېڭىچە مائا-
رىپ، يېڭىچە جۇغراپىيىۋى نام ۋە ئېتنىك
ناملارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانى؛ ئۆك-
تەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن يەتتىسۇ ئۇيغۇر-
لىرى باشلاپ بەرگەن يېزىق ئىسلاھاتى ۋە
يېڭى ئەدەبىي تىل يارىتىش ۋە مىللىي مەتبۇ-
ئاتنى بەرپا قىلىش تەسىرى بىلەن ھازىرقى
زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللەنگەنلىكى
نۇقتىلىق سۆزلىنىدۇ.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيغۇرشۇناس-
لىرى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق
تۇرمۇشى ۋە قەبىلىۋى تۇرمۇشتىن قول ئۈ-
زۈپ بىر پۈتۈن سىياسىي گەۋدىگە، يەنى
ئۇيغۇر نامىغا ئۇيۇشۇش جەريانىنى 14 -
ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تولۇق تاماملاندى①
دەپ قارايدۇ. لېكىن، بۇ قاراش مەلۇم را-
يون چەكلىمىلىكىگە ئىگە ئىدى. چۈنكى،
قارا قىتانلارنىڭ قاراخانىيلار خانلىقىنى ۋەي-
ران قىلىشى ۋە موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئا-
سىيانى بويسۇندۇرۇشى بىلەن قاراخانىيلار
دەۋرىدىن باشلانغان قوچو ئۇيغۇر خانلىقى
بىلەن مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى تو-
ساق ئېلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئېتىقاد
بىرلىكى ئەمەلگە ئاشمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە قارا قىتانلار ۋە موڭغۇللارنىڭ ئوتتۇرا
ئاسىياغا قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرى ئەسلى-
دىكى قاراخانىيلار خانلىقى زېمىنىدىكى ئاھا-
لىلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى تېخىمۇ مۇ-
رەككەپلەشتۈرۈۋەتتى.

11 - ئەسىرنىڭ ئۆزىدىلا كاشغەر ۋە
بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار خا-
نلىقىنىڭ قەبىلە ۋە مىللەت تەركىبى ناھايى-
تى مۇرەككەپ ئىدى. بۈيۈك ئالىم مەھمۇت
كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (قىسقار-
تىپ «دىۋان» دېيىلدى) تە شۇ چاغدىكى ئا-
ساسلىق غول تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ 20 ئە-

كەنلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورۇنلىشىش تەرتىپىنى يازمىچە ۋە خەرىتە ئارقىلىق كۆرسىتىدۇ. تۈركلۈك چەك - چېگرىسى ئېنىق ئايرىلغان بۇ 20 قەبىلىنىڭ پەقەت يەتتىسىنىلا ھازىرقى شىنجاڭ دائىرىسىدە (توخسى، ياغما، چىگىللەر ئىلى دەرياسى بويىدا، چارۇقلار مارالبېشى ئەتراپىدا، چومۇللار يارىش تۈزلەڭلىكى ئەتراپىدا، ئۇيغۇرلار كۇچانىڭ شەرقىدىكى بەش شەھەردە، ئارامۇت ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن جايدا) ② كۆرسىتىدۇ. مەھمۇت كاشغەرى رۇم (ئاناتولىيە) دىن تاكى جۇڭگو چېگرىسىغىچە بولغان بارلىق تۈركىي تىللىق قەبىلىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈرك دەپ ئاتىسىمۇ، لېكىن مەھمۇت كاشغەرىنىڭ 11 - ئەسىردىكى مىللەت قارىشىدا تۈرك دېگەن چوڭ ئېتنىك نام ئاستىدا يەنە ئۈچ چوڭ سىياسىي كۈچ (تۈرك، ئوغۇز، ئۇيغۇر) بار ئىدى.

بۇلارنىڭ بىرىنچىسى تۈرك. مەھمۇت كاشغەرى بەزى سۆزلۈكلەرنى ئىزاھلىغاندا، مەسىلەن، «ئازرۇق — باشقا، بۆلەك، ئوغۇزچە، تۈركلەر بۇنى ئازىن دەيدۇ» ③ دېيىش ئارقىلىق تۈركنى ئوغۇزلارغا قارشى قويىدۇ. «دىۋان» دا مۇنداق مىساللار خېلى بار. يەنە بىر جايدا «شۇڭا مەن تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكىرنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن ئاياق كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم» ④ دەيدۇ. بۇ يەردە مەھمۇت كاشغەرى «تۈرك» نى بىرمۇنچە قەبىلىلەر قاتارىدا سانايدۇ. بىراق، «دىۋان» دا «تۈرك» سۆزىنى ئىزاھلىغاندا ئۇنىڭ بىرلىك ھەم كۆپلۈك مەنىلىرىدە كېلىدىغانلىقى، بىرلىك بولغاندا پەقەت نوھنىڭ «تۈرك» ئاتلىق ئوغلىنىلا كۆرسىتىدىغانلىقى، كۆپلۈك بولۇپ كەلگەندە نوھ ئەۋلادلىرىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مەھمۇت كاشغەرىنىڭ نەزەرىدىكى تۈركلەر زادى كىم؟ مەھمۇت كاشغەرى «تۈرك» دېگەندە قەبىلىۋى تۇرمۇشتىن قول ئۈزۈپ، ئولتۇراق تۇرمۇشقا بالدۇر كۆچكەن، خاقانىيە ئۆلكىسىنىڭ مەركىزىدىكى ئەدەبىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقنى كۆرسىتىۋاتامدۇ؟ بۇنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئىككىنچى چوڭ سىياسىي كۈچ ئوغۇزلار. مەھمۇت كاشغەرى دىۋاننى يېزىش سەۋەبى ئۈستىدە توختالغاندا «كىشىلەرنىڭ ئوغۇز تۈركمەنلىرىنى بىلىشكە ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇلارنىڭلا ئۇرۇقلىرىنى، ماللىرىغا باسىدىغان تامغىلىرىنىمۇ كۆرسەتتىم» ⑤ دەيدۇ. «پەيغەمبىرىمىز قىيامەت بەلگىلىرىنى، ئاخىر زامان پىتنىلىرىنى ۋە ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىدىغانلىقىنى سۆزلىگەندە ‹تۈرك تىلىنى ئۆگىنىڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ› دېگەن ئىكەن» ⑥ دەيدۇ. يەنە ئوغۇز سۆزىگە تەبىر بەرگەندە «تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى، ئوغۇزلار تۈركمەنلەردۇر، ئۇلارنىڭ 22 ئۇرۇقى بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللىرىغا باسىدىغان تامغىسى بار. بىرىنچىسى ۋە يېتەكچىسى قىنىق، زامانىمىزنىڭ سۇلتانلىرى شۇلاردىندۇر…» ⑦ دەيدۇ.

ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ ئاقىۋەتتە ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تەركىبىگە كىرگەن قارلۇقلار «دىۋان» دا ئايرىم قەبىلىلەر ئىتتىپاقى سۈپىتىدە ئەمەس بەلكى تۈركمەنلەرنىڭ تەركىبىگە قوشۇۋېتىلىدۇ. ئالايلۇق: «ئابا — ئاپا، ئانا، ئوغۇزچە. قارلۇق

تۈركمەنلىرى بۇ سۆزنى قاتتىق ‹پ›، بىلەن تەلەپپۇز قىلىدۇ»⑧.

«قارلۇق — ئۇلار كۆچمەن تۈركلەرنىڭ بىر گۇرۇھى بولۇپ، ئوغۇزلاردىن باشقىدۇر، ئۇلارمۇ تۈركمەن ھېسابلىنىدۇ»⑨.

تۈركمەن سۆزىگە كەلگەندە «تۈركمەن — بۇلار ئوغۇزلاردۇر… تۈركمەنلەر ئەسلىدە 24 قەبىلىدۇر…»⑩ دەپ، ئوغۇز بىلەن تۈركمەننىڭ ئارىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويىدۇ.

ئۈچىنچى چوڭ سىياسىي كۈچ ئۇيغۇرلار. مەھمۇت كاشغەرى ئۇيغۇر نامىغا كەلگەندە بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرگە قارىغاندا ئالاھىدىرەك تەبىر بېرىدۇ، يەنى باشقا قەبىلىلەرگە ئوخشاش ئاددىيلا «قەبىلە» دەپ تونۇشتۇرماي بەلكى «بىر ئەلنىڭ نامى» دەپ ئىزاھلايدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى «ئەل» سۆزى ئۇيغۇر تىلىدا «دۆلەت، مىللەت» دېگەن ئىككى مەنىنى بېرىدۇ. دېمەك، قوچو ۋە بەشبالىغ قاتارلىق بەش شەھەرنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇرلار دىنىي ئېتىقاد ئايرىمچىلىقى تۈپەيلىدىن قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەلىكىدىكى ئۇيغۇرلاردىن پەرقلەنگەندىن سىرت، قەبىلىۋى تەشكىلاتىمۇ پۈتۈنلەي پەرقلىق ئىدى. مەھمۇت كاشغەرى ئۇيغۇرلاردىكى بىۋاستىتە قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە ئىچكى توققۇز قەبىلىنى سانىمىغان تەقدىردىمۇ تاشقى توققۇز قەبىلە ئىتتىپاقىنى تىلغا ئالغان بولاتتى. «دىۋان»دا پەقەت ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغان باسمىل، ياغما قاتارلىق بىر نەچچە قەبىلىلا تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئورنىمۇ ئۇيغۇر ئېلىنىڭ سىرتىدا كۆرسىتىلگەن. ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، مەھمۇت كاشغەرى «دىۋان»نى يېزىشتا مۇسۇلمان بولغان تۈركلەرنى ئاساس قىلغانلىقى، ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەرنى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - ئايماقلىرى، تاغ - دەريا، يۇرتلىرىنى يېزىشتىن پايدا يوق دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بەرمىگەن.

11 - ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوغۇز تۈركلىرى (تۈركمەن، قارلۇق) نى ئاساس قىلغان قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى تەشكىل قىلغان «ئۇيغۇر ئېلى»دىن ئىبارەت ئىككى ھاكىمىيەت مەۋجۇت ئىدى. قاراخانىيلار خانلىقى ئۆز ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى، يارلىق، پۈتۈك، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى بارلىق مەدەنىيەتلىك تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئولتۇراق تۈركلەر ئارىسىدا ئومۇملاشقان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقىدا يۈرگۈزۈپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئېتىقاد ئايرىمچىلىقى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلارنى قاتتىق يەكلەپ كەلگەن، ھەتتا مۇسۇلمان تۈركلەر ئارىسىدا «ئادەم تاتلاشسا (ئۇيغۇرلاشسا)، قىلىچ داتلاشسا بۇزۇلۇر» دېگەن ماقال تارقالغان. بىراق، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى قەبىلە ئوغۇز قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ تەركىبىدىكى ئەزەلدىن تۈركىي خەلقلەرنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتمىگەن ئادەتتىكى كىچىك بىر قەبىلە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر سىياسىي، قەبىلىۋى كۈچ بولۇپ ئۇيۇشالمىدى. شۇڭا، كېيىنكى مەزگىللەردە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى بارلىق تۈركىي قەبىلە - ئۇرۇقلار ئەتراپتىكى ئەرەب، پارسلار ۋە بۇددىست ئۇيغۇرلاردىن ئۆزلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئېھتىياجى بىلەن تۈرك نامىدا ئاتىلىپ كەلدى. تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئەدەبىي تىل كۆكتۈركلەردىن كېيىن ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى داۋاملاشتۇرۇپ

تاكامۇللاشتۇرغان تىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەرەب، پارس، سوغداقلار نەزەرىدە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تۈركىي تىل دەپلا ئاتىلاتتى. مۇشۇ ئەدەبىي تىلدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان تۈرك زىيالىيلىرىمۇ بۇ تىلنى بەزىدە خاقانىيە تۈركچىسى، كاشغەر تۈركچىسى دەپ ئاتىغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا ئومۇمىيۈزلۈك تۈرك تىلى دەپلا ئاتىدى. بۇددىزىم مۇھىتىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ تىلىنى تۈركچە دەپ ئاتىغاندىن سىرت، بەزىدە ئۇيغۇر تۈركچىسى دەيمۇ ئاتىدى. شۇ سەۋەبلىك پەقەت ئۇيغۇرلار ئىجاد قىلىپ تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا ئومۇملاشتۇرغان ئۇيغۇر يېزىقىنى مەھمۇت كاشغەرى ناھايىتى ئوچۇق قىلىپ تۈرك يېزىقى دەپلا ئاتىغان⑪. دېمەك، شەھەرلەشكەن، مەدەنىيەتكە ئاكتىپ قاتناشقان بارلىق تۈركىي خەلقلەر ئۇيغۇر تىل - يېزىقى ئاساسىدا قېلىپلاشقان ئەدەبىي تىل ئەتراپىغا ئۇيۇشقان بولسىمۇ، بۇ تىل ئۇيغۇر تىلى دەپ ئاتالماي تۈرك تىلى دەپ ئاتالدى. بۇنىڭغا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزىي رايونىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت بۇددىزىم مۇھىتىدا تۇرۇپ قېلىشى سەۋەب بولغانىدى.

14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەسلىدىكى قاراخانىيلار زېمىنىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ نەزەرىدە «بۇددىست، كاپىر» مەنىسىدە چۈشىنىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر نامى قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلاملىشىشى بىلەن ئىستېمالدىن قالدى. بىراق، ئۆزلەرىنىڭ يۈكسەك مەدەنىيىتى، ھاكىمىيەت، يېزىق، پۈتۈك ئىشلىرى بىلەن موڭغۇللارنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىدا، تۆمۈرىيلەر ئوردىسىدا ئۇيغۇر نامىنى داۋاملىق ئىشلىتىش ئىمتىيازىنى ساقلاپ قالدى. چۈنكى بۇددا دىنىنىڭ لاما مەزھىپىدە تۇرۇۋاتقان موڭغۇللار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەرنىڭ دىنىي ئەركىنلىكىنى ھاكىمىيەت ئارقىلىق قوغدىغانىدى. موڭغۇللارنىڭ مەركىزىي ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىدا قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بىر تۈمەن كىشىلىك قوشۇنى تۇرشاۋۇل قوشۇن بولۇپ سەپنىڭ ئالدىدا ماڭغانىدى، بۇ قوشۇنغا قوچو بارچۇق ئارت تېكىننىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلغانىدى⑫. نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيلار چاغاتاي خانلىقى، ئىلخانىيلار خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا جەلپ قىلىنغانىدى. قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىن بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى خارەزىم، ھىرات قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلىشىپ قالدى. كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇلارنىڭ بۇ يەردىكى پائالىيەتلىرى جانلىنىشقا باشلىغان. تۇرپاندىن بارغان بىر قىسىم ئۇيغۇر قوشۇنلىرى مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ قوشۇنى تەركىبىدە تۈركىستان شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلغان⑬. 1312 - يىللىرى ئەتراپىدا ئۆزبېك خاننىڭ تاغىسى توقتاغا خان ئۆلگەندە ئۇيغۇرلاردىن بولغان باجىر توقبۇغا دېگەن كىشى تەختنى تارتىۋالغان. «كېيىن بايالىن قاتارلىقلارنى ئۆزبېك خان ئەلەيھىررەھمەنى ئالدۇرۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار يېتىپ كەلگىچە توقتاغاخان ۋاپات بولدى. باجىر توقبۇغا دېگەن ئۇيغۇر قەۋمىدىن ئىدى، قەۋمى، قەبىلىسى كۈچلۈك ئەل ئىدى ھەمدە خاننىڭ ئاتالىقى ئىدى. كۆڭلى قارا كىشى ئىكەن، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن خان بولدى…»⑭.

17 - ئەسىردە ياشىغان ئاتاقلىق تارىخچى، خىۋە خانى ئوبۇلغازى باھادىرخان (1605 — 1664) «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە ئۆزىنى خانلىق تەختىگە يۆلەپ چىقارغۇچىلارنىڭ ئۇيغۇر نايمانلىرى ئىكەنلىكىنى مەمنۇنىيەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ ھەمدە خۇراسان، سەمەرقەنت، خارەزىم تەرەپلەردە نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەت

قىلغانلىقىنى كۆپ ئورۇندا تىلغا ئالىدۇ.
بولۇپمۇ ئاتىسى ئەرەب مۇھەممەدخانىنىڭ قىب-
شىدا «ئۇيغۇرلاردىن قۇربان ھاجى دېگەن
كىشى بولۇپ، خانىنىڭ ئۇنىڭدىن ئۇلۇغ بې-
گى يوق ئىدى...» ، «قەدىمىي خەلق بۇ زا-
مانىنىڭ خەلقىدىن ياخشى ئىدى» ، «ئۇيغۇر
خەلقىدىن قۇربان ھاجى دېگەننىڭ ئوغلى
قۇلمۇھەممەد مېنىڭ ئاتالىقىم ئىدى» دەيدۇ
[15]. ئوبۇلغازى باھادىرخان باشقا قېرىنداش-
لىرىدىن ھوقۇق تالىشىش جەريانىدا نۇرغۇن
ئۇيغۇر ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن قىر-
غىن قىلىنغان. خارەزىم، خىۋە، ئۈرگەنچ
تەرەپلەردىكى ئۇيغۇرلار 17 ـ ئەسىرنىڭ ئا-
خىرلىرىدا ئايرىم بىر سىياسىي كۈچ سۈپە-
تىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىن قالغان بول-
سىمۇ، لېكىن بۇ رايونلاردا ئۆزلىرىنىڭ
ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئوبۇلغازى با-
ھادىرخانىنىڭ «شەجەرەئىي تۈرك» ناملىق
ئەسىرىنىڭ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خا-
رەزىم ۋىلايىتىنىڭ ئۇيغۇر يېزىسىدا كۆچۈ-
رۈلۈشى بۇنىڭ بىر ئىسپاتى ئىدى[16].

بىراق، تۆمۈرىيلەر ئوردىسىدا 14 ـ
ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىلا ئۇيغۇرلارنىڭ سى-
ياسىي ئورنىغا مۇتلەق خاتىمە بېرىلگەنىدى.
شۇڭا، ئۇيغۇرلار مەدەنىيەت ساھەسىدىلا ئۆز
ئورنىنى ساقلاپ قالغانىدى. ئەلىشىر نەۋائى
تۈرك شېئىرىيىتىنىڭ پېشۋاسى مەۋلانا ئە-
بەيدۇللا لۇتفىنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇستازى
دەپ تەرىپلەيدۇ.

1545 — 1546 ـ يىللار ئارىلىقىدا
يېزىلغان «تارىخىي رەشىدى» دە ئەلىشىر نە-
ۋائىنىڭ نەسەبىنىڭ ئۇيغۇر ياخشىلىرىدىن
ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ. 15 ـ ئەسىردە
يېزىلغان «تارىخىي خانى» ناملىق ئەسەر ئاپ-
تورىنىڭمۇ ئۇيغۇر باخشىلىرىغا مەنسۇپ ئى-
كەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بار. نەۋائىنىڭ
«ۋەخفىنامە» ناملىق ئەسىرىدە تۆمۈرىيلەر
ئوردىسىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئورنى كۆرسە-
تىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئور-
نى بارلاس، ئارلات، تارخان، قىيات، قوڭ-
رات قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئارقىغا تىزىل-
غان. نەۋائى تۆمۈرىيلەر ئوردىسىدا پادىشاھ
ھۈسەيىن بايقارادىن قالسىلا 2 ـ نومۇرلۇق
شەخس بولسىمۇ، لېكىن ئۆز مۆھۈرىنى يۇ-
قىرىقى قەبىلىلەر مۆھۈرىنىڭ ئاستىغا بې-
سىشقا مەجبۇر بولغان. بۇ ئار ـ نومۇسقا
چىدىمىغان نەۋائى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا
بەرگەن ۋە بۇ ۋەقەنى مۆھۈرنى سۇندۇرۇش
ئاتالغۇسى بىلەن ئىپادىلىگەن[17].

دېمەك، 13 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا قارا-
خانىيلار خانلىقىنىڭ، 14 ـ ئەسىرنىڭ ئا-
خىرلىرىدا ئۇلۇغ قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئې-
لىنىڭ گۇمران بولۇشى بىلەن ئۇيغۇرلار
ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدىن ئايرىل-
غان بولسىمۇ، لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيادا تاكى
17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە سىياسىي
جەھەتتە يەنىلا ئۈستۈنلۈك تالىشىپ كەلدى.
شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ ئەسىر مابەينىدە
ئۇيغۇرلار ئايرىم سىياسىي كۈچ بولۇش سالا-
ھىيىتىدىن قالدى.

شىنجاڭدا بولسا قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇر
خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن چاغاتاي ئەۋ-
لادلىرى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى.
ئۇيغۇر نامى شىنجاڭدا مىرزا ھەيدەرنىڭ «تا-
رىخىي رەشىدى» سىدە 16 ـ ئەسىرنىڭ باش-
لىرىدا «سېرىق ئۇيغۇر» نامى بىلەن ئەڭ
ئاخىرقى قېتىم تىلغا ئېلىنىدى. تۇغلۇق تۆ-
مۈرخانىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن تاكى 1514 ـ
يىلى ياركەنت سەئىدىيە خانلىقى قۇرۇلغانغى-
چە بولغان ئىككى ئەسىر ئۇرۇش مالىمانچى-
لىقى ئىچىدە ئۆتتى. ھاكىمىيەت بېشىدا
ئولتۇرغۇچىلارنىڭ نەسەبى بىۋاسىتە چىڭ-
گىزخانغا باغلىنىش يولى بىلەن پادىشاھلار-
نىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئېسىل نەسەبلىك ئىكەنلى-
كى گەۋدىلەندۈرۈلىدىغان بولدى. شۇنىسى
قىزىقكى، موڭغۇللار بىلەن تۈركىي خەلق-

لەرنىڭ زور يۇغۇرۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان ئېتنىك ئۆزگىرىش مەدەنىيەتتىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. چىڭگىزخان نەسلىدىن بولغان بارلىق موڭغۇل پادىشاھلىرىنىڭ نەسەبى ئالدى بىلەن چىڭگىزخانغا تۇتاشتۇرۇلغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئوغۇزخانغا، نوھ ئوغلى تۈرككە تۇتاشتۇرۇلىدىغان بولدى⑱.

16 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مەختۇم ئەزەم ئەۋلادلىرىنىڭ سەئىدىيە خانلىقىغا كېلىپ تەسىر دائىرە تالىشىشى بىلەن يەرلىك خەلقنىڭ مىللىي ئېڭىدا يەنە بىر زور بۇرۇلۇش بولدى. ياركەنت سەئىدىيە خانلىقىنىڭ گۇمران بولۇشى بىلەن شىنجاڭنىڭ دىنىي ۋە سىياسىي سەھنىسىگە ئاتالمىش سەئىد ئەۋلادلىرى چىقتى، ئۇلار يەرلىك خەلقنىڭ دىنىي قىزغىنلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆز نەسەبىنى بىۋاسىتە ئەرەبلەردىن، تەسەۋۋۇپچى ئەۋلىيالاردىن ئىزدەش ۋە ئۆز نەسەبىنى زورلاپ ئەرەب، پارسلارغا باغلاش خاھىشى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتتى. 1864 ـ يىلى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى تىكلىنىپ سەئىد ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى تەسىرىگە زەربە بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ چاغدا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي نامىنى ئاللىقاچان ئۇنۇتقانىدى.

غەربىي رايوننىڭ چىڭ سۇلالىسى تەۋەلىكىگە ئۆتۈشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي ئاسىيا ۋە ئەرەب، پارسلار بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىش پۇرسىتى ئازايدى. شۇ سەۋەبلىك مەدرىسىلەردە ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇشى ۋە بۇ تىللاردا بىۋاسىتە ئەسەر يارىتىش مودىسىمۇ پەسكويغا چۈشتى. شۇڭا، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئەرەب، پارس تىللىرىنى بىلىدىغان زىيالىيلار ئازىيىپ، تۈركىي تىلغا بولغان ئېھتىياج ھەدەپ كۈچەيدى. شىنجاڭدا تۈركىي تىلنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرى 18 — 19 ـ ئەسىرلەردە بارلىققا كەلدى. نۇرغۇن تارىخىي، ئەدەبىي، دىنىي ئەسەرلەر تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىندى، تۈركىي تىلدا نۇرغۇن ئەسەرلەر يارىتىلدى. بۇ دەۋردە تۈركىي تىلدا يارىتىلغان ئەسەرلەر ھەرقانداق دەۋردىكىدىن كۆپ بولدى، بۇنىڭغا يۈزلەپ مىساللارنى كەلتۈرۈش مۇمكىن. ئاڭ ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىمۇ مەلۇم بۇرۇلۇش بولدى. ئەنئەنىۋى ئېقىملاردىن رېئال ئېقىملارغا مۇراجىئەت قىلغان بىلال نازىم، سېيىت مۇھەممەت قاشى، ئابدۇرېھىم نىزارى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەدىبلەر، ئۆز تارىخىغا يېڭىچە نەزەر بىلەن قارىغان موللا مۇسا سايرامى، مۇھەممەت سادىق قەشقەرى قاتارلىق تارىخچىلار يېتىشىپ چىقتى. بۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا رېئال ئېھتىياج تۈپەيلى ئويغانغان ئىستىخىيىلىك بۇرۇلۇش ئىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن سەل كېيىن كىرگەن تاتار جەدىتچىلىرىنىڭ تەسىرىنى ناھايىتى تېزلا ئۆزلەشتۈرۈۋالدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قازىنىشى بىلەن تۈركىستان مۇختارىيىتىدە مىللىي چېگرىلار ئايرىلىپ تۈركىي خەلقلەرگە، جۈملىدىن 1924 ـ يىلى ئۆزبېك نامىنىڭ، 1934 ـ يىلى قازاق نامىنىڭ، 1936 ـ يىلى قىرغىز نامىنىڭ بېرىلىشى بىلەن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت ۋە سىياسىي بىرلىك تۈپتىن بۇزۇلدى. 1921 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرى مەشھۇر سىياسىئون، جامائەت ئەربابى ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تاشكەنتتە ئۇيغۇر نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئۇنى تارانچى، قەشقەرلىك، ئالتەشەھەرلىك، خوتەنلىك، تۇرپانلىق دېگەندەك ناملارنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. ئابدۇللا روزىباقىيېف بۇ نامنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندە

ئەينى چاغدىكى جىددىي سىياسىي ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتقانىدى، يەنى يەتتىسۇ ۋە ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى قېرىنداشلار ئارىسىدا تارانچى، قەشقەرلىك، ئالتەشەھەرلىك دېگەندەك ئېغىر بۆلۈنمىچىلىك مەۋجۇت بولغانلىقى ئۈچۈن، چار پادىشاھنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى بىرلىك سەپ ھاسىل قىلىشقا مۇمكىن بولماي قالغانىدى. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ئۇيغۇر نامى ئۇنتۇلۇپ شۇنچە ئۇزۇن زامانلاردىن كېيىن بۇ نامنى قانداقسىگە قايتا تونۇپ قالدى؟

ئىمپېراتور پېتىرنىڭ كېڭەيمىچىلىكىدىن كېيىن رۇسىيە ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ زېمىنلىرىغا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا، خىۋە، قوقان خانلىقلىرىغا ھەدەپ كېڭەيمىچىلىك قىلىشقا باشلىدى. كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى ئىمپېرىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى قارىمىقىدا جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنى قۇردى. مەزكۇر جەمئىيەت ئەزالىرى كېڭەيش نىشان قىلىنغان رايونلارغا ئىلمىي تەكشۈرۈشكە بېرىپ چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. بۇ ماتېرىياللار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە نۇرغۇن ئارخېئولوگىيە، ئېتنوگرافىيە، مىللەتشۇناسلىق ماتېرىياللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى... شۇڭا، پۈتۈنلەي ھەربىي ئاخبارات ئىگىلەش مەقسىتىدە كەلگەن چوقان ۋەلىخانوفنىڭ ئىلى ۋە ئالتەشەھەر تەرەپتىن توپلىغان ماتېرىياللىرىنىڭ ھايال ئۆتمەيلا ئوتتۇرا ئاسىيانى چۈشىنىش ئىستىكىدە كۆز تىكىپ تۇرغان ئېنگلىز، گېرمانلار تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىشى ۋە غەربتە قاتتىق زىلزىلە قوزغىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى⑲. چوقان ۋەلىخانوف ئىلى ۋە ئالتەشەھەر ئاھالىسىنى بىرەر ئېتنىك نام بىلەن ئاتىمىسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلار ياشىغان جايلارنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى.

خەنزۇ مەنبەلىرىگە پۇختا ئاكىنىف بىچۇرىننىڭ «قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرگە دائىر ماتېرىياللار» ناملىق تۆت توملۇق تەرجىمە ئەسىرىنىڭ نەشر قىلىنىشى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئېتنىك قاتلىمىنى يورۇتۇپ بېرىشتە بىرىنچى قول ماتېرىيال بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭ، دۇنخۇاڭ، موڭغۇلىيەلەردىن زور تۈركۈمدىكى ئۇيغۇرچە مەڭگۈ تاش، يازما ماتېرىياللارنىڭ تېپىلىشى ۋە مالوف، رادلوف، بارتولد، تىخونوف قاتارلىق تۈركولوگلارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئابدۇللا روزىباقىيېفنى قاتتىق سۆيۈندۈرگەنىدى. يۇقىرىقى كىشىلەرنىڭ تۈركولوگىيە ساھەسىدىكى ئىلمىي ئىزدىنىشلىرى ھازىرقى كۈندە پۈتۈنلەي ئىلمىي ئەمگەك سانالسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھمىيىتى چار رۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشىغا ئاساس سالغانلىقىدا ئىدى.

ئۇيغۇر نامى گەرچە 1921 ـ يىلى تاشكەنتتە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ نامنى بىردىنلا ئۇيغۇرلارغا ئومۇملاشتۇرۇش قىيىنغا چۈشتى. چۈنكى، شۇنىڭغىچە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشىغۇچى تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيەت جەھەتتە تۈركىي تىل دېگەن ئورتاق ئەدەبىي تىل بىلەن باغلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا ئېنىق مىللەت ئۇقۇمى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرىدىن يېتىشىپ چىققان تۇنجى مەرىپەتچى نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوف (ئۇيغۇر بالىسى) ئۇيغۇرلاردا تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇر نامىنى ئىشلەتكەن (1911 ـ يىلى) كىشى بولسىمۇ، لېكىن 1914 ـ يىلى ئالتەشەھەرگە قىلغان ساياھىتى جەريانىدا ئالتەشەھەر ئاھالىسىنىڭ مىللىي ئېڭىنى تەكشۈرۈپ قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن، ئەكسىچە ئۇلاردىن «مىللىتىڭىز نېمە؟» دېگەن سوئالغا «مۇسۇلمان،

ئىبراھىم خەلىلئوللانىڭ مىللىتى، چەنتۇ» ⑳ دېگەندەك جاۋابلارغا ئېرىشكەن.

ئەمەلىيەتتە ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ ئىدىيىسىگە تەسىر كۆرسەتكەن تۇنجى كىشىمۇ نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت بولغان. چۈنكى، نەزەر خوجا ئابدۇسەمەت ئورېنبورگدا 1908 ـ يىلىدىن باشلاپ چىقىشقا باشلىغان يېرىم ئايلىق ژۇرنال «شۇرا»دا 1909 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار ھەققىدە ماقالە ئېلان قىلىشقا باشلىغان. ئۇ 1911 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۆزىگە «ئۇيغۇر بالىسى» دەپ تەخەللۇس قويغان بولىسىمۇ، «شۇرا»غا يازغان ماقالىلىرى ئۆزىگە ئەڭ تونۇشلۇق بولغان ئىلى ۋە يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرى ھەققىدە بولغاچقا، ئۇلارنى ئالتەشەھەر ئۇيغۇرلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىزچىل تۈردە تارانچى دەپ ئاتىغان. ھەتتا قومۇل، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىمۇ تارانچى دەپ ھېسابلىغان㉑.

نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ ئۇيغۇر نامىنى قوبۇل قىلىشى تاسادىپىي ئىش ئەمەس. چۈنكى، تاتارلاردا 1905 ـ يىلىدىكى رۇسىيە ئىنقىلابىدىن كېيىن يېڭى تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئېرىشكەن جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ گۈللىنىشى بىلەن 1918 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر جەمئىي 63 خىل گېزىت، 34 خىل ژۇرنال نەشر قىلىنغانىدى ㉒. مانا بۇ گېزىت، ژۇرناللار رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى، بولۇپمۇ تاتار جەدىتچىلىرىنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك پائالىيەت سورۇنى ئىدى. مەتبەئەچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. گېزىت، ژۇرناللاردا دىنىي، ئىجتىمائىي ماقالىلەر بېسىلغاندىن سىرت، تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخ، مەدەنىيىتىگە دائىر تۈرلۈك ماقالىلەر بېسىلىپ چىقتى. زەكى ۋەلىدى توغان قاتارلىق داڭلىق تۈركولوگلارنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە تارىخى ھەققىدىكى ئوچېرلىرى نەزەرخوجا، لاتىپ ئەنسەرى قاتارلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ زېھنىنى ئۇرغۇتتى. دېمەك، تاتار مەتبۇئاتى نەزەر خوجىغا ئوخشاش روھى ئويغاق نۇرغۇن زىيالىيلارنىڭ يېڭى زامان مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىدىغان ئەڭ ياخشى مەكتىپىگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ «شۇرا»، «ۋاقىت»، «تىل يارىش»لاردا ئۆز خەلقىنىڭ ھاياتىدىن خەۋەرلەرنى بەردى. «شۇرا»نىڭ 1910 ـ يىلىدىكى بىر سانىدا ئۇيغۇر بالىسى «ئۇيغۇرلارنىڭ بىردىنبىر كونا ئەسىرى، ئۇلۇغ ئەسەر ‹قۇتادغۇبىلىك›نى ‹شۇرا› سەھىپىلىرىدە چىقىرىپ تۈرك قېرىنداشلارنى خۇشال قىلىشقا بولماسمۇ» دەپ مۇراجىئەت قىلدى. يەنە شۇ ساندا ئۇ «شۇرا» ژۇرنىلىدىن پانتۇسوفنىڭ ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدىكى بىر ئەسىرى ھەققىدە ئوچېر بېرىشنى ئۆتۈنگەن. نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى مەلۇماتى 1910 ـ يىلىدىن سەل بۇرۇن باشلانغان بولسا كېرەك.

بۇلاردىن باشقا «شۇرا» ژۇرنىلى ۋە «ۋاقىت» گېزىتىدە ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئەڭ كۆپ مەلۇمات بەرگەن كىشى ئاتاقلىق تاتار ئالىمى، سەيياھ نوشۇرۋان يائۇشېف بولدى. ئۇنىڭ مەتبۇئات ھاياتى سەل كېيىنرەك، يەنى 1914 ـ يىلدىن كېيىن باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن 1914 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1917 ـ يىلىنىڭ بېشىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىلى ۋادىسى ۋە ئالتەشەھەر ساياھىتىدىن يازغان ماقالىسى ئاز كەم 100 پارچىگە يېتىدۇ. نوشۇرۋان يائۇشېفنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى ئومۇمىي تۈرك تارىخىنى يېزىشقا پايدىلىق قولىيازمىلارنى، جۈملىدىن «تارىخىي رەشىدى»نى تېپىش بولغاچقا، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلار تارىخى ھەققىدە مەلۇمات ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغان. شۇڭا، ئۇ ئىلى ۋە ئالتەشەھەر ئاھالىسىنى بىر-

دەك «ئالتەشەھەر تۈركلىرى، چىنىي تۈركىستان تۈركلىرى» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ ئورتاق تۈرك تىلى، ئورتاق تۈرك مەتبۇئاتى، يېڭىچە مائارىپ يارىتىش غايىسى بارلىق غايىلىرىنىڭ مېغىزى بولغاچقا، تۈركىي خەلقلەرنى ئۇششاق ئېتنىك گۇرۇپپىلار بويىچە ئاتاشنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمىگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۇيغۇر ھاياتىدىن ئېلىنغان شۇنچە كۆپ ماقالىلىرى ئىچىدە ئۇيغۇر ئاتالغۇسى ئاساسەن ئۇچرىمايدۇ.

نوشۇرۋان يائۇشېۋ تارىخىي قولىيازمىلارنى ئىزدەشتە كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئالتەشەھەر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق توپلىغان جەمئىيەت تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى پەۋقۇلئاددە قىممەتلىكتۇر. ئۇنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ھاياتىدىن بەرگەن مەلۇماتلىرى بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ئەينى دەۋر ئۇيغۇر روھىيىتىنى چۈشىنىشتە تېپىلغۇسىز مەنبە بولۇپ تۇرماقتا. چوقان ۋەلىخانوفنىڭ 1857 - يىلىدىكى تەكشۈرۈشىدە ئالتەشەھەر ئاھالىسىنىڭ ئۆزبېكلەرنى «ئەنجانلىق» دەپ ئاتايدىغانلىقى، نوشۇرۋان يائۇشېفنىڭ تەكشۈرۈشىدە ئالتەشەھەرلىكلەرنىڭ «ئەنجانلىق»نى مىللەت نامى سۈپىتىدە چۈشىنىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار شۇ چاغقىچە ئۆزلىرىنى كىچىك دائىرىدە قەشقەرلىك، خوتەنلىك دەپ ئاتىغاندىن سىرت، ئۆزى ياشاۋاتقان رايونلارنى چوڭ دائىرىدە نېمە دەپ ئاتىغان؟

«تارىخىي رەشىدى»، «تارىخىي ھەمىدى» قاتارلىق نوپۇزلۇق ئەسەرلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى جۇغراپىيىلىك چۈشەنچىسىدە ئىككى دەريا ۋادىسىنى مەركەز قىلغان رايونلار تۈركىستان دەپ، شەرقىي چاغاتاي خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلار ئالتەشەھەر، يەتتە شەھەر، موغۇلىستان دەپ، كۇچارنىڭ شەرقىدىكى تۇرپاننى مەركەز قىلغان قەدىمكى قوچو ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ زېمىنى ئۇيغۇرىستان ۋىلايىتى㉓ دەپ ئاتىلغان.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى ئۆز ئىلكىگە ئالغاندىن كېيىن موغۇلىستان نامى ئۇنتۇلۇپ، ئالتەشەھەر، يەتتەشەھەر دېگەن ناملار ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 1759 - يىلدىن كېيىن بۇ جاي شىنجاڭ دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ نام ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدىلا ئىشلىتىلدى. چۈنكى، 1864 - يىلدىن 1878 - يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئالتەشەھەر، يەتتەشەھەر نامىنىڭ ئومۇملىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭ نامىنىڭ ئىزچىل ئىشلىتىلىشىگە ئىمكانىيەت بەرمىگەنىدى. ياپون ئالىمى ئوئىشى شىئىنىچىرۇ نوشۇرۋان يائۇشېفنىڭ ماقالىلىرىگە يەرلىك ئۇيغۇر ئاھالىسى دەرھال ئىنكاس قايتۇرمىغان بولسىمۇ، 1933 - يىلى قەشقەر، خوتەنلەردە يۈز بەرگەن ئىنقىلابلار ۋە ئۇلار ئىشلەتكەن جۇغراپىيىلىك نام ۋە مىللەت ناملىرى يۇقىرىدىكى تاتار جەدىتچىلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ نەتىجىسى، دەپ قارايدۇ㉔.

ئۇيغۇر نامىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تاتار جەدىتچىلىرى قوزغىغان يېڭىچە مائارىپ ۋە يېڭى زامان مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىشىشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. نوشۇرۋان يائۇشېفنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تاتارچە گېزىت، ژۇرناللارنىڭ كىرىشى 1910 - يىللاردىن باشلانغان بولسا كېرەك. ئۇ ئاقسۇدىكى سەپىرىدە «بۇ يەردىكى خەلق گېزىت ئوقۇمايدۇ، ئوقۇغان تەقدىردىمۇ ئۇرۇش خەۋەرلىرىنىلا كۆرىدۇ» دەپ يازغان بولسىمۇ، لېكىن نېمە گېزىت ئوقۇيدىغانلىقىنى ئېنىق يازمايدۇ. قەشقەردىكى مەدەنىي ئەھۋال ھەق-

قىدە يازغاندا «قەشقەر خەلقى ئارىسىدا گېزىت ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۆپەيدى» دەيدۇ - يۇ، قانداق گېزىتلارنى ئوقۇيدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. 1916 - يىلى خوتەندىن يوللىغان مەلۇماتىدا پوتكول خوتەن تەۋەسىدە قۇربان ھاجى ۋە موللا... دېگەن ئىككى كىشىنىڭلا گېزىت، ژۇرنال ئوقۇيدىغانلىقى، ئۇلارنىڭمۇ تېخى گېزىت، ژۇرنال ئوقۇشقا باشلىغىنىغا تۆت - بەش يىل بولغانلىقىنى يازىدۇ. بۇ گېزىت - ژۇرناللارنىڭ ئىسمى ئېنىق يېزىلمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپ بولغاندا ئۈچ - تۆت خىل تاتارچە گېزىت، ژۇرنالغا يېزىلىدىغانلىقى ئېنىق يېزىلغان. دېمەك، خوتەنگە تاتار جەدىتچىلىرىنىڭ تەسىرى 1910 - يىلى يېتىپ بارغان.

شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيىتى 1897 - يىلىدىن باشلانغان. ئۇلارنىڭ قەشقەردە رەسمىي باسمىخانا ئېچىپ تۈرلۈك تۈركىيچە باسما بۇيۇملارنى كۆپلەپ نەشر قىلىشى 1901 - يىلدىن باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن 1915 - يىلى قەشقەردە بىرەر ئايدەك تۇرغان نوشۇرۋان يائۇشېف بۇ ھەقتە ھېچقانداق ئۇچۇر بەرمىگەن. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن شۋېت مىسسىئونېرلىرىنىڭ شىنجاڭغا مەتبەئە بۇيۇملىرىنى ئەكىلىپ زامانىۋى تېخنىكا بىلەن دىنىي ماتېرىياللار، تارىخىي، ئەدەبىي ئەسەرلەر، تۈرلۈك دەرسلىكلەر ۋە باشقا ماتېرىياللارنى نەشر قىلىپ تارقىتىشى 1924 - يىللاردا يۇقىرى پەللىگە چىققان، بەزى كىتابلار ھەتتا قايتا - قايتا بېسىلغان، بەزى كىتابلارنىڭ تىراژى مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. شۋېت مىسسىئونېرلىرى كۈنسېرى ئېشىۋاتقان جىددىي ئېھتىياجنى نەزەردە تۇتۇپ 1929 - يىلى «كىتابى ئىلمى ئىملا» دېگەن ئىملا لۇغىتىنى تۈزۈپ نەشر قىلغان ۋە بارلىق باسما بۇيۇملارنىڭ ئىملاسى مۇشۇ قائىدە بويىچە قېلىپلاشتۇرۇلغان. ئىملا لۇغىتىدە جانلىق تىلدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش ھادىسىسى ئېتىبارغا ئېلىنماي تۈركىي تىلنىڭ ئەنئەنىسى ئۆز پېتى ساقلاپ قېلىنغان. شۇ سەۋەبلىك بۇ تىل ئۇيغۇر تىلى دەپ ئاتالماي، بەلكى شەرق تۈركچىسى، ئالتەشەھەر تۈركچىسى دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان. مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس ئالىم گۇننار ياررىڭ ئەپەندىمۇ بۇ تىلنى ئۇيغۇرچە دەپ ئاتاشقا ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كەلگەن. بۇ ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىدا باش كۆتۈرۈۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق تۈركىي تىل ئەنئەنىسىدىن چەتلەپ، يېڭى سۇنئىي تىللارنى يارىتىپ بېرىشكە قارشى ئىلىم كۈرىشىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. شۇ سەۋەبلىك تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا خېلى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان تۈركلۈك ئىدىيىسى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا تولۇق بەربات قىلىنغان بولسىمۇ، شىنجاڭدا تاكى 1937 - يىلى شۋېت مىسسىئونېرلىرى قوغلاپ چىقىرىلغانغا قەدەر داۋاملاشتى. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇيغۇر نامىنى رەسمىي ئېتنىك نام سۈپىتىدە قوبۇل قىلىش خېلى ئۇزاققا سوزۇلدى. شۇڭا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىنى يەنىلا يەتتىسۇ ئۇيغۇرلىرى باشلامچىلىق بىلەن ياراتقان يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادا مىللىي جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن پەقەت شۇ مىللەتكىلا خاس ئايرىم ئەدەبىي تىل يارىتىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. ئۇيغۇر، ئۆزبېك خەلقلىرى ئارىسىدىكى ئەدەبىي تىل بىرلىكى تۈپەيلىدىن بۇ ئىككى خەلق ئارىسىدىكى مىللىي پەرق روشەن ئايرىلىپ چىقمىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ مەيدانغا كېلىشى 1920 - يىلى

تۇنجى جۇمھۇرىيەتلىك گېزىت «كەمبەغەللەر ئاۋازى» نىڭ نەشر قىلىنىشى بىلەن باشلاندى. گېزىت يۈزىدە باشلانغان ئىملا ۋە يېزىق مەسىلىلىرى ھەققىدىكى تارتىشمىلار نەتىجىسىدە 1925 - يىلى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئالمۇتادا ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق كېڭىشى چاقىرىلدى. يىغىندا ئۇيغۇرلار شۇ چاغقىچە ئىشلىتىپ كەلگەن ئەرەب يېزىقى ئىسلاھ قىلىنىپ 27 ھەرپلىك يېڭى ئۇيغۇر يېزىقى مەيدانغا كەلگەن. بۇ تاتار جەدىتچىلىرىنىڭ تاتار يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىشىدىن بەش يىل كېيىنكى ئىش ئىدى. بۇنىڭدا سوزۇق تاۋۇشلار ئۇچۇن ئايرىم بەلگە بولماسلىق ئەھۋالىغا خاتىمە بېرىلىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا غايەت زور بۇرۇلۇش ياسالدى. ھازىرقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ھەمزىلىك سەككىز سوزۇق تاۋۇشنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەنە شۇنىڭدىن باشلانغان بولسىمۇ، بۇ ھەمزىلىك سوزۇق تاۋۇشلار 1920 - يىلىدىكى تاتار يېزىقى ئىسلاھاتىدىلا پەيدا بولۇپ بولغانىدى.

1926 - يىلى موسكۋادا س س س ر ئەللىرىنىڭ مەركىزىي نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر ئالىمى، شائىر ئابدۇلھەي مۇھەممەدىنىڭ «ئۇيغۇرچە يېزىق يوللىرى» دېگەن كىتابى نەشردىن چىقتى. بۇ ئۇيغۇر تارىخىدىكى تۇنجى ئىملا لۇغىتى ئىدى. بۇنىڭغا ئابدۇللا روزىباقىيېف كىرىش سۆز يازغان بولۇپ، ئىملا پرىنسىپى ھەققىدە ھېچقانداق سىياسىي خاھىش ئىپتىلمىغان㉕. بەلكى يېڭىدىن يارىتىلىدىغان ئەدەبىي تىلنىڭ «پەرغانە، يەتتىسۇ، قەشقەر، غۇلجا، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى خەلق ئەدەبىياتى ۋە تىل خەزىنىلىرىگە ئاساسلانغان» تىل بولۇشى كۈچەپ تەكىتلەنگەن.

نېمىشقىدۇر، شۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ يىل ئۆتۈپ ئابدۇلھەي مۇھەممەدىنىڭ «ئۇيغۇرچە يېزىق يوللىرى» غا ھۇجۇم باشلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملاسىنى قايتا بېكىتىش ھەققىدىكى كۈرەش باشلىنىپ كەتكەن.

1928 - يىلى سەمەرقەندتە چاقىرىلغان پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئىملا كېڭىشىدە پۈتكۈل ئۇيغۇرلار (قەشقەر، ياركەنت، خوتەن، دولان، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، قۇمۇل ھەم ئىلى ئۇيغۇرلىرى) نىڭ تىلى بىر دېگەن خۇلاسە چىقىرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملاسىنى قايسى پرىنسىپتا بېكىتىش مەسىلىسىدە تاكى 1930 - يىلى 5 - ئايدا 2 - نۆۋەتلىك تىل ئىملا قۇرۇلتىيى ئېچىلغۇچە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق دە - تالاش بولغان㉖. بۇ دە - تالاش ئاساسلىقى قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملاسىنى مورفولوگىيىلىك پرىنسىپ ئاساسىدا تۈزۈش بىلەن فونېتىكىلىق پرىنسىپنى ئاساس قىلىدىغان جانلىق تىلغا تارتىش ئۈستىدە بولغان. ئابدۇلھەي مۇھەممەدى، لاتىپ ئەنسەرى، قادىر ئاشۇروف قاتارلىق زىيالىيلار مورفولوگىيىلىك پرىنسىپنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن كۈنسېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتقان سىنىپىي كۈرەش ئۇلارنى ئۆز مەيدانىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلغان. بۇ ھەقتىكى بەس - مۇنازىرىلەر ئۇيغۇرچە «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلى بىلەن «قىزىل تۇغ» گېزىتلىرىدە بېسىلىپ تۇرغان.

1936 - يىلى ئالمۇتادا چاقىرىلغان جۇمھۇرىيەتلەر ئارا تىل ئىملا كېڭىشىدە ئۇيغۇر ئالىمى قادىر ئاشۇروف «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملاسىنى بېكىتىشتە فونېتىكىلىق پرىنسىپ مورفولوگىيىلىك پرىنسىپنىڭ ئورنىغا دەسسىسۇن. مەن ئىلگىرى خاتا پىكىرلەردە بولغان، چۈنكى ئۇ چاغدا مەن ساۋاتسىز ئىدىم، ھازىر ئۆستۈم…» دەپ ئىلگىرىكى پىكرىدىن يېنىشقا مەجبۇر بولغان. چۈنكى، شۇ چاغلاردا «كەمبەغەللەر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ مۇھەررىرى ئابلىمىت غوجامبەردى قاتارلىق كىشىلەر لېنىننىڭ «تىل

سىنىپىي كۆرەشنىڭ ئۆتكۈر قورالى» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملاسىنى لېنىنچە يېشىش شوئارىنى كۆچەپ توۋلىغان.

1936 ـ يىلىدىكى يىغىندىن كېيىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملاسىنى بېكىتىش پرىنسىپىدا تۆپلۈك ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. يەنى شۇنىڭغىچە ئاساسەن تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ پرىنسىپلىرىغا نىسبىي ئەمەل قىلىنغان ئاساستا چىقىۋاتقان ئۇيغۇرچە گېزىت، ژۇرناللار ئومۇمىيۈزلۈك جانلىق تىلغا تارتىلغان. جانلىق تىلدىلا مەۋجۇت بولۇپ يېزىقتا ئىپادىلەنمىگەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىش هادىسىسى ۋە شۇنىڭغىچە ئەدەبىي تىل سىرتىدا تۇرۇۋاتقان شىۋە سۆزلۈكلىرى تىلدا ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئېتىشكە باشلىغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بارلىق ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە ئۆتۈلىدىغان دەرسلىك كىتابلار، ئۇيغۇرچە ئەدەبىي، سىياسىي ئەسەرلەر مۇشۇ يېڭى ئەدەبىي تىل نورمىسى بويىچە نەشر قىلىنغان. نەتىجىدە يېڭى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى يېڭى مۇنتىزىم مائارىپ ئارقىلىق ناهايىتى تېزلا ئومۇملاشتۇرۇلغان.

1947 ـ يىلى سوۋېت ئۇيغۇرلىرى لاتىن يېزىقىدىن سلاۋىيان يېزىقىغا كۆچۈش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى يەنە بىر قېتىم قايتا بېكىتىلدى. بۇ قېتىمقى ئىملا قائىدىسى 1960 ـ يىلى ئاتاقلىق تىلشۇناس ئالىم غوجەخمەت سەدۋاقاسوفنىڭ يېڭى ئىملا لۇغىتى ئېلان قىلىنىشى بىلەن كۈچتىن قالغان㉗.

سوۋېت ئۇيغۇرلىرى نەشر قىلغان تۈرلۈك گېزىت، ژۇرناللار شىنجاڭغىمۇ كۆپلەپ تارقىلىپ تۇرغان. شېڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر مەزگىللىك دوستلۇقى جەريانىدا مۇنداق مەدەنىيەت ئالاقىلىرى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. شېڭ شىسەي بىلەن خوجانىياز هاجىنى ياراشتۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن سوۋېت تەرەپ مۇتەخەسسىسى، خوجانىياز هاجىنىڭ مەسلىهەتچىسى مەشۇر روزىيېف (ۋەتەن ئوغلى) ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان «شىنجاڭ گېزىتى»نى ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن تەسىس قىلغان ۋە باش مۇهەررىرلىكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. شۇڭا بۇ گېزىتنىڭمۇ سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ياراتقان يېڭى ئەدەبىي تىلدا چىقماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شۇېت مىسسىئونېرلىرى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇن ـ تىنسىز بۇ كۆرەشتە ئاخىرى سوۋېت ئىتتىپاقى غەلىبە قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەربىيىلىشىدىن كېيىن شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاهالە تۇيمايلا ئۇيغۇر نامىنى ئۆزلەشتۈردى. 1936 ـ يىلى ئۆلكىلىك هۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خوجانىياز هاجىنىڭ پەرمانى بىلەن ئۇيغۇر نامىنى قوللىنىش قانۇنىي كۈچكە ئىگە قىلىندى.

شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدا ئىشلىتىلگەن يېزىق ۋە ئەدەبىي تىل يەتتىسۇدا قېلىپلاشقان ئەدەبىي تىل يولىدا ماڭغانلىقى ئۈچۈن، بىز هازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەرىپەتچىلىك هەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايمىز. شىنجاڭدا 1955 ـ يىلىدىن 1957 ـ يىلىغىچە ئېلىپ بېرىلغان هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرىنى تەكشۈرۈشتىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان مەركىزىي دىئالېكت، هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئۆلچەملىك تەلەپپۇزى بولغان ئۈرۈمچى تەلەپپۇزى دەپ بېكىتىلگەن㉘. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدا يېزىق ۋە ئىملا جەھەتتە بىر قانچە قېتىملىق ئىسلاھاتنى باشتىن كەچۈرۈپ ئاز كەم بىر ئەسىرلىك تارىخقا ئىگە بولغان هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى يەنىلا تەرەققىيات ۋە قېلىپلىشىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، بۇ يېڭى ئەدەبىي تىل پۈتكۈل دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارنى بىر يىپقا باغلاپ تۇرماقتا.

**ئىزاھلار:**


① قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تۈزگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1991 ـ يىلى ئالمۇتا «پەن» نەشرىياتى، رۇسچە، 15 ـ بەت.

② «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن جايلاشقان بىر تۈرك قەبىلىسى» دېيىلگەن، بىراق مەھمۇت كاشغەرى كۆرسەتكەن 20 قەبىلىنىڭ قاتارىدا يوق، 1 ـ توم، 187 ـ بەت.

③ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 13 ـ بەت.

④ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 3 ـ بەت.

⑤ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 38 ـ بەت.

⑥ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 2 ـ، 77 ـ بەتلەر.

⑦ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 77 ـ بەت.

⑧ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 116 ـ بەت.

⑨ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 618 ـ بەت.

⑩ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 ـ توم، 564 ـ، 567 ـ بەتلەر.

⑪ «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 10 ـ بەت.

⑫ stewart Ethelg (ئامېرىكا): «چىڭگىزخاننىڭ ھۇجۇمىدىن ئامېرىكىغا قاچقان تۈركلەر»، 2000 ـ يىلى ئىستانبۇل تۈركچە نەشرى، 141 ـ بەت.

⑬ مۇھەممەد سالىھ: «شەيبانىنامە»، تاشكەنت غوپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى 1989 ـ يىلى.

⑭ ئۆتەمىش ھاجى: «چىڭگىزنامە»، ئالمۇتا «ئىلىم» نەشرىياتى 1992 ـ يىلى 130 ـ بەت.

⑮ ئوبۇلغازى باھادىرخان: «شەجەرەئى تۈرك»، تاشكەنت چولپان نەشرىياتى 1992 ـ يىلى نەشرى، 158 ـ 160 ـ بەتلەر.

⑯ ئا. ن. كونونوف: «شەجەرەئى تەراكىمە»، 196 ـ بەت.

⑰ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، تۈركچە، «ئەلىشىر» ماددىسى 351 ـ بەت (زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ ماقالىسى).

⑱ موللا مىر سالىھ كاشغەرى: «كاشغەر تارىخى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى (بۇ ئەسەرگە خاتا ھالدا «چىڭگىزنامە» دەپ ئات قويۇلغان).

⑲ چوقان ۋەلىخانوف: «ماقالە ۋە خەتلەر»، ئالمۇتا يېڭى ھايات نەشرىياتى 1956 ـ يىلى، قازاقچە.

⑳ نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت: «يورۇق ساھىللار»، ئالمۇتا «يازغۇچى» نەشرىياتى 1991 ـ يىلى، 132 — 142 ـ بەتلەر.

㉑ نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت: «يورۇق ساھىللار»، ئالمۇتا يازغۇچى نەشرىياتى 1991 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 59 ـ بەت.

㉒ نادىر دەۋلەت: «1917 ـ يىلىدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە تۈرك ـ تاتار مىللەت مەجلىسى»، ئۆتۈكەن نەشرىياتى 1998 ـ يىلى، تۈركچە، 56 ـ 57 ـ بەتلەر.

㉓ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىلى، 41 ـ، 636 ـ بەتلەر.

㉔ «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» 2000 ـ يىللىق 2 ـ سان.

㉕ ئابدۇللا روزىباقىيېف: «خەلقىم ئۈچۈن كۆيىدۇ يۈرەك»، «يازغۇچى» نەشرىياتى 1997 ـ يىلى، 84 ـ بەت. يۇقىرىقى كىتاب، 32 ـ بەت.

㉖ كوللېكتىپ تۈپلام: «ياڭلىۋاشتىن تۇغۇلغان ئۇيغۇر خەلقى»، ئالمۇتا «قازاقىستان» نەشرىياتى 1989 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە 21 ـ بەت.

㉗ ئا. قايداروف، غ. سەدۋاققاسوف، ت. تالىپوفلار تۈزگەن: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» 1 ـ قىسىم، ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 384 ـ بەت.

㉘ مىرسۇلتان ئوسمانوف: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى» 1990 ـ يىلى شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، نەشرى، 1 ـ بەت.


(ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرىچىلىك كومىتېتىدا)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر بۇددىست شائىرى، مۇتەپەككۇرى پرتياشىرىنىڭ ئەخلاق قارىشى

ئابدۇرېھىم تۇرسۇن تاشقىن

ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيادىكى ئۇزۇن تارىخقا، باي مەدەنىيەتكە ئىگە قەدىمكى خەلقلەرنىڭ بىرى. دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇيغۇرلار قۇرغان دۆلەتلەر بۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىدى. مەشھۇر رۇس تۈركولوگى س. ئې مالوۋ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇيغۇرلار قەدىمكى دەۋرلەردە شەھەر تۇرمۇشى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان، مەركىزىي ئاسىيادىكى مەدەنىيەتلىك خەلق ئىدى» ① دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۇرپاننى مەركەز قىلغان قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ (848 ـ 1369) بۇددىزىم مەدەنىيىتى بىلەن قاراخانىيلار دۆلىتىنى (850 — 1212) نى مەركەز قىلغان ئەرەب مۇسۇلمان مەدەنىيىتى مۇھىم تەسىر كۆرسەتتى. مەلۇمكى، تۇرپان قوچو خانلىقى تېررىتورىيىسىدىن ئۆتىدىغان ئۇلۇغ يىپەك يولى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلىرىنى كۈچەيتتى.

ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى نەتىجىسىدە جەمئىيەتتە ھەرخىل مەكتەپلەر مەيدانغا كېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تەپەككۇرىنىڭ ئۆسۈشىدە مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ دەۋردە قوچو خانلىقىدا مەشھۇر شەھەرلەر مەيدانغا كەلدى. نەشرىياتچىلىق، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، تەرجىمىچىلىك، بىناكارلىق ۋە پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى تەرەققىي قىلدى. شەھەرلەردە يەنە كۈتۈپخانىلار بارلىققا كېلىپ خەلقلەر ئىچىدە مائارىپ كەڭ راۋاجلاندى. قوچو خانلىقىغا تارقالغان بۇددىزىم ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بېيىشىغا، شۇنداقلا دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى.

بۇددىزىم رامكىسى ئىچىدە ئۇيغۇرلار باي يازما ئەدەبىياتنى ياراتتى. قوچو ئۇيغۇر ئېلىدە شېئىرىيەت، پروزا، دراما، تەرجىمە تەرەققىي قىلدى. ئەلۋەتتە، يازما ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ئۇيغۇرلاردا پەلسەپە ۋە ئۇنىڭ كاتېگورىيىلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇرلار بۇددىزىمغا ئېتىقاد قىلغان دەسلەپكى ئەسىرلەردە كۇماراجىۋا، ۋېيساكۇيچى، شىكشانانداسى، خويلان، سېڭقۇسەلى تۇتۇڭ، پرتياشىرى، ئاتسالڭ، كى‌كى، چىسۇيا تۇتۇڭ، قالىم قايىشى قاتارلىق شائىر، مۇتەپەككۇر، تەرجىمىشۇناسلار يېتىشىپ چىقتى. ئۇلار بۇددىزىم ئىدېئولوگىيىسىدىكى يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك، ئەدەب ـ ئەخلاق، ئىستېتىكا قىممىتىگە ئىگە شېئىرلارنى، شۇنداقلا بۇددىزىمنىڭ ئىجتىمائىي ـ پەلسەپىۋى ئىدىيىسىگە ئائىت ساپ پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلدى ۋە يازدى. بۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئەخلاق، ئىستېتىكا قاراشلىرىغا باي بولغان چوڭقۇر پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرى ئىپادىلەندى. بۇددىزىم پەقەت دىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىگە پەلسەپىۋى تۈزۈلۈشلەرنى، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئىستېتىك ئىدىيىلەرنى سىڭدۈرگەن دىنىي پەلسەپىۋى تەلىماتتۇر. ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قاراشلىرىنى دىنىي رامكا ئاستىدا شېئىرىيەت ئارقىلىق ئىپادىلەشتە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن پرتياشىرى مۇھىم ئورۇن ئىگىلەيدۇ. بۇ دەۋردىكى شائىر ـ مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىجادىيىتىدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى — ئۇلارنىڭ ئەخلاق مەسىلىلىرىگە ئالاھىدە دىق-

قەت قىلغانلىقىدا. ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئىس-
تېتىك ئىدىيىلەرنى ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ مەر-
كىزىي ئىدىيىسى قىلغان ئەنە شۇنداق مۇتە-
پەككۇر، شائىرلارنىڭ بىرى پىرتياشىرى-
دۇر. پىرتياشىرى قوچو ئۇيغۇر دەۋرىدە يا-
شاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتكەن
ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر. ئۇنىڭ ھازىرغا قەدەر
«جانلىقلارغا پايدا يەتكۈزۈش»، «ئىسراپ
قىلىش»، «توغرا يول»، «ياخشى تىلەك»
، «ئىشەنچ»، «ئون تۇرلۇك نەزەر ئۇسۇ-
لى» قاتارلىق كۆپلىگەن شېئىرلىرى يېتىپ
كەلگەن؛ شائىر يەنە مەشھۇر بۇددا پەيلاسوپى
ناگار جۇنانىڭ «ھېكمەت پەزىلەتلىرى» نام-
لىق ئەسىرىنى سانسكرىت تىلىدىن ئۇيغۇر
تىلىغا تەرجىمە قىلغان. پىرتياشىرىنىڭ
شېئىرلىرىدا تەبىئىيكى بۇددىزىم ئىدىيىسى
ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداقلا ياخشى-
لىق، يامانلىقتىن ئىبارەت ئەخلاقنىڭ ئىك-
كى مۇھىم كاتېگورىيىسى ئانالىز قىلىنى-
دۇ. مۇتەپەككۇرنىڭ دۇنيا قارىشىدا بۇلار
مەركىزىي ئەخلاق چۈشەنچىلىرى بولۇپ ھې-
سابلىنىدۇ. ياخشىلىق، يامانلىق كاتېگورى-
يىسى توغرىسىدا سوقرات مۇنداق يازىدۇ:
«ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ئاساسلىق بىلىم. ياخ-
شىلىق ـ يامانلىق، بىرنى يەنە بىردىن پەرق-
لەندۈرۈشنى بىلىش بىلىمدۇر. بۇ بىلىم،
ئىنساننىڭ ھاياتىدىكى مىجەز، تەربىيىلە-
نىشكە رەھبەرلىك قىلغۇچى پرىنسىپ بو-
لۇپ ھېسابلىنىدۇ» ②. پىرتياشىرى پەزى-
لەت، ياخشىلىق ھۆرمەتلەنمىسە، يامان
ئىش ـ ھەرىكەتلەر تۈزىتىلمىسە، بەختىيار
جەمئىيەتنىڭ بولمايدىغانلىقى، ياخشىلىقنى
يامانلىقتىن ئېنىق ئايرىش كېرەكلىكىنى
كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. شائىر يەنە «ئادالەت»
، «ئادەلەتسىزلىك»، «مېھرىبانلىق»،
«سادىقلىق»، «ۋىجدان»، «بەخت»،
«دوستلۇق»، «مۇھەببەت»، «ئىنسانپەر-
ۋەرلىك» قاتارلىق ئەخلاق كاتېگورىيىلىرىنى
ئانالىز قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا بۇددىزىم-
نىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىن بولغان جان-
لىقلارغا ئىنسانپەرۋەرلىك مۇئامىلىسىدە بو-
لۇش مەسىلىسىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ.

«جانلىقلارغا پايدا يەتكۈزۈش» دېگەن
شېئىردا شائىر مۇنداق يازىدۇ:

ئەينى شەكىلدە ھەر تەرەپتىكى جانلىقلار ئائىلىسىنىڭ،
ھېچبىر غەم ـ قايغۇ بولمىغان بىر ھوزۇر ئىچىدە،
ئۇيلارنىڭ ھەققى ئەخلاق پايدىلىرىنى تېپىشتا،
ياخشى روھانى بولۇشنى تىلەيلى.

شائىر، مۇتەپەككۇر پىرتياشىرى ئۆزى-
نىڭ ئەسەرلىرىدە ئىنساننىڭ ئەخلاق تۇرمۇ-
شىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئەقىل
ۋە بىلىمنى ياخشىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ،
ئەقىل ـ ئىدراك بەخت ـ سائادەتنىڭ مۇھىم
قىسمى، ئۇ ئىنساننىڭ ئۆزىنى تونۇشىدا
ئالاھىدە رول ئوينايدۇ، باشقىچە قىلىپ
ئېيتقاندا «ئادەم ئەقىل ـ ئىدراك ئارقىلىق
ئادەم بولىدۇ» دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنداقلا
پەقەت روھىي دۇنياسى تەرەققىي قىلغان،
يۈكسەك ئەخلاق ـ پەزىلەتكە، بىلىمگە ئىگە
بولغان ئادەم باشقىلارغا ياردەم قىلالايدۇ،
دەپ توغرا پىكىر قىلىدۇ.

شائىر يەنە مۇنداق مەسلىھەت بېرىدۇ:

غالىپلارغا ھەيران قالماستىن ئۆزۈڭ
يولغا چىقىپ،
ياخشى ۋەز قىلغان، ياخشى ئەخلاقنى
يېتىشتۈرمەك ئۈچۈن مەھكەم تۇتۇپ.
بۈيۈك ئابروي تاپقاننىڭ ئەھۋالىنى ۋە
ھەرىكىتىنى ئايدىڭلاشتۇرماق ئۈچۈن
ئۆزۈڭ ئۇزاق دەۋرلەر بويىچە ئۇ يولدىن
يۈرەيلى. ③

بۇ پىكىرلەر ئارقىلىق ئۇ يۈكسەك پە-
زىلەتلىك، بىلىملىك، ياخشى ئادەم بولۇش
ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي، توختىماستىن،
غەيرەت ـ شىجائەت بىلەن تىرىشىشتىن ئىبا-
رەت ئىدىيىنى تەرغىب قىلىدۇ. شائىر يەنە
ئەمگەكنىڭ ئادەمنىڭ ئېھتىياجى، ئۇنىڭ
مەۋجۇتلۇقىنىڭ زۆرۈر شەرتى بولۇپلا قال-
ماستىن، بەلكى ئەخلاق ۋە روھى جەھەتتىن
يېتىلىشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئا-
مىل ئىكەنلىكىنى، كۆڭۈللۈك بولغان بار-
لىق ئەمگەك شارائىتلىرى ئىنسانغا خۇشال-
لىق، مەمنۇنىيەت تۇيغۇسىنى ئېلىپ كېلى-
دىغانلىقىنى، پەقەت ئەمگەكلا دۇنيادىكى
ئەڭ ياخشى خۇشاللىقنىڭ مەنبەسى ئىكەنلى-

كىنى دەلىللەيدۇ.

مۇتەپەككۇر «توغرا يول» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

ئالتۇن نۇرلۇق پارلاق سۇتراغا تايىنىپ،
ناچار ھەرىكەتلەرنى توختىتىش ئۈچۈن ئالدىراپ تۇرۇپ.
كېيىن پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىش كېرەكتۇر④.

بۇ شېئىردىن ئادەم ئىنسانغا، جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ، ئۆزىدە توغرا ئەدەپ - ئەخلاق قارىشىنى يېتىلدۈرۈپ، ياخشى، پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىشتىن ئىبارەت ھەققانىي، توغرا يولدا مېڭىش كېرەكلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

مۇتەپەككۇر ئۆزىنىڭ «ئېتىراپ قىلىش»، «ئىشەنچ»، «ياخشى تىلەك» قاتارلىق شېئىرلىرىدىمۇ ئەخلاقنىڭ «ياخشىلىق»، «يامانلىق»تىن ئىبارەت ئىككى كاتېگورىيىسى ئاساسىدا، ئەدەب - ئەخلاق، ئىنسانپەرۋەرلىك قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. پىرتياشىرى ئەگەر كىشى بىلىمسىز بولۇپ، ياخشى مەسلىھەت، نەسىھەتلەرنى چۈشەنمىسە، ئۈمىدسىزلىك، گۇناھ، جاھالەت پاتقىقىغا پاتىدۇ؛ ياخشىلىق، ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ ھەممىسى ئىنساننى جەۋر - زۇلۇمدىن، يوقسۇزلۇقتىن، ئازاب - ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرىدۇ، ياخشىلىق ئىنساننىڭ ھەرىكىتىدە ئىپادىلىنىدۇ ھەم ئۇنىڭ ياخشى سۈپەتلىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. شائىر ياخشى ھەرىكەتنىڭ ياخشىلىق ئۇرۇقىنى چاچىدىغانلىقى، يامانلىقنىڭ زىيانلىق ئاقىۋەتلەرنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. ياخشىلىق كىشىلەرنىڭ ھالال ئەمگىكىدە، يوقسۇللارغا ياردەم قىلغان ياخشى خىسلەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ ئالىيجاناب ئەخلاق سۈپەتلىرى، ئۆلچەم پرىنسىپلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. يامانلىق قارىشى تەييارتاپلىق، ئاچكۆزلۈك، ئوغرىلىق، ئالدامچىلىق ۋە باشقا ئەخلاق كەمچىلىكلىرىدە كۆرۈلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

شائىر مۇنداق يازىدۇ:

چۈشىنىپ بىلمەسلىك سەۋەبىدىن ھەيران قالدۇق،
ماھىرلىق بىلەن قىلىنغان ئۈگۈت - نەسىھەتلەرنى ئۇنتۇپ قالدۇق.
مانا بۇ سەۋەبتىن تۇتۇر بۇرۇلۇپ،
گۇناھ چۈشكۈنلۈكىگە ئالدىنىپ نېسەۋسىز قالدۇق.⑤

مۇتەپەككۇر ئەجدادلارنىڭ يۈكسەك ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى يوقىتىپ قويسا ئادەم ئۆز ئارا دۈشمەنلىشىپ يامان يوللارغا كىرىدىغانلىقىغا ئوخشاش ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رېئال مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەپ مۇنداق يازىدۇ:

غەزەپ بىلەن كەيپىنى بۇزۇپ، ئۆچ ۋە قىساس باغلاپ،
ھەر ۋاقىت تۇرماستىن پايدىسىز كۆز قاراش.
ئىزھار قىلىش باشتا بولماق سەۋەبىدىن،
ئەسكىلىك، يامانلىق ۋە گۇناھلارغا كىرىپ قالدۇق. ...⑥

بۇددىست شائىر يەنە «ئەينى ۋاقىتتا خىرس، غەزەپ ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ سەۋەبىدىن پۈتۈن قىلغانلىرىمدىن پۇشايمان قىلىمەن»⑦ دەپ يېزىش ئارقىلىق، ئىنسانلار تۇرمۇشىدا ئەخلاق مەسىلىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا ئەقىل ۋە بىلىمنىڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ياخشىلىق بىلەن بولغان دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ. پىرتياشىرى پۈتۈن شېئىرلىرىنى بۇددىزىملىق دۇنيا قاراش ئاساسىدا يازغان بولۇپ، شېئىرىنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا دىنىي ئىدىيىلەرگە، پرىنسىپلارغا، قانۇنلارغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. چۈنكى، بۇددىزىم ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىردە شائىر دىنىي رامكىدىن چىقىپ تۇرۇپ ئەسەر يېزىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنيا قارىشىدا بۇددىزىم ھەقىقەتنى ئىپادىلەيدىغان شەكىل بولۇپ قالغان، ئۇ ئۆزىگە، جەمئىيەتكە زۆرۈر بولغان ئىجتىمائىي ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى قوبۇل قىلىپ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

مەشھۇر شەرقشۇناس، ئالىم ن. ئى. كونراد «بۇددىزىم ئېتىقادلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى بىلىش نەزەرىيىسى، مەۋجۇدىيەت توغرىسىدىكى تەلىمات، ئەخلاق تەلىماتى؛ جەمئىيەت، دۆلەت، شۇنداقلا ئېستېتىك قاراشلار توغرىسىدىكى تەلىمات»⑧دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

يىرتىياشىرىنى مەركەز قىلغان دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر بۇددىست شائىر، مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئەخلاق قارىشىدا ئىنسان مەسىلىسى ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە دىنىي پەلسەپىۋى مەسىلىلەرنى شېئىرىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ھەل قىلىپ، شېئىرىيەتنىڭ ئىنسانىنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي تەپەككۇرلىرىنى ئىپادىلەشتە تۇتقان ئورنىغا كۆڭۈل بۆلدى. دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر شائىر، مۇتەپەككۇرلىرى شېئىرىيەت بىلەن پەلسەپىنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى ياخشى چۈشەنگەچكە، دىنىي پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى، پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەرنى، ئىلغار ئىجتىمائىي ئەخلاق قاراشلارنى ئۆز شېئىرلىرىدا ئوچۇق ئەكس ئەتتۈردى. شېئىرىيەت بىلەن پەلسەپىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا مەشھۇر رۇس مۇتەپەككۇرى ۋ. گ. بېلىنسكى: «شېئىرىيەت بىلەن پەلسەپە بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايلا قالماستىن، بەلكى ئۆز ئارا ھەمايە قىلىدۇ. ھەتتا، دائىم بىر - بىرى بىلەن باغلانغىچە توختىماستىن بىر - بىرىگە ماسلىشىدۇ. بەزىبىر پەلسەپىۋى ئەسەرلەردە ئەڭ ئاۋۋال سىز شائىر، شۇنداقلا شېئىرى پەيلاسوپ بولۇشىڭىز»⑨دەپ يازىدۇ.

ئومۇمەن، ئۇيغۇر بۇددىست شائىر، مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئەدەپ - ئەخلاق قاراشلىرى بۇددىزىملىق دۇنيا قاراش ئىچىدە ساپ شېئىرىيەت بىلەن ئىپادىلەندى. ئۇلار دىن ئىنسانىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولۇشىنىڭ مەنبەئى، دەپ قارىدى.

ئەجدادلارنىڭ مەنىۋى مىراسلىرىنى ئۆگىنىش، بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىدا ئالاھىدە رول ئوينايدۇ. دەسلەپكى ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زامانىۋى ئىجتىمائىي پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرى، كېيىنكى دەۋرلەردە مەركىزىي ئاسىيادا مەشھۇر ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا ئاساس سالدى.

دېمەك، ئىقتىساد ئەخلاقىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان، جەمئىيەتتە ئېغىر ئەخلاقىي بۇزۇلۇش ئەۋج ئېلىۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا، ئۆتكەن دەۋرلەردىكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئەخلاق ئىدىيىلىرىنى تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش، ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە ئەخلاقنى ئىقتىسادنىڭ ئالدىغا قويۇشتا، گۈزەل ئەخلاق قارىشىنى يېتىلدۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىزاھلار:

① س. ئې. مالوف: «قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرى»، مۇسكۋا - لېنىنگراد. 1951 - يىل، 95 - بەت، تۈركچە.

② ف. خ. كېسىدى: «سوقرات»، موسكۋا 1988 - يىلى، 82 - بەت، رۇسچە.

③ شۇ كىتاب 139 - 141 - بەت.

④ شۇ كىتاب 145 - بەت.

⑤ شۇ كىتاب 143 - بەت.

⑥ شۇ كىتاب 143 - بەت.

⑦ شۇ كىتاب 151 - بەت.

⑧ ن. ئى. كۇنراد: «غەرب ۋە شەرق»، مۇسكۋا 1972 - يىل، 89 - بەت، رۇسچە.

⑨ بېلىنسكىي. ۋ. گ 13 توملۇق ئەسەرلەر 5 - توم، موسكۋا، 1954 - يىل 656 - بەت رۇسچە.

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

# پىچاندىكى يەتتە قىز مازىرى توغرىسىدا ئىزدىنىش

ئەھمەد ئىمىن ئەلنەزەر

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە بىرقانچە جايدا «يەتتە قىز قەبرىسى» ، «يەتتە قىز مازىرى» دەپ ئاتالغان قەبرە، مازارلار بولۇپ، بۇلاردىن داڭلىق بولغانلىرى ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدىكى يەتتە قىزلىرىم مازىرى بىلەن پىچان ناھىيىسىدىكى يەتتە قىزلار مازىرىدۇر.

يەتتە قىز مازىرى پىچان ناھىيىسى لەمجىن بازىرى چۇۋانقىر مەھەللىسى يۇتۇق كەنتىنىڭ جەنۇبىغا بىر كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان. لەمجىن بازىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتكەن چوڭ ئۆستەڭ شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان چوڭ غولنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئىدىقۇت تېغىنىڭ مۇشۇ جايدىكى قىسمىنى ئىككىگە بۆلۈپ ئۇزۇن كەتكەن تاغ كارىدورىنى ھاسىل قىلغان. غەربىي تاغنىڭ ئۈستىدە يەتتە قىزلار مازىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان «يەتتە يىگىت»لەر دەپ ئاتالغان ئۈچ - تۆت مېتىر ئېگىزلىكتىكى تىك شەكىللىك يەتتە چوققا بار. شەرقىي تاغدىكى «يەتتە قىز»لارمۇ يەتتە چوققىدىن (ئەمەلىيەتتە ئالتە چوققا) ئىبارەت بولۇپ، بۇ تاغ باغرىدا يەتتە قىزمازىرى بار.

يەتتە قىز مازىرى ۋە يەتتە يىگىتلەر بىر - بىرىگە باغلىنىشلىق بولغاچقا، بۇ ئارقىلىقمۇ يەتتە يىگىت توغرىسىدا مەلۇم چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولالايمىز.

يەتتە قىز مازىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېردىئان 89°56'11"—12"، شىمالىي پاراللېل 42°51'6"—7" قا توغرا كېلىدۇ. پىچانلىقلار بۇ مازارنى «يەتتە قىز غوجام» دەپ ئاتايدۇ. ھازىرقى مازار شەيخلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، يەتتە قىز مازىرى توغرىسىدا ئايرىم تەزكىرە يېزىلغان ۋە ساقلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، «بورانلىق يىللار»دا «كونىلىق» دەپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ مازارغا مۇناسىۋەتلىك تەزكىرە، پەقەت مازار شەيخلىرى ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى ئاغزاكى رىۋايەت بولۇپ قالغان.

### *1. يەتتە قىز مازىرى توغرىسىدىكى ئىككى رىۋايەت*

يەتتە قىز مازىرى توغرىسىدىكى تەزكىرە يوقالغان. مازار شەيخلىرى ۋە كىشىلەر ئارىسىدا تارقالغان رىۋايەت بولسا قويۇق ئىسلامىي تۈس كىرگۈزۈلگەن ئەپسانىۋىي رىۋايەت. مانا شۇ رىۋايەتلەرنى كىشىلەر مازارغا تاۋاپ قىلىشقا دەستەك قىلىدۇ. بىزدە باشقا تەزكىرە ماتېرىيال ۋە تارىخىي ئۇچۇر بولمىغاچقا، بۇ مازارنىڭ شەكىللىنىشىنى رىۋايەتلەردىن ئايرىپ قاراشقا ئامالسىزمىز.

بۇ ئىككى رىۋايەتنىڭ بىرى يەتتە قىز، يەتتە يىگىتنىڭ تاشقا ئايلانغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەت. يەنە بىرى غوجامنىياز ئاخۇنلۇقۇمنىڭ (شائىر ئەھمەد غوجامنىياز ئوغلى قۇسۇرىنىڭ ئاتىسى) چۈشىدە كۆرگەن مەلۇمات بويىچە يەتتە قىز مازىرىنى ئېنىقلىشى توغرىسىدىكى رىۋايەت.

بىرىنچى رىۋايەت مۇنداق:

*بۇرۇن ئىدىقۇت تېغى باغرىدا ناھايىتى باياشات بىر يۇرت بولغانىكەن. كونىلەردىن بىر كۈنى بۇ يۇرتقا قارا كاپىرلار كېلىپ پاراكەندىچىلىك سالغىلى تۇرۇپتۇ. بۇ يۇرتتا ئەل ئىچىدە مەرت - مەردانە، باتۇر دەپ داڭقى چىققان يەتتە قىز، يەتتە يىگىت بو-*

لۇپ، ئۇلار يۇرتىنى قوغداش ئۈچۈن قارا
كاپىرلارغا قارشى جەڭ قىلىپ نۇرغۇنلىرىنى
يەر چىشلىتىپتۇ. دۈشمەن ناھايىتى كۈچ-
لۈك بولغاچقا، بۇ يۇرت خەلقىنىڭ نۇرغۇن-
لىرى ئۆلۈپ تۈگەپتۇ. قارا كاپىرلارغا تەڭ
كەلگىلى بولمايدىغانلىقىنى پەملىگەن يەتتە
يىگىت يەتتە قىزنى قاچۇرۇۋېتىپ، ئاخىرد-
غىچە ئېلىشىشنى ئىرادە قىلىپتۇ. يەتتە قىز
ئۇلارنىڭ دېگىنىگە قوشۇلماي، قاتتىق جەڭ
قىلىپتۇ. يەتتە يىگىت يەتتە قىزغا قايتا -
قايتا نەسىھەت قىلىپ ئاخىرىدا ئۇلارنى كۆن-
دۈرۈپ شەرق تەرەپكە قاچۇرۇۋېتىپ ئۆزلە-
رى دۈشمەن بىلەن داۋاملىق ئېلىشىپتۇ.
بىر - بىرىدىن چىرايلىق قىزلارنىڭ شەرق
تەرەپكە قاچقانلىقىنى كۆرگەن قارا كاپىرلار
بۆلۈنۈپ قىزلارنى ئارقىدىن قوغلاپتۇ. قىز-
لار تۆگىلەر شۇنچە تېز ماڭسىمۇ ئاستا ماڭ-
غاندەك بىلىنىپ تېخىمۇ تېز مېڭىش ئۈچۈن
يۈك - تاقلىرىنى تاشلاپ مېڭىپتۇ. قارا كا-
پىرلار يېقىنلاپ كەلگەچكە تۆگىلىرىنىمۇ
تاشلاپ ئىدىقۇت تېغىغا قاراپ قېچىپتۇ ۋە
يول بويى نۇرغۇن قارا كاپىرلارنى تاش بىلەن
ئۇرۇپ ھالاك قىلىپتۇ. كۈچلۈك دۈشمەن
داۋاملىق قوغلاپ كەپتۇ. قارا كاپىرلاردىن
قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن يەتتە قىز تاغ بې-
شىدا تۇرۇپ: «ئۇلۇغ تەڭرى، بىزنى مۇشۇ
قارا كاپىرلارنىڭ قولىدا رەسۋا قىلمىغاي-
سەن، بىزنى تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتسەڭ... دەپ
تەڭرىدىن تىلەپتۇ. ئۇلارنىڭ تىلىكى كۆك
تەڭرىگە يېتىپ، تەڭرى ئۇلارنى ۋە ئۇلار-
نىڭ، يۈك - تاقلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاشقا
ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ. قارا كاپىرلار بۇ ئەھۋال-
نى كۆرۈپ تاغ باغرىدا تۇرۇپ ئاھ ئۇرۇپتۇ.
«قىزلار چۈشۈپ قالارمىكىن» دەپ نەغمە -
ناۋا قىلىپتۇ. لېكىن قىزلار چۈشمەپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن يەتتە قىز، يەتتە يىگىت تاشقا
ئايلىنىپ شەرقىي ۋە غەربىي تاغدا بىر -
بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار ھازىرغىچە
ھايات بولۇپ، ھەر كېچىسى ئۇچرىشىپ تۇ-
رىدىكەن، شۇنداقلا ياخشى كىشىلەرگە يولۇ-
قۇپ كارامەت ئاتا قىلىدىكەن.

تاغدىكى «تاشقا ئايلانغان يەتتە قىز»
دېيىلگەن چوققا ئەمەلىيەتتە ئالتە چوققا،
لېكىن كىشىلەر «يەتتە قىزنىڭ بىرى يەتتە
يىگىت قېشىدا قالغان» دېگەنگە قاتتىق ئى-
شىنىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ بىر ئەپساند-
ۋى رىۋايەت. بۇ رىۋايەت يەتتە قىزلار مازى-
رىنىڭ ئۇلۇغلىنىشى ۋە تاۋاب قىلىنىشىدى-
كى دەلىل - ئىسپات سۈپىتىدە سۆزلىنىدۇ.

ئىككىنچى رىۋايەت شەيخلەر ئېغىزىدى-
كى رىۋايەت. بۇنىڭ قىسقىچە ۋەقەلىكى مۇن-
داق:

غوجامنىياز ئاخۇنلۇقۇم لۈكچۈندىكى
ئۇستا تىۋىپ بولۇپ، ئۇ غايىپنى بىلىدىغان
ۋە بەزى ئىشلاردىن ئالدىن بىشارەت بېرىد-
غان كىشى ئىكەن. ئۇ لۈكچۈندىن چۇۋانقىر
يوتۇققا دورا ئۆسۈملۈكلىرى يىغقىلى دائىم
چىقىپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنى ناماز ئوقۇپ
بولۇپ، ئۇخلاپ قېلىپ چۈشىدە يەتتە قىز
ئايان بولۇپتۇ. ئۇ چۈشىدە كۆرگەن يەتتە
قىزغا ئاتاپ گۈمبەز ياساتماقچى بولۇپ مۇۋا-
پىق جاي ئىزدەپ، ئاخىرى ھازىرقى مازار-
نىڭ بىر كىلومېتىر غەرپ تەرىپىدىكى بىر
جاينى «يەتتە قىزلارنىڭ قەدەم جايى» دەپ
مۇقىملاشتۇرۇپ، چىرايلىق گۈمبەز ياسى-
تىپتۇ. گۈمبەز پۈتۈپ ئەتىسى ئۆرۈلۈپ
چۈشۈپتۇ، گۈمبەزنى قايتىدىن قوپۇرۇپتۇ،
يەنە ئۆرۈلۈپتۇ. بۇ ئەھۋال ئۈدا ئۈچ قېتىم
تەكرارلىنىپتۇ. ئۈچىنچى قېتىم گۈمبەز
ئۆرۈلۈپ چۈشكەن كۈنى ئاخشىمى غوجامنى-
ياز ئاخۇنلۇقۇمنىڭ چۈشىدە يەتتە قىز قايتا
ئايان بولۇپتۇ. ئۇ يەتتە قىز چۈشىدە ئايان
بولغان جاينى ئىزدەپ تېپىپتۇ ۋە چۈشىدە
ئايان بولغان يەتتە قىزنىڭ قاتارلىشىپ ئول-
تۇرغان ھالىتى بويىچە يەتتە گۈمبەز ياسى-

*تىپتۇ. يەنە، يەتتە گۈمبەزنىڭ كەينىگە چوڭ بىر گۈمبەز، بىر كېتىكاپخانا، بىر خانىقا، ئاشخانا، ئۈچ كېغىز تىلاۋەتخانا ياسىتىپ بۇ جاينى «يەتتە قىزلار مازىرى» دەپ خەلققە ئاشكارىلاپتۇ. لۇكچۇنگە بېرىپ يەكەندىن كېلىپ لۇكچۇندە تۇرۇۋاتقان سوپىلاردىن بىرىنى ئائىلىسى بىلەن چۇۋاتقىر يوتۇقتا ئەپچىقىپ مازارغا شەيخ قىلىپ بەلگىلەپتۇ. لۇكچۇن ۋاڭىغا مەلۇم قىلىپ مازارنىڭ شەرقىدىكى كارىز سۈيىدە سۇغۇرۇلىدىغان ئېتىزلارنى مازارغا ۋەخپە قىلدۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يەتتە قىزلار مازىرىنىڭ نامى خەلق ئىچىگە تارقىلىپ «ئۇلۇغ مازار» دەپ ئاتىلىپتۇ.*

يۇقىرىقى ئىككى رىۋايەتتىن شۇنى بەلگىلىيەلەيمىزكى، يەتتە قىزلارنىڭ تاشقا ئايلانغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەت بۇرۇندىن خەلق ئىچىگە تارقالغان. كېيىنكى دەۋرلەردە غوجامنىياز ئاخۇنلۇقۇمنىڭ چۈشىدە يەتتە قىزنىڭ ئايان بولۇشى بىلەن يەتتە قىزلار مازىرى ئاشكارىلانغان ۋە رەسمىي شەكىللەنگەن.

## 2. يەتتە قىز مازىرىنىڭ ئاشكارىلانغان ۋە شەكىللەنگەن ۋاقتى

يەتتە قىزنىڭ تاشقا ئايلانغان ۋاقتىنى ئىسلام دىنىدىن خېلى خەۋىرى بار موللىلار: «يەتتە قىزلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇرىتلىرى ئىكەن، بۇ مۇسا ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە بولغان ئىش» دەيدۇ.

يەتتە قىزلار مازىرىغا 2002 - يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى تاش ئابىدە ئورناتتى. بۇ تاش ئابىدىدە مۇنداق يېزىلغان: «يەتتە قىزلار مازىرى قەبرىستانلىقى 1962 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن. يىل دەۋرى قوچو ئېلى (460 - 640) دىن قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى (848 - 1369) دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ.» بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، يەتتە قىزلار مازىرى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى قەبرىستانلىق. ئىسلامىيەتتىن كېيىن بۇ قەبرىستانلىق بىر مەزگىل تاشلىۋېتىلگەنمۇ ياكى داۋاملىق مېيىت دەپنە قىلىنغانمۇ بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىش قىيىن. لېكىن، بۇنىڭ ئىككى خىل ئېھتىماللىقى بار. بىرىنچى، غوجامنىياز ئاخۇنلۇقۇمنىڭ مازارنى ئاشكارىلىشىغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ قەبرىستانلىقتا ئادەم دەپنە قىلىنمىغان. يەتتە قىز مازىرىنىڭ تەبىئىي يەر شەكلى، يەنى بۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن چوڭ ئۆستەڭدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىشى ۋە يەتتە قىز مازىرى ئەتراپىدىكى جايلاردا ھازىر ئىشلىتىلمەيدىغان بىر قانچە ئىسلام قەبرىستانلىقى بولۇشى بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى ئاشۇرىدۇ. ئىككىنچى، بۇ قەبرىستانلىق ئىسلامىيەتتىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئىشلىتىلگەن، لېكىن نامى چىقمىغان، پەقەت غوجامنىياز ئاخۇنلۇقۇمنىڭ ئاشكارىلىشى بىلەن داڭلىق مازارلاردىن بولۇپ قالغان.

بىز غوجامنىياز ئاخۇنلۇقۇمنىڭ ھايات پائالىيىتى، ئۇنىڭ يەتتە قىز مازىرىنى ئاشكارىلىشى توغرىسىدىكى رىۋايەت ۋە بۇنىڭ شۇ زاماندا قايسى جەھەتتىن مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرساق، يەتتە قىز مازىرىنىڭ شەكىللەنگەن ۋاقتىنى مۆئەييەنلەشتۈرەلەيمىز.

ئاتاقلىق ئۇيغۇر تېبابەتچى ئالىمى غوجامنىياز ئاخۇنلۇقۇم 1685 - يىلى لۇكچۇندە دىنىي مۆتىۋەر، ئۆلىما ئابدۇللا ھەمدۇل ھەق ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 14 يېشىغىچە دىنىي مەكتەپتە، 19 يېشىغىچە لۇكچۇن جاھاننامە مەدرىسىدە ئوقۇغان، 19 يېشىدىن 26 يېشىغىچە يەكەنگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. كېيىن لۇكچۇنگە قايتىپ كېلىپ تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ تېبا-

بەت سەھنىسىگە چىققاندىن كېيىن ناھايىتى
تېزلا خەلق ئىچىدە شۆھرەت تاپقان. شۇنىڭ
بىلەن كىشىلەر تەرىپىدىن «غايىپنى بىلىدى-
غان، ھەرقانداق ئىشتا ئالدىن بىشارەت بې-
رىدىغان كىشى» دەپ ئىلاھلاشتۇرۇلغان.
تەخمىنەن 1730 - يىللار ئەتراپىدا ئۆتەلىك
ئارشىڭنى تاپقان (غوجامنىياز ئاخۇنلۇقۇم-
نىڭ ئەۋلادلىرى ئۇنىڭ ئۆتەلىك ئارشىڭنى
تېپىشنى «چۈشىدە ئايان بولغان» دەپ رىۋا-
يەت قىلىدۇ). ئۇ لۈكچۈندە تىبابەت بىلەن
شۇغۇللانغاندىن باشقا، لۈكچۈن شەھىرىنىڭ
ئاخۇنى (شۇڭا ھۆرمەتلىنىپ «ئاخۇنلۇقۇم»
دەپ ئاتالغان)، ئوردا خاس تىۋىپى، شەرى-
ئەت قازىسى، لۈكچۈن جاھاننامە مەدرىسى-
نىڭ مۇدەررىسى بولغان، 1777 - يىلى
كېسەل سەۋەبى بىلەن لۈكچۈندە ۋاپات بول-
غان. ئۇنىڭ جەسىتى ھايات ۋاقتىدىكى ۋە-
سىيىتىگە ئاساسەن (بەزىلەر «چۈشىدە بېشا-
رەت بولغان» دەپ رىۋايەت قىلىدۇ) لۈك-
چۈندىن 30 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى خاذ-
دوغوجامئالدى قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىن-
غان. ھازىرمۇ كىشىلەر غوجامنىياز ئاخۇن-
لۇقۇمنىڭ قەبرىسىنى تاۋاب قىلىدۇ.

يۇقىرىقى قىسقا تەرجىمىھالدىلا غوجام-
نىياز ئاخۇنلۇقۇمنىڭ چۈشىدە كۆرگەن بې-
شارەتتىن ئىككىسى تىلغا ئېلىنىدى. غوجام-
نىياز ئاخۇنلۇقۇم دىنىي مۇتىۋەر ئائىلىسىدە
تۇغۇلغان، كىچىكىدىن دىنىي تەربىيە ئال-
غان، ياشلىق مەزگىلىدە ئالتە - يەتتە يىلنى
يەكەندە ئۆتكۈزگەن. بۇ مەزگىل سەئىدىيە
خانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ، جوڭغارلار ھامىيلى-
قىدىكى غوجىلار ھۆكۈم سۈرگەن، سوفىزىم
تازا ئەۋج ئالغان مەزگىل بولۇپ، يەكەن
سوفىزىمنىڭ شىنجاڭدىكى مەركىزى ئىدى.
بىز غوجامنىياز ئاخۇنلۇقۇمنىڭ بۇ مەزگىل-
دىكى ئىدىيىسى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇ-
ماتقا ئىگە بولمىساقمۇ، شۇنى جەزىملەشتۈ-
رەلەيمىزكى، ياش غوجامنىياز ئاخۇنلۇقۇم
يۇقىرىقى ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئامىل-
لار بىلەن تەسەۋۋۇپ تەسىرىدە (سوفىزىم
تەسىرىدە) تەركىي دۇنيا بولۇپ كەتمىگەن
بولسىمۇ، يەنىلا تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرىگە
ئۇچرىغان. بۇ ئۇنىڭ مازارنى بايقىشىغا تە-
سىر كۆرسەتكەن.

يەتتە قىز مازىرىنىڭ شەيخ ئەۋلادلىرى
ۋە شەيخلەرنىڭ دېيىشىچە، غوجامنىياز ئا-
خۇنلۇقۇم يەتتە قىز مازىرىنى ئۆتەلىك ئارشى-
ڭنى بايقاشتىن بۇرۇن ئاشكارىلىغان ئى-
كەن.

يۇقىرىقىلار بويىچە ھېسابلىساق، يەتتە
قىز مازىرىنىڭ ئاشكارىلىنىپ رەسمىي مازار
بولۇپ ئاتالغانلىقىغا ۋە بۇ يەردە تاۋاپ پائالى-
يىتى ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىغانلىقىغا تەخ-
مىنەن 280 يىل ئەتراپىدا بولىدۇ.

### 3. يەتتە قىز مازىرىغا تاۋاب قى-لىشنىڭ سەۋەبى ۋە مەنبەسى

يەتتە قىز مازىرى دائىرىسىدە ناھايىتى
بۇرۇندىن باشلاپلا ئەجدادلىرىمىز ياشاپ كەل-
گەن. بۇ يەرنىڭ بىر كىلومېتىر غەربىدىكى
قىزىلقۇم يېڭى تاش قۇراللار خارابىسى، مى-
لادىيىدىن ئىلگىرىكى 7 - ئەسىردىن مىلا-
دىيىدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىرگىچە بولغان
ئارىلىققا تەۋە چەكمەن قەدىمىي قەبرىستانلى-
قى، مىلادىيە 6 - ئەسىرگە تەۋە قارا توپى-
لىق قەدىمىي قەبرىستانلىقى، مىلادىيە 4 -
ئەسىردىن 9 - ئەسىرگىچە بولغان يىللارغا
تەۋە ماڭدىغۇر مىڭئۆيى، مىلادىيە 3 - ئە-
سىردىن 5 - ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىققا
تەۋە ئېغىلتام بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى
ۋە شەرق تەرىپىدىكى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى
7 - ئەسىردىن 3 - ئەسىرگىچە بولغان
ئارىلىققا تەۋە دۆلەك مەھەللە خارابىسى قاتار-
لىقلار بۇنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا، يەتتە قىز-
لار مازىرىغا تاۋاپ قىلىشنىڭ شەكىللىنىشى-
نى بىلىش ئۈچۈن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېپ-
تىدائىي ئېتىقادلىرىدىن سۆز باشلاشقا توغرا

كېلىدۇ.

قەدىمكى دەۋرلەردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەبىئەتكە بولغان تونۇش چۈشەنچىسى چوڭقۇر بولمىغانلىقتىن، ئۆزلىرىنىڭ ئېتىدائىي چۈشەنچىلىرىگە تايىنىپ ئېگىز تاغلارنى مۇقەددەس بىلىش سەۋەبلىك تاغلار ئۇلۇغلانغان. تۇرپان ئۇيغۇرلىرىغا نىسبەتەن كېيىنكى ئوت ئېتىقادچىلىقىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قارىسا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقاندەك كۆرۈنگەن يالقۇنتاغ تېخىمۇ ئۇلۇغلىنىپ مۇقەددەس تاغ (قۇتتاغ - ئىدىقۇتتاغ) دەپ ئاتالغان. مۇقەددەس «ئىدىقۇتتاغ» ئۈستىدىكى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغان ئالتە چوققا كىشىلەر ئېغىزىدا بىرمۇنچە سوئاللارنى تۇغدۇرغان. بۇ چوققا ئالتە چوققا بولسىمۇ، ئەجدادلىرىمىزدىكى «يەتتە مۇقەددەسلىكى» چۈشەنچىسى بويىچە «يەتتە» دەپ ھېسابلىنىپ، بۇلار توغرىسىدا گۈزەل رىۋايەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن.

«يەتتە قىز، يەتتە يىگىتنىڭ تاشقا ئايلىنىشى توغرىسىدىكى رىۋايەت» تىمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ تاغقا چوقۇنۇش ئېتىقادى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن، يەتتە قىزنىڭ قېيىن ئەھۋالدا قېلىپ تاغقا قېچىشى، تاغدا تۇرۇپ كۆك تەڭرىدىن تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىشنى تىلىشى قاتارلىقلار. چۈنكى، قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىرى «ئاقساقاللار كېڭىشى»، «دۆلەت مەجلىسى» قاتارلىق مۇھىم ئىشلارنى مۇقەددەس تاغلار ئۈستىدە ئۆتكۈزەتتى①. ھازىرمۇ يەتتە قىزلار ئەتراپىدا ياشاۋاتقان ياشانغان كىشىلەر يەتتە قىزلار جايلاشقان ئىدىقۇتتاغنى كۆرسىتىپ «بۇ تاغ بىزنىڭ ئانىمىز، ئۇ بىزنى چۆلتاغدىن كەلگەن قوم - بورانلاردىن ساقلايدۇ» دەيدۇ. بۇلارمۇ تاغنى مۇقەددەس بىلىش ئېتىقادىنىڭ بۈگۈنكى داۋامى. «يەتتە قىز، يەتتە يىگىتنىڭ تاشقا ئايلىنىشى توغرىسىدىكى رىۋايەت» ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئاز - تولا «ئىسلام يېپىنچىسى» ئارتىۋالغان. شۇ سەۋەبلىكمۇ كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان.

ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىپ ئىككى ئەسىردىن كېيىن تەسەۋۋۇپچىلىق (سۇفىزىم) پەيدا بولدى. تەسەۋۋۇپچىلار سوبيېكتىپ بىۋاستە سېزىم ۋە ئىچكى تەسىرات ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىنلىشىش، ئادەم بىلەن ئاللاھنىڭ بىرلىشىشى دېگەن سىرلىق ئەقىدىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن پىر - ئۇستازلارغا مۇرىت بولۇپ ئۇلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە روھىنى چېنىقتۇرۇپ، قەلبىنى پاكلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلار خانىقا - مازارلاردا ئاللاغا ھەمدۇ - سانا ئېيتىپ زىكرى قىلىشىدۇ. مازار تاۋاپ قىلىش تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ بىر ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىدىن بىرى.

تەسەۋۋۇپچىلىق شىنجاڭغا ئىسلام دىنى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا كىرگەن بولۇپ، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرى ئىسلام ئەقىدىلىرىگە خېلى زور دەرىجىدە سىڭىپ كەتكەن. لېكىن، ئۇ 16 - ئەسىردە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا ئۆزگىچە يۆنىلىش ۋە نىشانغا قاراپ تەرەققىي قىلىپ، ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنى پەيدا قىلدى. بۇخارادىن «ئەۋلىيا»، «سەئىد» نامى بىلەن (1533 — 1534 - يىللار ئارىلىقىدا) دىيارىمىزغا كىرگەن مەخدۇم ئەزەم (تولۇق ئىسمى خوجا ئەھمەد كاسانى) ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنى «مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى» دەپ ئاتاپ ئاممىنى ئۆزىگە چوقۇندۇرغان ۋە «خوجىلار دەرگاھىغا كېلىپ مۇرىت بولغۇچىلارنىڭ گۇناھى ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ خۇدا مەغپىرەت قىلىدۇ②» دېگەننى تارقىتىپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردا سوپى - ئىشان سۇلۇكلىرىنى پەيدا قىلىپ سوفىزىمنى مىسلىسىز ئۇلغايتقان. مەخدۇم ئەزەمنىڭ 7 - ئوغلى ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى خوجا ئىسھاق ۋەلىي «سەئىدىيە خانلىقى تەۋەسىدە 40 مىڭ مۇرىت قوبۇل قىلغان، جايلارغا 64 خەلپەت تەيىنلىگەن.» ③

مەخدۇم ئەزەمنىڭ چەۋرىسى ئاپاق خوجا ئاز-
كەم يۈز مىڭ كىشىنى ئۆز مەزھىبىنىڭ ئې-
تىقادىغا بەيئەت قىلدۇرغان④. شۇنىڭ بى-
لەن ئاپاق خوجا جۇڭغارلارنىڭ ھەربىي كۈ-
چىگە تايىنىپ ھەم ئۆز مۇرىتلىرىنىڭ ماس-
لىشىشى بىلەن سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇ-
رۇپ تاشلاپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا جۇڭ-
غارلارغا بېقىندى ھاكىمىيەتنى تىكلىگەندىن
كېيىن ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرى تېخىمۇ كۆپەي-
گەن. ئۇلارنىڭ مازارلارغا تاۋاپ قىلىشى،
مازارلاردىن مەدەت تىلىشى تازا ئەۋج ئال-
غان. شۇنىڭ بىلەن مازارلار تەسەۋۋۇپچى-
لارنىڭ مۇھىم پائالىيەت سورۇنى بولۇپ
قالغان. شۇ مەزگىللەردە ئاپاق خوجا پىچان
لۈكچۈنگە كېلىپ تويۇق «ئەسھابۇلكەھف»
مازىرىنى ئىنقىلاپ⑤، بۇ جايدا ئەسھابۇل-
كەھف سۇلۇكىنى تەسىس قىلىپ، خوجىلار
نەسەبىدىن بولغان سوپى خوجىنى بۇ سۇلۇك-
كە باش قىلىپ تەيىنلىدى. شۇنىڭدىن باش-
لاپ پىچاندىكى لۈكچۈن، تويۇق، دىغار،
لەمجىن ۋە باشقا جايلاردىكى «ئۇلۇغلارنىڭ
قەدىمى يەتكەن جاي» لارنىڭ ھەممىسىگە
گۈمبەز ئورنىتىلىپ مازارلار بارلىققا كې-
لىشكە باشلىدى⑥. ئەسھابۇلكەھف سۇلۇ-
كىنىڭ باشلىقى سوپى خوجا ۋە نىياز خوجا
پىچان، تۇرپاندىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا
«جەۋھىرى سۇلۇك» ۋە تەسەۋۋۇپ يولىنى
چىڭ تۇتۇپ، سوپىلىق تەشۋىقاتىنى كۈچەي-
تىپ ئۆزلىرىگە نۇرغۇن مۇرىت توپلىدى.
شۇنىڭ بىلەن تۇرپان، پىچاندىمۇ سوپا -
ئىشانلار سىرتىمىقى ئاستىدا نۇرغۇن ئىتائەت-
مەن مۇرىتلار پەيدا بولدى. كېيىن سوپى
خوجىنىڭ نەۋرىسى، نىياز خوجىنىڭ ئوغلى
ئىمىن ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ
سوپىلىق تەرغىباتىنى كۈچەپ تەشەببۇس قى-
لىپ كۆچ توپلاپ لۈكچۈن بېگى ئەھمەد باقى
بەگدىن ھوقۇق تارتىۋالدى ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈ-
ۋەتتى. تۇرپان، پىچاندا تەسەۋۋۇپچىلىق تې-
خىمۇ كەڭ تارقالدى. مۇشۇ دەۋرلەرنى باش-
تىن كەچۈرگەن غوجامنىياز ئاخۇنلۇقۇمۇ
تەسەۋۋۇپچىلىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە
ئۇچرىماي قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خەلق

ئىچىدىكى رىۋايەت ۋە ئىمىن خوجىنىڭ قول-
لىشىغا تايىنىپ «يەتتە قىزلار مازىرى» نى
ئاشكارىلاپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن «يەتتە
قىزلار مازىرى» غا تاۋاپ قىلىش رەسمىي
شەكىللەندى.

مانا بۇ يەتتە قىز مازىرىنى تاۋاپ قى-
لىشنىڭ تارىخىي مەنبەئى ۋە سەۋەبىدۇر.

**4. يەتتە قىز مازىرى بىلەن مۇنا-
سىۋەتلىك يادىكارلىقلار ۋە جايلار**

يەتتە قىز مازىرىنىڭ كۆلىمى 150 مىڭ
كۇۋادرات مېتىر، يەتتە قىزغا ئاتاپ سېلىن-
غان يەتتە گۈمبەزنىڭ ھەربىرىنىڭ ئايلانمى-
سى 2.05 × 4 مېتىر، ئېگىزلىكى 2.90
مېتىر، خانىقانىڭ كۆلىمى 10 × 15.40
كۋادرات مېتىر، تىلاۋەتخانا 10 × 9.3
كۋادرات مېتىر، بۇلار مۇكەممەل ساقلىنىپ
كېلىۋاتىدۇ.

مازارنىڭ سۈپىسى، سائىللارغا ئاتاپ
سېلىنغان بىر قانچە گۈمبەزلىرى «مەدەنى-
يەت زور ئىنقىلابى» دا چېقىۋېتىلىپ، توپى-
لىرى زىرائەتلەرگە ئوغۇت قىلىش ئۈچۈن
ئېتىزلارغا تۆكۈلگەن.

يالغۇز گۈمبەز: غوجامنىياز ئاخۇنلۇ-
قۇم دەسلەپ ياساتقان، كىشىلەر تەرىپىدىن
يالغۇز گۈمبەز دەپ ئاتالغان. گۈمبەزنىڭ
ھازىرقى خارابىسىدىن قارىغاندا، ئىككى ئې-
غىزلىق گۈمبەز (ئىچكىرى - تاشقىرى
ئىككى ئېغىز ئۆي) بولۇپ، كۆلىمى 6×8.20
كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. گۈمبەز ئۆرۈ-
لۈپ كەتكەن بولسىمۇ، تاملىرى ۋە تامدىكى
ئەگمە ئويۇقلار ساقلىنىپ قالغان.

مازارنىڭ غەرب تەرىپىدە شامالنىڭ ئۇ-
پىرىتىشىدىن شەكىللەنگەن چوقچىيىپ تۇر-
غان چوققىلار بولۇپ، كىشىلەر بۇلارنى
«يەتتە قىزنىڭ تاشقا ئايلانغان تۆگىسى ۋە
يۈكلىرى» دەپ ئاتايدۇ.

غەربىي تاغدىكى يەتتە يىگىتلەر ئەتراپى-
دا تاش غارلار، مېۋە (ئالما، ئۆرۈك، شاپ-
تۇل...) شەكلىدىكى تاشلار، بۇغداي، گۈ-
رۈچ شەكلىدىكى تاشلار، ھورنان، پىرەنىك-
لەرگە ئوخشاش تاشلار ئۇچرايدۇ. كىشىلەر
بۇلارنى «يەتتە قىز تەڭرىدىن تىلەپ تاشقا

ئايلانغان ۋاقىتتا تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن مېۋە ۋە باشقا نەرسىلەر» دەپ چۈشەندۇرىدۇ.

ياڭاق بۇلاق: يەتتە قىز مازىرىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى يار ئىچىدە «ياڭاق بۇلاق» دەپ ئاتالغان بۇلاق بولۇپ، بۇ بۇلاقنى كىشىلەر «يەتتە قىز تەھارەت ئالىدىغان جاي» دەيدۇ. كۆز ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغانلار بۇ يەرگە كېلىپ يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ قايتىدۇ.

مازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قۇدۇقلۇق كارىز بولۇپ، بۇ تۇرپان كارىزلىرى تەتقىقاتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان كارىز. بۇ كارىزنىڭ سۈيى 1950 ـ يىللار ئەتراپىدا توختاپ قالغان. «كارىز سۈيىنى قايتا باشلاپ چىققانلىق» توغرىسىدا كىشىلەر ئارىسىدا رىۋايەت بار. بۇ قورۇق كارىزنىڭ ئېغىزى ئىككى يىل بۇرۇن يەرلىك (گۆر) چاپقۇچىلار تەرىپىدىن ئېتىۋېتىلدى.

چىڭگىل غوجام: مازارنىڭ شەرق تەرىپىدىكى مازار شەيخلىرى ئىلگىرى تېرىقچىلىق قىلغان، كېيىن بۇلاق سۈيىنىڭ ئازىيىپ كېتىشى بىلەن تاشلىۋەتكەن جاي بولۇپ، ئىككى يىل بۇرۇن قۇتۇبى ناھىيىسىدىن كەلگەن بىر ئايال «موللا» «بۇ جايغا يەتتە قىزلار قەدىمى تەگكەن، بۇلاق سۈيى يەتتە قىزنىڭ تاپىنى ئاستىدىن سىرغىپ چۇشىدۇ، بۇنى ماڭا پىرلىرىم بىشارەت قىلدى» دەپ، بۇ يەرنى «چىڭگىل غوجام» دەپ ئاتىدى. كېيىن قەشقەردىن كەلگەن بىر نەچچە «موللا» مۇ بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن يەتتە قىزغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر جاي پەيدا بولدى.

## 5. تاۋاپ پائالىيەتلىرى

تاتار تارىخچىسى قۇربان غەلىي خالىدى 1887 ـ يىلى پىچان لۇكچۇنگە ساياھەت قىلىپ كەلگەندە «يەتتە قىز مازىرىنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ، بۇ مازارنى ۋە يەتتە قىزنىڭ تاشقا ئايلانغان ئاجايىپ شەكىللىرىنى تاۋاپ قىلىشنى پىلان قىلغانلىقىنى» ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسى «كىتابۇ تارىخ جەرىدەئى جەدىيدە» دە يازىدۇ⑦

يەتتە قىزلار مازىرى شەكىللەنگەندىن باشلاپ كىشىلەر ئىزچىل تۈردە بۇ جايدا تاۋاپ پائالىيىتى قىلىپ كەلدى. بۇ پائالىيەتلەردىن مۇھىمراقلىرى:

1) ھەر يىلى ئىككى قېتىملىق ھېيتتا يۇرت خەلقى بۇ مازارغا يىغىلىپ ناماز ئوقۇيدۇ.

2) مازاردىكى خانىقا ۋە تىلاۋەتخانىلاردا ئولتۇرۇپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ يەتتە قىز ئارقىلىق ئاللاھتىن مەدەت تىلەيدۇ.

3) مۇۋاپىق پەيتلەردە، بولۇپمۇ ھەر يىلى مۇھەررەم ئېيىدا (ھىجرىيە 1 ـ ئاي) بۇ جايدا قۇربانلىق قىلىنىپ، داش قاينىتىلىپ، ھەممە كىشىگە ئاش ـ تاماق بېرىلىدۇ. بەزىلەر ئەھۋالىغا قاراپ سەدىقە تارقىتىدۇ. بۇ ئىشتا ئىلىم ئەھلىلىرى بىلەن يېتىم ـ يېسىرلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىدۇ. بۇ يەردە مازارغا كېلەلمىگەنلەرگە ئاتاپ كەلگەنلەر نەزىر نانلىرى ۋە ئاشلىرىنى ئېلىۋالىدۇ.

4) ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە، شەنبە كۈنلىرى نۇرغۇن كىشىلەر بۇ مازارغا كېلىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ قايتىدۇ.

5) بىر قىسىم كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ قۇربانلىق قىلىپ «نىيازمەنلىك» نەزىرىسى (كىچىك باللارغا نىيازچاچ، يەنى (كۇكۇلاچاچ) قويۇش نەزىرى) ئۆتكۈزۈپ، بالا ـ ۋاقىللىرىنىڭ بىرەرىنىڭ ئىسمىنى نىيازغا ئۆزگەرتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. شۇنداقلا يەنە نىياز چېچىنى كېسىش نەزىرىسىمۇ مۇشۇ جايدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە نۇرغۇن قوشقار، سەركە مۆڭگۈزلىرى، ئۆرۈلگەن چاچ ۋە كالتە چاچلار ساقلىنىۋاتىدۇ.

6) ئۆزۈنغىچە پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن ئاياللار بۇ مازارغا كېلىپ تاۋاپ قىلىپ، سەدىقە ـ ساخاۋەت قىلىدۇ. بەل تاڭدۇرۇش، تونىپ تەلەپ قىلىش، چىراغ يېقىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ.

بۇ يەردىكى بەل تاڭدۇرۇش مۇنداق ئېلىپ بېرىلىدۇ: شەيخلەر پاختىدىن يىپ ئېشىپ، يەتتە تۈگۈن تۈگىدۇ. ئاندىن تۇغمىغان ئاياللارنىڭ بېلىگە «ياخشى پەرزەنتلىك

بولغايسىز، يەتتە قىز، يەتتە يىگىتلەردەك پەرزەنتلىك بولغايسىز» دەپ تىلەك تىلەپ باغلايدۇ. ئاندىن يەنە بىر پەيشەنبىدە ئايالنىڭ بېلىدىكى تېگىقنى يېشىپ ئېلىپ مازاردىكى چىراغقا پىلىك قىلىپ، مازارغا چىراغ ياقىدۇ.

7) يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە ماغدۇرى يەتكەنلەر تاغ بېشىغا چىقىپ «تاشقا ئايلانغان يەتتە قىز»نى تاۋاپ قىلىدۇ، چىراغ ياقىدۇ، چوكان (شەددە) باغلايدۇ ۋە باشقىلار.

يەتتە قىز توغرىسىدا كىشىلەر ئارىسىدا يەنە بىر قانچە رىۋايەتلەر تارقالغان بولۇپ، كىشىلەر هازىرمۇ «يەتتە قىزلار هايات» دەپ ئىشىنىدۇ ۋە سەهەردە يۈزىنى يۇيماي يەتتە قىزلار مازىرى تەرەپكە قارىمايدۇ، «تاشقا ئايلانغان يەتتە قىزلار»نى قول سانجىپ تۇرۇپ ئىشارەت قىلمايدۇ.

قىسقىسى، يەتتە قىز مازىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېگىز تاغلارنى مۇقەددەس بىلىشىدىن شەكىللەنگەن ئېتىقادى ئاساسىدا پەيدا بولغان «يەتتە قىز ۋە يەتتە يىگىتنىڭ تاشقا ئايلىنىشى» توغرىسىدىكى رىۋايەتنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىن «ئىسلام يېپىنچىسى» بىلەن تارقىلىپ، خوجىلار دەۋرىدە مازارغا تاۋاپ قىلىشنىڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىشى، تۇرپاندىكى ئىمىن خوجىنىڭ بەگلىك هوقۇقىنى ئىگىلىشى، تۇرپاندا تەسەۋۋۇپنىڭ تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشى ئارقىسىدا غوجامنىياز ئاخۇنلۇقۇمنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن شەكىللەنگەن مازار.

ئىلىم - پەن تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كىشىلەرنىڭ ئىلىم - پەنگە بولغان تونۇشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن كىشىلەر يەتتە قىزلار مازىرى توغرىسىدا ئېنىق يەكۈننى قوبۇل قىلالايدۇ.

ئىزاهلار:

① ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى هەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989 - يىل نەشرى، 455 - بەت.

② هاجى نۇرهاجى: «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 - يىل نەشرى، 201 - بەت.

③ هاجى نۇرهاجى، چېن گوگۇاڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995 - يىل نەشرى، 256 -، 290 - بەتلەر.

④ هاجى نۇرهاجى، چېن گوگۇاڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995 - يىل نەشرى، 256 -، 290 - بەتلەر.

⑤ نىياز كېرىم: «تويۇقتىكى ‹ئەسهابۇلكەهف غارى› توغرىسىدا مۇهاكىمە»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ئىجتىمائىي پەن قىسمى، 2000 - يىل 2 - سان 79 - بەت.

⑥ ئابدۇرېشىت ئەهمەد: «لۈكچۈن تارىخى»، «پىچان تارىخ ماتېرىياللىرى» 16 - قىسىم، 2000 - يىل نەشرى 158 - بەت.

⑦ قۇربان غەلىي خالىدى: «كىتابۇ تارىخ جەرىدەئى جەدىدە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 - يىل نەشرى 130 - بەت.

## پايدىلانمىلار:

1. ئابلىم قېيۇم: «تۇرپان ئاسار ئەتىقىلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.

2. مازار شەيخلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن هازىرقى شەيخ سېيتنىياز هىزمەت (74 ياش)، هەمدۇل هىزمەت، ئېلىنىياز نەمەت، شازادىخان سېيتنىياز قاتارلىق كىشىلەر تەمىنلىگەن ئاغزاكى ماتېرىيال ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى رىۋايەتلەر.

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# قوچو ئۇيغۇر ئېلى دەۋرىدە ئۆتكەن ئىككى تارىخشۇناس ھەققىدە

ئىسرائىل مۇتىللا

## 1. تارىخشۇناس كى كى قورسا ئىچقۇ

ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ يايلاق ۋە دېھقانچىلىق ھاياتىدا ئۆز تارىخى ۋە ئەجدادلىرى توغرىسىدا ئاز بولمىغان تارىخىي يادىكارلىقلارنى، خاتىرىلەرنى قالدۇردى. بۇ جەرياندا ئاز بولمىغان تارىخشۇناسلار ياشاپ ئۆتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تارىخىنى ئۆزى يېزىش دەۋرى كۆك تۈرك خانلىقى دەۋرىدە باشلانغان بولۇپ، تۈرك ـ رونىك يېزىقى ۋە ئۇيغۇر يېزىقىدا ئۆزىنىڭ تارىخىنى يېزىپ قالدۇرۇپ، ئۇيغۇرشۇناسلىق تارىخىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالدى. بۇ تارىخ پايانسىز يايلاقلارغا تارقالغان مەڭگۈ تاشلار ئارقىلىق ساقلىنىپ قالدى. بۈگۈنكى كۈندە مەڭگۈ تاشلاردىكى تارىخ ۋە تىل جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك بىلەن ئاز ـ تولا تونۇشۇپ ئۆتۈۋاتقان بولساقمۇ، لېكىن ئاشۇ ئابىدىلەردىكى تارىخنى يازغان ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىرى ھەققىدە ماتېرىيال يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن تونۇشۇپ ئۆتۈش پۇرسىتى تولىمۇ ئاز بولۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پارلاق تارىخ ـ تەزكىرىلەرنىڭ ئاپتورلىرى ئۇنتۇلۇپ كېلىۋەردى. بۇلارنىڭ بىرى قوچو ئىدىقۇت تۆھپە مەڭگۈ تېشىنىڭ ئاپتورى كى كى قورسا ئىچقۇدۇر.

كى كى قورسا ئىچقۇ قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى (848 ـ 1369) نىڭ خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ياشىغان تارىخشۇناس ۋە شائىر. ئۇنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان ئەسىرى قوچو ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشىدۇر. ئاپتور توغرۇلۇق تېخى ئىشەنچلىك مەلۇمات يوق بولۇپ، تۆھپە مەڭگۈ تاشنىڭ ساقلىنىپ قالغان تۆۋەنكى قىسمىدىكى ئەڭ ئاخىرقى كۇبلېت شېئىردا ئاپتورنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق يېزىپ قالدۇرغان «ئىت يىلى، ئونىنچى ئاي، قۇتلۇق ياخشى كۈندە تولۇق تاماملاندى، مەن چامبالىقلىق كى كى قورسا ئىچقۇ پۈتتۈم① » دېگەن خاتىرىگە ئاساسەن، ئاپتورنىڭ چامبالىق (بۈگۈنكى سانجى ئەتراپىدىكى قەدىمى شەھەر) تا تۇغۇلغان شەخس ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئاپتورنىڭ ئىسمىدىكى كى كى توغرىسىدا قاھار بارات، ليۇيىڭشېڭ قاتارلىقلار «ئىدىقۇت قوچو خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكىستى ئۈستىدە سېلىشتۇرما ۋە تەتقىقات» دېگەن ماقالىسىدا بۇنى توخرى تىلىدىن كەلگەن دىنىي لەقەم، قورسا ئاپتورنىڭ ئىسمى②، ئىچقۇ سۆزى بولسا قوچو خانلىقى ئوردىسىدىكى ئىچكى ئىشلارغا ئائىت ئەمەلدارنىڭ نامى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى قەيت قىلغان. كى كى ياشاپ ئۆتكەن دەۋرى ھەققىدە قوچو ئىدىقۇت خانلىرى تۆھپە مەڭگۈ تېشىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. ئىدىقۇتلاردىن 1276 ـ يىلى ئىدىقۇت خاندانلىقىنىڭ مەركىزى قوچو دوۋا ۋە قايدۇ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىۋېتىلگەندىن كېيىن، بۈگۈنكى گەنسۇنىڭ يۇڭچاڭغا كۆچكەن قوچقار، تەمۈر بۇقا، سېڭگى، تايپۇنەم قاتارلىقلارنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى مەڭگۈ تاشتا خاتىرىلەنگەن. تايپۇنەمدىن كېيىنكى بىر قانچە ئىدىقۇت بولسا مەڭگۈ تاشتا تىلغا ئېلىنمىغان. شۈبھىسىزكى، ئاپتور تايپۇنەم ئىدىقۇت بولغان دەۋردە بۇ مەڭگۈ تاشنى يازغان ئادەم بولۇپ،

مەڭگۈ تاشتىكى كۆچۈشكە مۇناسىۋەتلىك با-
يانلارنىڭ بىر قەدەر تەپسىلىي ئىكەنلىكىگە
قارىغاندا، ئۇنىڭ ياشلىق دەۋرى قوچقار تې-
كىن ئىدىقۇت بولغان دەۋردە ئۆتۈپ، بەللە
كۆچۈپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. دۇۋا،
قايدۇ قوشۇنلىرى قارا قوچو شەھىرىنى ۋەي-
ران قىلىپلا قالماستىن، يەنە چامبالىغ قا-
تارلىق ئاۋات شەھەرلەرنىمۇ ۋەيران قىلغان.
نەتىجىدە بۇ يەردىكى ئاھالىلەرمۇ يۆتكىلىشكە
كۆچكەن. ئاپتورنىڭ قوچو ئىدىقۇتلىرى
مەڭگۈ تېشىدا «مەنكى چامبالىغلىق…» دەپ
خاتىرە قالدۇرۇشىدىن قارىغاندا، ئاپتور
ئۆزى مەجبۇرىي تاشلاپ چىقىپ كەتكەن يۇر-
تىغا بولغان تەلپۈنۈش ھېسسىياتىنى ئىپادى-
لىگەن. مەڭگۈ تاشنىڭ يېزىلغان ۋاقتىغا
كەلسەك، مەڭگۈ تاشتا تىلغا ئېلىنغان ئا-
خىرقى قوچو ئىدىقۇتى تايپۇنەم (ئاسايىش
تېكىن) مىلادىيە 1331 - يىلى ئاكىسى
سېڭگى تېكىننىڭ ئورنىغا ئىدىقۇت بولغان ۋە
مىلادىيە 1331 - 1335 - يىللار ئارىلىقىدا
تىكلەنگەن. بۇنىڭدىن كى كى قورسا ئىچقۇ-
نىڭ 13 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە
14 - ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە ياشىغان ئادەم
ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. مەڭگۈ
تاش ئۇيغۇر يېزىقى ۋە خەنزۇچە يېزىق بىلەن
ئايرىم - ئايرىم ئوخشاش بىر مەزمۇندا يې-
زىلغان. «قوچو ئىدىقۇتلىرى تۆھپە مەڭگۈ
تېشى» نىڭ نامى خاتىرە تاشنىڭ بۇزغۇنچى-
لىققا ئۇچرىماي قالغان قىسمىغا كېيىنكى-
لەر قويۇپ قويغان نام بولۇپ، ئۇيغۇرچە
تېكىستنىڭ ئەسلىي ماۋزۇسىنىڭ نېمە ئى-
كەنلىكى نامەلۇم. خاتىرە تاشتىكى ۋەقەلىك
شېئىرى شەكىل بىلەن بايان قىلىنغان تارىخ
بولۇپ، ئۇيغۇرچە تېكىستنىڭ ساقلىنىپ
قالغان قىسمى 61 كۇبلېت شېئىردىن ئىبا-
رەت. بۇ شېئىرلار تۆتلىك شەكىل بويىچە
ئاساسەن باش قاپىيىدە يېزىلغان. چىڭگىز-
خان ئەۋلادلىرى قۇرغان ھەرقايسى خانلىقلار-
نىڭ ئارىسىدا قالغان قوچو ئىدىقۇت خاندانلى-
قى قۇبلاي خانغا بولغان ماھىللىقى سەۋەب-
لىك، چاغاتاي جەمەتىنى تىزگىنلىۋالغان
قايدۇ - دۇۋا گۇرۇھى قوچو ئىدىقۇت خانلى-
قىدىن ھېساب ئېلىش ئۈچۈن مىلادىيە 1275
- يىلى ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ مەركىزى قو-
چونى 12 تۇمەن كىشىلىك قوشۇن بىلەن 6
ئاي ئەتراپىدا قورشاپ ئاخىرى شەھەرنى ۋەي-
ران قىلغان. ھەرقايسى شەھەرلەر چاغاتاي
خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قال-
غان. ئۇلار بۇ يەردە باشقا بىر ئىدىقۇتنى
ھاكىمىيەت بېشىغا چىقارغاندىن باشلاپ،
ئەسلىيدىكى قوچو ئىدىقۇتى قوچقار تېكىن
خان جەمەتى ۋە بىر قىسىم يۇقىرى قاتلامدى-
كىلەرنى ھەمدە خەلقنى ئەگەشتۈرۈپ يۇڭ-
چاڭغا كۆچۈپ بېرىپ يۈەن سۇلالىسىگە بېقى-
ندە بېقىنغان. يۈرىن تېكىننىڭ كۆچۈشى
يۈەن سۇلالىسىنىڭ شىزۇ خانىغا بەيئەت قى-
لىش ۋە ئاتىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشنى
كۆزلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ③. گەنسۇغا
كۆچكەن ئۇيغۇرلار ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە سى-
ياسىي جەھەتتە بېقىندى ھاكىمىيەت بولسى-
مۇ، تىل - يېزىق، ئۆرپ - ئادەت، مەدەنى-
يەت جەھەتتە ئىزچىللىقنى ساقلاپ، ئۆزلى-
رىنىڭ شانلىق تارىخى ۋە زۇلمەتلىك كۈنلى-
رىنى ياد ئېتىپ كەلگەن. قوچو ئىدىقۇتى
تايپۇنەم ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ شانلىق تارىخى-
نى ياد ئېتىپ تۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇ تارىخ-
نىڭ تىرىك شاھىدى بولغان كى كى قورسا
ئىچقۇغا بۇ خاتىرە تاشنى پەرمان بويىچە ياز-
دۇرغان. قوچو ئىدىقۇتلىرى تۆھپە مەڭگۈ
تېشى مۇشۇنداق ئەھۋالدا مەيدانغا كەلگەن.
مەڭگۈ تاشتا شۇ قېتىملىق كۆچۈشنى مەركەز
قىلىپ قوچو ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىن-
دىن باشلاپ تايپۇنەمغىچە بولغان ئىدىقۇتلار،
قوچو ئىدىقۇتلىرىنىڭ تۇرپان ۋە گەنسۇدا
قۇرغان ھاكىمىيەتلىرى، شۇ چاغدىكى يۈەن
سۇلالىسى ۋە باشقىلار بىلەن بولغان سىيا-

سىي مۇناسىۋەتلىرى، موڭغۇل ئوردىسى بىلەن بولغان تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قانۇنىي ۋارىسى سۈپىتىدە 100 يىلدىن ئارتۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تارىخنى شەرھىلەپ بەرگەن ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ گەنسۇغا كۆچۈشى توغرىلىق قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان. بۇ خاتىرە تاش ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ، چاغاتاي خانلىقىنىڭ مۇستەقىللىق خاھىشىدا گەنسۇدىكى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن تۇرپاندىكى قوچو ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئىجتىمائىي ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالغان مۇشۇنداق شارائىتتا مەڭگۈ تاش بۇ ئىككى يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئۆزگىرىشىگە پاكىت بولالايدۇ.

كى كى قورسا ئىچقۇ توغرۇلۇق مەلۇمات مانا مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت بولۇپ، گېرمانىيىنىڭ بېرلىن شەھىرىدە ساقلىنىۋاتقان تۇرپان تېكىستلىرىدىن T Ⅲ M — 252 (ئۈچىنچى قېتىملىق پروسىيە تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى مۇرتۇق 252) نومۇرلۇق شېئىر پارچىسىنىڭ ئاپتورى كى كى دېيىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قوچو ئىدىقۇتلىرى تۆھپە مەڭگۈ تېشىنىڭ ئاپتورى بىلەن بىر ئادەم ئەمەسلىكى ئىسپاتلانغان. بېرلىن، لوندون قاتارلىق شەھەرلەردىكى خېلى كۆپ قىسىم تۇرپان تېكىستلىرىدىن خەۋەرسىز ھالەتتە، بەلكىم قورسا ئىچقۇ توغرۇلۇق تەپسىلىي مەلۇمات شۇ يەردە ساقلىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە تۇرپان تېكىستلىرىنىڭ گېرمان، ئېنگلىز، فرانسۇز تىللىرىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتورنىڭ ئەسلىي تولۇق تەرجىمىھالى بىلەن چوقۇم يۈز كۆرۈشەلەيمىز.

## 2. سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭ

ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى تۇرپان رايونىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇپ چىققان قوچو ئۇغۇر خانلىقى دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن ۋە بۇ زېمىن، شۇنداقلا غەربىي يۇرت توغرىسىدا قىممەتلىك تارىخىي ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان تارىخچىلىرىمىز ئىچىدە مەشھۇر تەرجىمان، تىل ئۇستىسى سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ تارىخ جەھەتتىكى تۆھپىسىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردىكى تارىخچىلارنىڭ غەربىي يۇرت ۋە ھىندىستاننىڭ يەر - جاي ناملىرىنى، تىل - يېزىقى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئۇنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىدە بەرگەن ئۇچۇرلىرى ۋە ئىزاھاتلىرى ناھايىتى قىممەتلىك ۋە مۇھىم روللارنى ئويناپ كەلمەكتە.

بۇ مەشھۇر تىل ئۇستىسى، يېتۈك تەرجىمان، تارىخچىنىڭ ياشىغان دەۋرى ۋە ئېنىق ئىسمى توغرىسىدا ھازىر ھەرخىل كۆز قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ، ئومۇملاشتۇرغاندا ئۇ قوچو ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىدە (848 - 1369 - يىلغىچە) ياشاپ ئۆتكەن. كونكرېت ئېيتقاندا، سېڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ياشاپ ئۆتكەن دەۋرىنى ئېنىقلاشتا ئۇ تەرجىمە قىلغان «ئالتۇن يارۇق» ۋە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسەرلەرگە كۆپرەك مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ زادى قاچان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت. گېرمانىيىلىك تۈركولوگ مۇللېر ئالتۇن يارۇقنىڭ تۇرپان نۇسخىسى بىلەن ۋېنشۇگۇ نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق مىلادىيە 8 - ئەسىر ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنرەك تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. ئا. ۋون. گابائىن «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىكى بىر قىسىم ئۇچۇرلارغا ئاساسەن كېيىنكى تاڭ

دەۋرىدە (923 ـ يىلىدىن 935 ـ يىلىغىچە) تەرجىمە قىلغان، دەپ قارايدۇ⑤. پروفېسسور فېڭ جياشېڭ بولسا شىمالىي سۇڭ دەۋرىدە (960 ـ يىلىدىن 1127 ـ يىلىغىچە) تەرجىمە قىلغان، دەپ قارىغان. رۇسىيىلىك رادلوف بىلەن مالوف بۇ ئەسەرنى 13 ـ 14 ـ ئەسىرلەردە تەرجىمە قىلغان دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىدىكى گىراماتىكىلىق قائىدىلەر ۋە ئىشلەتكەن سۆزلىرىنىڭ دەۋر خۇسۇسىيىتىگە قاراپ 8 ـ 9 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنى يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە، دەپ قارايدۇ⑥. ھەمدە ئالتۇن يارۇقنىڭ تىلىنىڭ 9 ـ 10 ـ ئەسىرلەردىكى پىشقان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. يۇقىرىقى كۆز قاراشلار ئىچىدە ئېتىراپ قىلىنىپ تەكىتلىنىۋاتقىنى 10 ـ ئەسىر ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن تەرجىمە قىلىنغان، دېگەندىن ئىبارەت. يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭمۇ 10 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن تارىخىي شەخس. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ تەپسىلىي ھاياتى توغرۇلۇق ئېنىق ئىشەنچلىك، تولۇق ماتېرىيال يوق، ئۇنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق قالدۇرغان ئۇچۇرلىرى «ئالتۇن يارۇق» ۋە «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن تەرجىمە ئەسەرلىرىدە ساقلىنىپ قالغان. 1908 ـ يىلى مۇللېر تەرجىمە قىلغان «ئالتۇن يارۇق»نىڭ T II. V56 نومۇرلۇق ۋارىقىنى، 1910 ـ يىلى مالوف تەرجىمە قىلغان سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن تېپىلغان نۇسخىسىنىڭ خاتىمىسىنى، گېبىڭ شىمىن 1958 ـ يىلى تەرجىمە قىلغان «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى»نىڭ تۇرپاندىن تېپىلغان نۇسخىنىڭ 7 ـ بۆلۈمىنى، تۈركىيىلىك سىناشى تېكىن 1965 ـ يىلى ئېلان قىلغان گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قول يازمىلار ئىچىدىن سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىمە قىلغان نوم ۋارىقىنى، 1985 ـ يىلى قاھار بارات پىچاندىن تېپىلغان سىڭقۇ سەلى تەرجىمە قىلغان نوم ۋارىقىنىڭ، دولقۇن قەمبىرى ترانسكرىپسىيە قىلغان نۇسخىنى كۆرگىنىمىزدە ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە «... بەشبالىقلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ... تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان ...» دېگەن قىممەتلىك ئۇچۇر ئۇچرايدۇ. بىز بۇ ئۇچۇر ئارقىلىق سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يازلىق پايتەختى بەشبالىق شەھىرىدە ياشاپ ئۆتكەن شەخس ئىكەنلىكىنى، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ دېگەن ئۇنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بۇ توغرىسىدىمۇ ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار بار. دەسلەپكى ئىزدىنىش ماتېرىياللىرى ۋە خەنزۇچە مەنبەلەردە قالدۇرۇلغان قىسمەن خاتىرىلەردە «سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ ئەسلى ئىسمى سىڭقۇ بولۇپ، سەلى ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى بولۇشى مۇمكىن» دېيىلگەن. تۇتۇڭ ئۇنىڭ راھىبلىق مەرتىۋىسىگە بېرىلگەن نام ئىكەن⑦. يەنە بىر قىسىم ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، سىڭقۇ ئۇنىڭ ئۆز ئىسمى، سەلى تۇتۇڭ ئۇنىڭ راھىبلىق نامى ياكى راھىبلىق مەرتىۋىسىدۇر⑧ دېيىلگەن. يەنە بىر خىل كۆز قاراشتىكىلەر سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرجىماننىڭ دىنى نامىنىڭ تولۇق ئاتىلىشىدۇر، دەپ قارايدۇ. 1975 ـ يىلى گېئورگى خازاي سىڭقۇ سەلى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان «تەننى، كۆڭۈلنى كۆرمەك» ئاتلىق نومنىڭ 5 ـ ۋارىقىنى ئېلان قىلغاندا كۆرۈلگەن. « 胜光法师 » دېگەن خەنزۇچە خەتكە ئاساسەن «سىڭقۇ»نى ئىسىم بولماستىن خەنزۇچە « 胜光 » دىن كەلگەن دىنى لەقەم دەپ تونۇيدۇ. فرانسىيىلىك خامىلتون «سەلى»نى سانسكرىتچە acarra (ئۇستاز)

نىڭ خەنزۇچە قىسقارتىلغان ئاھاڭ تەرجىمىسى بولغان « 阇梨 » دىن كەلگەن، تۇتۇڭ بولسا خەنزۇچە « 都统 » دىن كەلگەن بولۇپ، 9 ـ 10 ـ ئەسىرلەردىكى بۇددا دىنى راھىبلىرىنىڭ ئەمەل نامىنى كۆرسىتىدۇ⑨، دەپ ھېسابلايدۇ. يۇقىرىقى قاراشلارنىڭ ھەممىسىدە سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ بىر بۇددا راھىبى ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ تۇرىدۇ.

سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ئۇنىڭ ئىسمى ياكى راھىبلىق ئەمەل نامى بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ تۆھپىلىرى يەنىلا بىر ئۇلۇغ تەرجىمان، تىلشۇناس، تارىخچىنىڭ نامىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇپ تۇرماقتا. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ تەرجىمە پائالىيەتلىرى ۋە ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش نۆۋەتتە تىلشۇناسلىق ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىمۇ زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگىدۇر.

سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ دىيارىمىزنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىدىن مەلۇمات بېرىدىغان ئۆز ئەسىرى تېخىچە تېپىلمىدى. ئەمما ئۇ تەرجىمە قىلغان «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن تەرجىمە ئەسەردە بۇ زېمىن توغرۇلۇق نۇرغۇن تارىخىي قىممەتكە ئىگە ئۇچۇرلار بېرىلگەن. «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسەر 7 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر خەنزۇ سەيياھ، تەرجىمان، بۇددا ئالىمى شۈەنزاڭ (ھويقىتسۇ) نىڭ شاگىرتلىرى خۇيلى بىلەن ياڭ زوڭ تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسەر بولۇپ، شۈەنزاڭنىڭ مىلادىيە 629 — 641 ـ يىللىرى غەربىي يۇرت، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستانغا قىلغان سەپەرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش جەريانىدا شۈەنزاڭ تەرىپىدىن خەنزۇچە خەتلەر بىلەن ئاھاڭ تەرجىمىسى قىلىنغان ياكى مەنا تەرجىمىسى بېرىلگەن غەربىي يۇرتتىكى بىر قىسىم يەر ـ جاي ناملىرىنى يەرلىك خەلقنىڭ تىلىدىكى ئەسلىي ئاتىلىشى بويىچە ئېنىقلاپ بەرگەن. مەسىلەن، قەشقەرنىڭ نامى كاشبالىغ، خوتەننىڭ نامى ئودۇن، ئاقسۇنىڭ نامى بالۇك، چەرچەننىڭ نامى سارامان... قاتارلىقلار. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ بۇ تۆھپىسى شۇ دەۋردىكى بۇ يەردە ياشاۋاتقان خەلقنىڭ تىل ـ يېزىقى، مەدەنىيىتى ۋە دىنى ئېتىقادى قاتارلىق تەرەپلەردە ئىلمىي يەكۈن چىقىرىشتا ناھايىتى زور بولۇپ، ھەرخىل مەدەنىيەتلىرىنىڭ تەسىرىدە شىنجاڭدىكى قەدىمكى بەگ ـ بالىقلارنىڭ ناملىرىنىڭ ئۆزگىرىش ياساش جەريانىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە. بۇنىڭدىن باشقا، بىر قىسىم بەگ ـ بالىقلارنىڭ تىل ـ يېزىقى، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە كىيىم چىقىشىغا دائىر مەلۇماتلار سىڭقۇ سەلى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىدا تېخىمۇ تولۇق يورۇتۇپ بېرىلگەن. مەسىلەن، خەنزۇچە نۇسخىدا ئودۇن دۆلىتى توغرىسىدا «بۇ ئەلنىڭ پادشاھى جاسارەتلىك كىشى بولۇپ، بۇددىزىم ئەقىدىسىگە ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۆزىنى ۋايجىرا ۋانانىڭ ئەۋلادى دەپ قارايدۇ. يېزىقى ئەنتەكەكتىن كەلگەن، ئازراق ئۆزگەرتىلگەن، ئۆرپ ـ ئادىتى غۇزلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ» دېيىلگەن بولسا، ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسىدا تېخىمۇ ئېنىق ۋە تولۇق ھالدا «ئودۇن پادشاھى ئىنتايىن باتۇر، دانىشمەن، خۇشخۇي كىشى بولۇپ، ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئابرويلۇق كىشىلەرنى ئەتىۋارلايدۇ. بۇ دۆلەت گۇستانا دەپ ئاتىلىدۇ. مەنىسى يەر ئەمچىكى دېگەنلىك. ئودۇن پادىشاھى ۋايجىراۋانانىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بولۇپ، يەر ئەمچىكىنى ئىمىپ چوڭ بولغانلىقتىن شۇنداق دەپ ئاتالغان... بۇ دۆلەتنىڭ

ئىككى خىل يېزىقى بار، يىراقتا نىسبەتەن ئەنەتكەك يېزىقنى ئىشلىتىدۇ. يېقىنغا ئۆز يېزىقنى ئىشلىتىلىدۇ. ئۆز يېزىقى ئەنەتكەك يېزىقىغا ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا يەنە بەزى ئۆزگىچىلىكلەر بار. بارلىق سوغدىلار بىلەن قانۇن ۋە ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتە ئوخشىمايدۇ» دەپ شەرھىلەنگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سىڭگۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ تارىخىي بىلىمى تولىمۇ مول بولۇپ، ئۇ قوچودىن يىراق جايدىكى ئودۇننىڭ «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» دىمۇ تىلغا ئېلىنمىغان ئەھۋاللىرىنى ئېنىق سۆرەتلەپ بەرگەن. تېخى ئودۇنلۇقلارنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتىكى پائالىيەتلىرىنى «... ئىككى خىل يېزىق قوللىنىلىدۇ...» دېيىش ئارقىلىق سۆرەتلەپ بەرگەن. ئۇ يەنە ئودۇنلۇقلار بىلەن سوغدىلارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قانۇن ۋە ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتتە ئوخشىمايدىغانلىقىنى شەرھىلەپ، ۋاسىتىلىك هالدا ئۆزىنىڭ سوغدىلارنىڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتى، تىل ـ يېزىقى، قانۇنى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىنمۇ تولۇق خەۋەردار ئىكەنلىكىدىن ئۇچۇر بەرگەن.

سىڭگۇ سەلى تۇتۇڭ يەنە تاڭ سۇلالىسىنىڭ شىمالى زېمىنلىرىدا ياشايدىغان تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە خەنزۇلار بىلەن ئارىلاش ياشايدىغانلىقىدىن ئۇچۇر بەرگەن. بۇ سىڭگۇ سەلى تۇتۇڭنىڭ جۇڭگونىڭ، جۈملىدىن سېرىق دەريانىڭ شىمالىدا ياشايدىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆتمۈش تارىخى توغرىسىدىكى تارىخى بىلىملىرىنىڭ مول ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. سىڭگۇ سەلى تۇتۇڭ گەرچە هاياتىدا مەخسۇس بىر تارىخىي ئەسەر يازمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەرجىمە ئەسەرلەرگە سىڭدۈرگەن تولۇقلىما خاراكتېرىدىكى تارىخىي بايانلىرى ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى يېتىشكەن بىر تارىخچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

پايدىلانمىلار:

①②④ قاهار بارات، ليۇيىڭشىڭ: «ئىدىقۇت قوچو خانلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشىنىڭ ئۇيغۇرچە تېكىستى ئۈستىدە سېلىشتۇرما ۋە تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1985 ـ يىل 1 ـ سان 95 ـ بەت.

③ ۋاڭ زوڭۋېي: «قوچو ئۇيغۇرلىرى ئىدىقۇت جەمەتى ۋە ئۇلارنىڭ يۈڭچاڭغا كۆچۈپ بېرىپ ماكانلىشىش جەريانى»، «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1989 ـ يىل 3 ـ سان 146 ـ بەت.

⑤⑧ غاپپار روزى: «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى ۋە مەدەنىيەت ئەربابى سىڭگۇ سەلى تۇتۇڭ هەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى» ئىلمىي ژۇرنىلى 1986 ـ يىل 1 ـ سان 83 — 86 ـ بەتلەر.

⑥⑦ ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق: «ئالتۇن يارۇقنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 2003 ـ يىل 7 ـ سان 44 ـ بەت.

⑨ ئىسراپىل يۈسۈپ: «سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ»، «تارىم» ژۇرنىلى 1986 ـ يىل 2 ـ سان 154 ـ بەت.

(ئاپتور: ئۈرۈمچى چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتى قانۇن فاكۇلتېتىدا)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# ئەرگىنەقۇننىڭ ئورنى ھەققىدە

## تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

«ئەرگىنەقۇن» — تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرگە، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارغا كۆپرەك تونۇشلۇق. چۈنكى ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، يەنى ئۇيغۇرلار كۈچلۈك دۈشمەندىن يېڭىلىپ، ئەتراپى تىك، ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان جىلغىغا قاپلىنىپ قالغان، دۈشمەن قىستاپ كېلىۋاتقان، ھايات قېلىش ياكى ئۆزۈل - كېسىل يوقىلىش مەسىلىسى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىچىلىكلا قالغاندا، بىر بۆرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن تۆيۈق بولمىغان، ھەم ئۆزۈن، ھەم قاراڭغۇ غاردىن ئۆتۈپ، ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرغان، سۇلار شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغان، تۇرلۇك - تۈمەن قۇشلار سايرىشىپ تۇرغان جەننەتتەك ماكانغا چىقىپ قالغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن ھالاكەتتىن قۇتۇلغانلىقى بايان قىلىنغان رىۋايەت پەيدا بولغان جاي. بۇنىڭ ئۈچۈن «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1980 - يىللىق 1 - سانىغا بېسىلغان «ئەپسانە ۋە رىۋايەت» سەرلەۋھىلىك ماقالىغا، شېرىپىدىن ئۆمەرنىڭ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن ئوچېرىكلار» ناملىق كىتابىغا، ئابدۇرېھىم سابىتنىڭ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتابىغا، ئابدۇكېرىم رەھماننىڭ «يىپەك يۇرتىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر» ناملىق كىتابىغا ۋە ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۇسەيىنلەر يازغان «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى» ناملىق كىتابقا قارالسا كۇپايە. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرىدە «ئەرگىنەقۇن» دېيىلىدىغان جاينىڭ ئورنى كۆرسىتىلگەن، بىراق بۇ مەۋھۇم بولۇپ قالغان. ئالايلۇق، پروفېسسور شېرىپىدىن ئۆمەر كىتابىدا: «داستاننى ئوقۇغىنىمىزدا شەرق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى بولغان شەرقىي تۇرالارنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى، ئوتلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىكى ۋە ئىنسانىي ماھىيىتى كۆچىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇسىنى ئالغان مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ناھايىتى قەدىمىي تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى كۆزگە تاشلىنىدۇ. داستاندا ئىپادىلەنگەن بۇ ھەقىقەتنى 17 - ئەسىردە بۇ يەرنى بېسىۋالغان چاررۇسىيە، بۇ يەرنى ‹تۆمۈرچىلەر تېغى› دەپ ئاتىغان سۆزىدە ئىلاجىسىز ئىسپاتلىغان ئىدى. بۇ ھالنى ھازىرقى زامان ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرى تولۇپ تاشقان پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىماقتا»① دەپ كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

يۇقىرىدىكى مەلۇماتتىن ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ قانداق چۈشەنچىگە كەلگەنلىكىگە بىر نەرسە دېيىش تەس. ئالايلۇق، چاررۇسىيە 17 - ئەسىردە قەيەرنى بېسىۋالغان؟ ئىلاجىسىزلىقتىن ئېتىراپ قىلغان «تۆمۈرچىلەر تېغى»نىڭ ئورنى قەيەردە؟ بۇ جاي ئالتاي تېغىدىمۇ؟ يېنىسەي دەريا ۋادىسىدىمۇ؟ ياكى بولمىسا ئورقۇن دەريا ۋادىسىدىمۇ؟ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا بىر نەرسە دېيىلمىگەن.

تەتقىقاتچى ئابدۇرېھىم سابىت: «ئەرگىنەقۇن — موڭغۇلىيىدىكى ئۆتۈكەن تاغ جىلغىلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، ھازىرقى تۇرپان ئاستانىدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرى مىلادىيە 9 - ئەسىردىن بۇرۇن ئەنە شۇ جايلاردا ياشىغان. ئۇلار ئۆز زامانىسىدا ‹ئەرگىنەقۇن

مەسىلىلىرى، دەپ ئاتالغان داستانلارنى ياراتقان. بۇ داستاندا شۇ جايلاردا ياشىغۇچى ‹ئون ئۇيغۇر، قەبىلىلىرىنىڭ ئۆتۈكەن تاغ جىلغىلىرىدىن رودا قېزىپ، ئۇنى تاۋلاپ، ھەرخىل تۆمۈر قوراللارنى ياسىغانلىقى، تاش قوراللار دەۋرىگە خاتىمە بېرىپ، تۆمۈر قوراللارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنى راۋاجلاندۇرغانلىقى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى ئىپادىلەنگەن»② دەيدۇ. بۇنىڭدا «ئەرگىنەقۇن» نىڭ «ئۆتۈكەن» دېگەن جايدا ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. تەتقىقاتچى ئابدۇرېھىم سابىت نېمە ئۈچۈن «ئەرگىنەقۇن» نىڭ ئورنىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويالىدى؟ بۇنىڭغا تۆۋەندىكى نۇقتىلار ئاساس بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۆتۈكەن مىلادىيە 840 ـ يىلىغىچە ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مەركىزى بولغان. چۈنكى، بىز ھازىر ئورقۇن ـ يېنىسەي يېزىقى دەپ ئاتاۋاتقان يېزىقتا تاشقا ئويۇش يولى بىلەن ساقلىنىپ، زامانىمىزغا قەدەر يېتىپ كېلەلىگەن مەڭگۈ تاش يېزىقلىرىدا «ئۆتۈكەن» دېيىلىدىغان جاي بەكمۇ ئۇلۇغلىنىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

1. «شەرقتە خىتانلاردىن، جەنۇبتا تابغاچتىن، غەربتە قورداندىن، شىمالدا ئوغۇزلاردىن بولۇپ ئىككى ـ ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇن كېلىشى مۇمكىن، مەن ‹خاقانىمغا، شۇنداق دېدىم. خاقانىم مەن ئۆزۈم — بىلگە تونيۇقۇقنىڭ ئۆتۈنگەن ئۆتۈنچۈمگە قوشۇلدى. ‹ئۆز كۆڭلۈڭچە ئىش قىلىۋەر› دېدى. كۆك ئۆڭدىن يۇقىرىلاپ قوشۇننى ئۆتۈكەن تاغقا باشلىدىم».

2. «شۇندىن كېيىن ئوغۇزلارنىڭ ھەممىسى كەلدى. تۈرك خاقانىنىڭ، تۈرك خەلقىنىڭ ئۆتۈكەندە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، مەنكى بىلگە تونيۇقۇقنىڭ ئۆتۈكەندە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، جەنۇبتىكى خەلقلەر ۋە غەربتىكى، شىمالدىكى، شەرقتىكى خەلقلەرنىڭ بارلىقى كېلىشتى».

3. «مۇشۇنداق كۆپ خەلقنى مەن ئۇيۇشتۇردۇم. ئەمدى ئۇلارغا يامانلىق يوق، تۈرك خاقانى ئۆتۈكەن تاغدا ئولتۇرۇۋەرسە، ئەلدە مۇڭ ـ قايغۇ بولمايدۇ».

4. «مەن شۇنچىلا كۆپ جايلارغىچە قوشۇن تارتىپ باردىم، ‹لېكىن› ئۆتۈكەن تېغىدىن ياخشى جاي زادى يوق ئىكەن. ئەلنى ئىدارە قىلىدىغان يەر ئۆتۈكەن تېغى ئىكەن».

5. «... ئۇ يەرگە بارساڭلار، تۈرك خەلقى ئۆلىسىلەر. ئۆتۈكەن زېمىنىدا ئولتۇرۇپ، ‹ئۇلارغا› كارۋان ۋە ئەلچىلەرنىلا ئەۋەتسەڭلار ‹ئەلدە› ھېچقانداق غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ. ئۆتۈكەن تېغىدا تۇرۇۋەرسەڭلار، ئەلنى مەڭگۈ تۇتۇپ تۇرالايسىلەر».

6. «مۇقەددەس ئۆتۈكەن تېغىدىكى خەلقلەر، كەتتىڭلار، شەرققە بارىدىغىنىڭلار شەرققە كەتتىڭلار، غەربكە بارىدىغىنىڭلار غەربكە كەتتىڭلار».

7. «تەڭرىدىن بولغان ئەل ئەتمىش بىلگە خاقان... تۆلىس ... ئۆتۈكەن ئەتراپى ئېلى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرىدىكەن، سۈيى سېلىنگا دەرياسى ئىكەن».

8. «شۇ ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى كەيرە باشى ۋە ئۈچ بىر كۆدا تاتارلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدىم. سىڭار خەلقى بويى سۇندى، سىڭار خەلقى...غا كىردى. ئۇ يەردىن يەنە چۈشتۈم ‹كەلدىم›. ئۆتۈكەن تېغىدا قىشلىدىم، دۈشمەندىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن تۇرمۇش كەچۈردۈم، ئىككى ئوغلۇمغا يابغۇ، شاد نامىنى بەردىم. ‹ئۇلارنى› تاردۇش، تۆلەس خەلقىگە ‹باش› قىلدىم. شۇنداق قىلىپ، يولۋاس يىلى ‹750 ـ يە-

لى، چىكلەرگە يۈرۈش قىلدىم. ئىككىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى كەم دەرياسىدا ‹ئۇلارنى› تارمار قىلدىم. شۇ يىلى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىي ئۇچىدا تەز بېشىدا قاسار قوردان ئوردىسىنى ياساتتىم، ئوردا تېمىنى ياساتتىم».

9. «توشقان يىلى ‹751 ـ يىلى› بەشىنچى ئايغىچە...... ئەجدىھا يىلى ‹752 ـ يىلى› ئۆتۈكەن تېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۈڭۈز باشقان ‹دېگەن› مۇقەددەس چوققىنىڭ غەربىدە ياباش ‹ۋە› توقۇش قوشۇلىدىغان جايدا يازلىدىم، ئۇ يەردە ئوردا سالدۇردۇم».

10. «توققۇز ئوغۇز ...... بەگلىرى كەلدى... دۈشمەنلىشىپتۇ. ئۆگزۈنبەگ ۋە قارا بۇلۇقتا ئولتۇراقلاشقان قىرغىزلارغا ئادەم ئەۋەتىپ «سىلەر قوشۇن تارتىپ چىقىرىڭلار، چىكلارنىمۇ چىقىرىڭلار» دەپتۇ. «دىققەت قىلىڭلار، ئورمانلىقتا ئۇچرىشايلى!» دەپتۇ. ئۆتۈكەن...... دەپتۇ».

11. «ئۇلارنى بوي سۇندۇرالمىدىم. سىرتتىن ئۈچ قارلۇق ئۈچ ئىدۇق، تاتار ...... تۈركەش ......ق ئۆتۈكەندە، مەن ...... بېشىدا ‹ئۇلارغا› زەربە بەردىم».

12. «قوي يىلى ‹755 ـ يىلى› ...... يازلىدىم ...... تابغاچ خانى خاقان ...... بېرىپتۇ ...... بىر قىزى، سەككىز ئوغلىنى ئەسىرگە ...... يېنىپ كەلدىم ...... ئىككى ‹قىسىم› خەلقنى ئېلىپ، ...... ئۆتۈكەن ...... زەربە بەردىم».

يۇقىرىدا ئابدۇقېيۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسرائىل يۈسۈپلەر تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1984 ـ يىلى 4 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلگەن «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» ۋە «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» دىكى «ئۆتۈكەن»گە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. خۇددى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ يازما يادىكارلىقلاردا «ئۆتۈكەن» دېيىلىدىغان جاينى ئەينى ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر «مۇقەددەس» ھېسابلىغان. ئاشۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇنى مۇقەددەس ھېسابلايدىغانلىقى بىزگە مەلۇم ئەمەس. بۇنى تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. بىراق، شۇ دەۋرلەردە ئۆتۈكەننىڭ مۇقەددەس جاي ھېسابلانغانلىقىنى كۆرۈۋېلا، ئۆتۈكەننى «ئەرگىنەقۇن داستانى»نىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئاساس بولغان جاي دېسەك مۇۋاپىق كېلەمدۇ ـ يوق؟ ئويلىشىپ كۆرسەك.

11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ ئېنسىكلوپېدىك ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تە «ئۆتۈكەن» ھەققىدە توختىلىپ، «ئۆتۈكەن — تاتار ‹موڭغۇل› دالاسىدىكى بىر يەرنىڭ نامى. ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن»③دەيدۇ.

11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن يەنە بىر مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىب «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا:

1961. بەگ ئولغاي خەلق ئۈچۈن جەسۇر، قەھرىمان، بۇنىڭلە قىلىنۇر چوڭ ئىشلار ھامان.

1962. ئىشتىكىن، ئۆتۈكەن بېگى نېمە دەر، سىناپ ھەم سۆزىنى بىلىپ قىلغان ئەر.

1963. خەلق بېگى تولىمۇ خىل بولماق كېرەك، كۆڭۈل، تىل تۈز، خۇلقى ئۈز ئولماق كېرەك دەپ، ئەينى دەۋردە ئۆتۈكەندە ئۆتكەن ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر خانلىقىدا سەلتەنەت سۈرگەن خان ـ بەگلەرنىڭ ساپاسىنىڭ ياخ-

شىلىقىنى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش جەھەتتىكى سەنئىتىنى ئۆلگە قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن «ئۆتۈكەن» دېگەن جاينى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ھازىرقى زامان نەزمىي يەشمىسىگە ئىشلىگۈچى مۇتەخەسسىسلىرىمىز «ئۆتۈكەن»گە ئىزاھ بېرىپ، «ئۆتۈكەن – كۆكتۈركلەرنىڭ ئورقۇن ۋادىسىدىكى مۇقەددەس ئانا ۋەتىنى» دەيدۇ.

تۆۋەندە خەنزۇچە ماتېرىياللاردىكى «ئۆتۈكەن»گە دائىر مەزمۇنلارغىمۇ قاراپ باقايلى:

خەنزۇچە ئۈچ تومluq «سىخەي»دە: «ئۆتۈكەن – قەدىمكى تاغ بولۇپ، خەنزۇچە 乌德建山，于都斤山 دەپ يېزىلىدۇ. بۇ ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى خانگاي تېغىنى كۆرسىتىدۇ. مىلادىيە 7 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىغىچە ئىلگىرى – ئاخىر كۆكتۈرك، سىر – تاردۇش، ئۇيغۇر قاتارلىق كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ مەركىزىي تايانچ بازىسى بولغان»④ دېيىلگەن. يۇقىرىدىكى مەلۇماتتىن قەدىمدە «ئۆتۈكەن» دېيىلىدىغان جاينىڭ ھازىرقى «خانگاي» دېيىلىدىغان تاغ ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئۇنداق بولسا، بۇ ھەقتىكى مەلۇماتقا قاراپ باقايلى:

خانگاي تاغ تىزمىسى（杭爱山脉）موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تاغ تىزمىسى. غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 805 كىلومېتىر كېلىدۇ. جەنۇب تەرىپى موڭغۇلىيىدىكى ئالتاي تاغ تىزمىسى بىلەن پاراللېل تۇرىدۇ. ئەڭ ئېگىز يېرى كىچىك تەڭرىتاغ بولۇپ، ئېگىزلىكى 4031 مېتىر كېلىدۇ. شىمالىي باغرىدىن ئېقىپ چىققان سۇلارنىڭ كۆپ قىسمى سېلىنگا دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ. جەنۇبىي باغرى بىر قەدەر تىك بولۇپ، دەريا ئېقىنلىرى تۇزلۇق كۆللەرگە قۇيۇلىدۇ ياكى چۆللۈك، قۇملۇقلاردا يوقاپ كېتىدۇ». بىز بۇنىڭدىن دەسلەپكى قەدەمدە قەدىمدە ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ پائالىيەت مەركىزى بولغان ھەم ئۇلار مۇقەددەس ھېسابلايدىغان «ئۆتۈكەن» دېيىلىدىغان جاينىڭ ئورنىنى بېكىتىۋالدۇق. ئەمدى «ئەرگىنەقۇن» دېيىلىدىغان جايغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ماتېرىياللارنى كۆرۈپ باقايلى:

ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، «ئەرگەنەقۇن» دېگەن نام ئەڭ دەسلەپتە پېرسىيەلىك تارىخچى رەشىدىدىن فەزلۇللاھنىڭ «جامىئۇت تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدە تىلغا ئېلىنغان. ئەبۇلغازى باھادىرخان «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىنى يېزىشتا نۇرغۇن ماتېرىياللاردىن پايدىلانغانلىقىنى، بولۇپمۇ پېرسىيىلىك تارىخچى رەشىدىدىن فەزلۇللاھنىڭ «جامىئۇت تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدىن پايدىلانغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ. بۇ تەپسىلاتلار ئۈچۈن «جامىئۇت تەۋارىخ» ناملىق كىتاب بىلەن «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق كىتابقا قارالسا كۇپايە.

يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان كىتابلاردا گەرچە «ئەرگىنەقۇن» دېگەن نام بىلەن شۇ يەردە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلىكلەر تىلغا ئېلىنىپ ئۆتۈلگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ جاينىڭ ئېنىق ئورنى كۆرسىتىلمىگەن بولغاچقا، كېيىنكىلەر بۇ جاينىڭ ئورنى ھەققىدە خىلمۇ خىل مۇلاھىزىلەرنى قىلىشقان.

ئالىم ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغانمۇ بۇ ھەقتە مۇلاھىزە ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن بىر تار جايغا قاپسىلىپ قالغاندىن كېيىن، تۆمۈر توساقلارنى ئېرىتىپ، ئازادە ۋە كەڭ جايغا چىققانلىقلىرىغا دائىر ‹ئەرگىنەقۇن› ئەپسانىلىرى، ئىران قەۋملىرىنىڭ ئائىريانا

ـ ۋالىيجالىرىغا ئوخشاش تارقىلىپ يۈرگەن بولسىمۇ، 8 ـ ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئەپسانىسىدىكى بۇ تۆمۈر توساق، ئەرەبلەردىن كېلىپ چىققان سەللام ئىسىملىك تەرجىمانىغا، ئىلى ۋادىسىنىڭ شىمالىدىكى ھازىرقى تەلكە تۆمۈر قاپ رايونىدا كۆرسىتىلگەنلىكلىرى مەلۇم»⑥. يۇقىرىدىكى مەلۇماتتىن «ئەرگىنەقۇن» داستانىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئاساس بولغان جاينى ھازىرقى شىمالىي شىنجاڭ تەۋەسىدىكى «تەلكە» دېيىلىدىغان جاي شۇ دەيدىغان قاراشنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆرۈۋېلىش ئاسان بولىدۇ. مەن بۇ ھەقتە رەسمىي مۇلاھىزىگە چۈشۈشتىن ئىلگىرى، «تەلكە» دېيىلىدىغان جاي ھەققىدە توختىلىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. بۇ ھەقتە «جۇڭگو سەيلىگاھ لۇغىتى»دە مۇنداق دېيىلگەن: «كەلك ساي ( 果子沟 )، تەلكە سېيى ( 塔勒命沟 )، دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى تەڭرىتاغ ئارىسىدا بولۇپ، قورغاس ناھىيىسىگە تەۋە تارساي، ئۇزۇنلۇقى 28 كىلومېتىر كېلىدۇ. يەر شەكلى ئەپلىك، قەدىمدە ئېلىمىز ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەلقلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، ياۋروپاغا بېرىپ ـ كېلىشىدىكى مۇھىم قاتناش يولى بولغان. ھازىرمۇ يەنىلا شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مۇھىم قاتناش غول لېنىيىسى. ئۈرۈمچى ـ ئىلى تاشيولى مۇشۇ جايدىن ئۆتىدۇ»⑦.

خۇددى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ئات ـ ئۇلاغ ياكى ماشىنا بىلەن «تەلكە» ياكى «كەلك ساي» دېيىلىدىغان جايدىن ئۆتكەن ھەر قانداق ئادەم، بۇ جاينىڭ بىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان «ئەرگىنەقۇن داستانى»دا تەسۋىرلەنگەن جايغا ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بىراق، تارىخىي ماتېرىياللاردا بۇ جاينىڭ «ئەرگىنەقۇن» دەپ ئاتالغان ياكى ئاتالمىغانلىقى ھەققىدە بىرەر مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ. شۇڭا «ئەرگىنەقۇن» دېيىلىدىغان جاينىڭ ئورنىنى يەنىلا قورال كىتابلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بېكىتىشكە توغرا كېلىدىغاندەك قىلىدۇ.

«سىخەي»، «سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى» ۋە «قىسقىچە بىرىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى» قاتارلىق لۇغەت ـ قاموسلاردا تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار بار: «ئېرگۇنا دەرياسى ( 额尔古纳河 ) — خېيلۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي مەنبەسى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىي شىمال چېگراسىدا. يۇقىرى مەنبەسى خەيلار دەرياسى دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، چوڭ ھىنگان تاغلىرىدىن باشلىنىپ، غەربكە قاراپ ئېقىپ، يېڭى باراگ سول خوشۇنىدىكى ئاباگەيتۇغا بارغاندىن كېيىن ئېرگۇنا دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. شەرقىي شىمالغا بۇرۇلۇپ، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىدىكى موخېنىڭ غەربىدىكى ئېنخېخادا ئەتراپىدا شىلكا دەرياسى بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىن، خېيلۇڭجياڭ دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 1520 كىلومېتىر (سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسىدە 1620 كىلومېتىر) كېلىدۇ. دەريا سۇيىدە قۇم مىقدارى ئاز»⑧.

يۇقىرىدا جۇڭگو ۋە چەتئەللەردە نوپۇزلۇق ھېسابلانغان لۇغەت ـ قاموسلارغا كىرگۈزۈلگەن «ئېرگۇنا» ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. «ئېرگۇنا» بىلەن «ئەرگىنەقۇن»نىڭ قانداق باغلىنىشلىقى بار دېگۈچىلەرنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنىڭغا نىسبەتەن مەندە مۇنداق قاراش بار: 1. يۇقىرىدا بىز كۆرگەن نوپۇزلۇق قاموسلاردا ئوخشاشلا خەنزۇچە « 额尔古纳 » دەپ ئېلىنغان. پېرسىيىلىك تارىخچى رەشىدىدىن فەزلۇللاھنىڭ «جامىئۇت

تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىلار «ئەرگىنەقۇن»نى «额儿古涅昆» دەپ ئالغان. مېنىڭچە، بۇ پەقەت خەنزۇچە خەت ئىشلىتىش جەھەتتىكى پەرق بولۇپ، ئوخشاش بىرلا جاينى كۆرسىتىدۇ. 2. مەيلى ئەبۇلغازى باھادىرخان بولسۇن، مەيلى رەشىددىن فەزلۇللاھ بولسۇن، بۇ قەدىمكى جاينى «موڭغۇللار تىرىكچىلىك قىلغان ۋە ئاۋۇغان جاي⑨» دەپ كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچى كەسپداشلارنىڭ «ئەرگىنەقۇن» بىلەن «ئۆتۈكەن»نى ئارىلاشتۇرۇپ قويماسلىقىنى تەۋسىيە قىلىمەن. بۇ ھەقتە كەسپداشلارنىڭ قانداق پىكىرلىرى بارلىقىنى ئاڭلاپ باقماقچىمەن.

ئىزاھاتلار:

① شېرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىلى 4 ـ ئاي نەشرى 216 ـ، 217 ـ بەتلەر.

② ئابدۇرېھىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، 1982 ـ يىلى نەشرى، بىرىنچى كىتاب 1 ـ قىسىم 162 ـ بەت.

③ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ توم 186 ـ بەت.

④ خەنزۇچە ئۈچ توملۇق «سىخەي»، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى 1979 ـ يىلى نەشرى، 1023 ـ بەت.

⑤ «قىسقىچە برىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى»، جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى 1985 ـ يىلى 8 ـ ئاي نەشرى، 3 ـ توم 689 ـ بەت.

⑥ ئەھمەد زەكى ۋەلىدى توغان: «تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخىغا كىرىش»، 1970 ـ يىلى نەشرى، ئىستانبۇل، 1 ـ توم 18 ـ بەت.

⑦ مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى باش بولۇپ تۈزگەن «جۇڭگو مەيلىگاھ لۇغىتى»، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى 1986 ـ يىلى 2 ـ نەشرى، 1127 ـ بەت.

⑧ شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى تەرىپىدىن 1979 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئۈچ توملۇق «سىخەي»نىڭ 4239 ـ بېتىگە، جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن 1986 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ 346 ـ بېتىگە ۋە جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «قىسقىچە برىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى»نىڭ 2 ـ توم 769 ـ بېتىگە قارالسۇن. بۇلاردىن باشقا يەنە ئەركىن شېرىپ تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1999 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ 95 ـ بېتىگە قارالسۇن.

⑨ رەشىددىن فەزلۇللاھنىڭ سودا نەشرىياتى تەرىپىدىن 1992 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «جامىئۇت تەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىغا ۋە ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ تاشكەنت «چولپان» نەشرىياتى تەرىپىدىن 1992 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن.

(ئاپتور: «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ مۇھەررىرى، دوتسېنت)

تەھرىرلىگۈچى: ئابلىم قېيۇم

# 2006 ـ يىللىق «جۇڭگو موڭغۇلىيە بىرلەشمە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى»نىڭ تەكشۈرۈش پائالىيىتى①

ئابلىم قېيۇم

2006 ـ يىلى 7 ـ ئىيۇل تۇرپان ئويمانلىقىدىن ئايرىلىپ، تاشقى موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىنىڭ ئورقۇن دەرياسى ۋە تامىر (تارىم) دەريا ۋادىلىرىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئاتلاندۇق.

**1. مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى**

2004 ـ يىلى 25 ـ دېكابىر تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يىللىق يىغىنى ئۈرۈمچى شەھىرى يەر شارى مېھمانخانىسىدا ئېچىلغانىدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى ئىنستىتۇتى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ تاش غار تەتقىقاتى ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات نەشرىيات ئىدارىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شىنجاڭ گېزىتى، ئۈرۈمچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى، تۇرپان گېزىتى ۋە تۇرپان تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى.

تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يىللىق يىغىنىغا تۇرپان ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى — تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش سۇن چاڭخۇا قاتناشقانىدى. يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە مەزگىلىدە نۇرغۇن ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن نۇرغۇن تەكلىپ پىكىرلەرنى، قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسلىھەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى سۇن چاڭخۇا ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكلىپ، مەسلىھەت پىكىرلىرىنى ناھايىتى ئەستايىدىل ئاڭلىدى ھەم بىر قىسىم تەكلىپلەرگە رازى بولغۇدەك جاۋابلارنى بەردى، بىر قىسىم مەسلىھەت ـ تەكلىپلەرگە نەق مەيداندىلا ۋەدە بەردى.

تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يىللىق يىغىنىدا، تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى ۋە تېزدىن ئەمەلىيلەشتۈرۈشى زۆرۈر بولغان ھەم تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈلمىگەن بىر تۈرلۈك خىزمەت «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارخېئولوگىيىسى» توغرىسىدىكى تەكلىپنى شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ سابىق باشلىقى، ئارخېئولوگ ۋاڭ بىڭخۇا ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەكلىپ پۈتكۈل يىغىن ئەھلىنىڭ ۋە تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىدارىسى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

مۇشۇ پەيتتە، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ شىمالىي قۇملۇق يايلاقلىرىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. بۇ خەۋەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسى بىلەن تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاكادېمىيىسى ۋىلايەت رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشى ئاستىدا، بۇ پائالىيەتنى تەشكىللىگۈچى ئورۇن-

لارنىڭ بىرى بولۇپ قوشۇلدى. بۇ قېتىمقى ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتى داۋامىدا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىرونزا دەۋرىدىكى قەدەمىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى، ھۇنلار تۈركلەر ۋە ئۇيغۇر ئورقۇن خانلىقى ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقى، ئىز خارابىلىرىنى نەق مەيداندا، ئەمەلىي تەكشۈرۈش، ئۆلچەش، رەسىمگە تارتىش، سىنغا ئېلىش، خاتىرىلەش قاتارلىق پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇق ھەم نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلىدۇق.

بۇ قېتىم نەق مەيداندا توپلىغان ماتېرىياللار بىز ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى نەق مەيداندا توپلىغان ماتېرىياللارنىڭ ئەمەلىي پايدىلىنىشچانلىقى كۈچلۈك، مەزمۇنى مول، تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىكى تەتقىقات قىممىتى يۇقىرى بولۇپ، مەيلى تارىخىي تەتقىقات جەھەتتە ياكى ئىجتىمائىي تەتقىقات جەھەتتە، مەيلى تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى جەھەتتە ياكى قەدىمكى ئۇيغۇرلار تەتقىقاتى جەھەتتە كەم بولسا بولمايدىغان ناھايىتى مۇھىم ماتېرىياللاردۇر.

### 2. ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى تەشكىللەش

2006 ـ يىلى 10 ـ ئىيۇلدىن 24 ـ ئىيۇلغىچە جۇڭگو، موڭغۇلىيە بىرلەشمە تەكشۈرۈش پائالىيىتى جۇڭگو بىلەن تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئىزدىنىشى، تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە قولغا كەلتۈرگەن، جۇڭگو ۋە موڭغۇلىيە مۇتەخەسسىسلىرىگە نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىم، يۇقىرى قىممەتكە ئىگە، ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جۇڭگو بىلەن تاشقى موڭغۇلىيە ئالىملىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەنلا بۇ خىل ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولمايتتى. چۈنكى، ئىككى دۆلەتنىڭ بۇ ئىشقا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ۋە مەسئۇل دائىرىلىرى قوشۇلۇشى ۋە تەستىقتىن ئۆتكۈزۈشى لازىم ئىدى. موڭغۇلىيە تەرەپنىڭ ئاكتىپچانلىقىلا بولۇپ جۇڭگو تەرەپ ماسلاشمىسا ئىككى دۆلەت بىرلىشىپ ئېلىپ بارىدىغان بۇ پائالىيەتنى ئورۇنلاشتۇرۇش قىيىنغا توختايدۇ. جۇڭگو بىلەن تاشقى موڭغۇلىيە ئالىملىرى بۇ قېتىم تاشقى موڭغۇلىيە دالىسىدا ئېلىپ بارماقچى بولغان ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەردى، نەتىجىدە جۇڭگو موڭغۇلىيە دۆلەتلىرىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ھۆجۇتقا كەلدى.

بىرلەشمە تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇلار مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن قايتا ـ قايتا ئالاقىلىشىپ، كۆپ قېتىم سۆزلىشىپ بۇ قېتىملىق جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە ئىككى دۆلەت بىرلەشمە ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى تەشكىللەشنى قولغا كەلتۈردى.

تەكشۈرۈش ئەترىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەشكىللەندى. ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى تەركىبىدىكى مۇتەخەسسىسلەر تۆۋەندىكى خادىملاردىن تەركىب تاپتى.

### جۇڭگو تەرەپتىن

I بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىدىن:

1. لوشىن — تارىخ پەنلىرى دوكتورى، دوكتور يېتەكچىسى، تارىخ كەسپىي پروفېسسورى.
2. جاڭ فەن، تارىخ پەنلىرى دوكتورى، دوكتور يېتەكچىسى، تارىخ كەسپىي پروفېسسورى، تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.
3. گورۇنتاڭ، تارىخ پەنلىرى دوكتورى، تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.
4. داڭ باۋخەي، تارىخ پەنلىرى دوكتورى، تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.
5. سۇن جىنجىڭ، تارىخ پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇققا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى.
6. خۇخۇڭ، تارىخ پەنلىرى بويىچە

دوكتورلۇققا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى.

7. ياۋ كېچېڭ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق تىللىرى فاكۇلتېتى، موڭغۇل تىلى ئوقۇتقۇچىسى، دوتسېنت، (ھازىر موڭغۇلىيە دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان ئوقۇتقۇچىسى) بۇ قېتىمقى ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتى داۋامىدىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى تەرجىمانلىق.

8. لى شياۋ، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاكادېمىيىسىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن ئاكادېمىيە باشلىقى، دوكتور ئاشتى.

9. ئابلىم قېيۇم — تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچى.

10. دەنچىڭ، تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي تەتقىقاتى ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى.

11. جاڭ يۇڭبىڭ، تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى ئاكادېمىيىسى تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ياردەمچى تەتقىقاتچىسى، فوتوگراف.

12. ليۇۋېنسو، جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى، ئارخېئولوگىيە كەسپىي دوكتورى.

13. ئېر دۇڭچياڭ، شاڭخەي تۇڭ نەشرىياتىنىڭ باشلىقى، 1 - دەرىجىلىك فوتوگراف.

14. بەي چىڭيۈەن، ئامېرىكا لوس ئانژېلېس جەنۇبىي كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقىي ئاسىيا تىل - مەدەنىيىتى دوتسېنتى، ئايال.

15. لوپېڭ، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقى، ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى، تەتقىقاتچى. تاشقى موڭغۇلىيە تەرەپتىن.

16. ئوۋچىر، تاشقى موڭغۇلىيە دۆلەتلىك تارىخىي مۇزېينىڭ باشلىقى، پروفېسسور، تارىخ تەتقىقاتچىسى.

17. گاڭباتى، تاشقى موڭغۇلىيە دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى، دوتسېنت.

جۇڭگو - موڭغۇلىيە بىرلەشمە ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئىككى نەپەر موڭغۇلىيىلىك مۇتەخەسسىسنىڭ يول باشلىشى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلدى.

**3. بۇ قېتىمقى جۇڭگو - موڭغۇلىيە بىرلەشمە ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى**

جۇڭگو - موڭغۇلىيە بىرلەشمە ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى بۇ يىل ئىككىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان بولۇپ، دەسلەپكى باسقۇچتا تەكشۈرۈشكە بېرىشنىڭ تۈرلۈك تەشكىلىي رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش، رەسمىيەت ئۆتەش خىزمەتلىرى ئىشلەندى. ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر بىلەن بولىدىغان ھەرخىل تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلىنىپ، ئاياغلىشىشقا ئۇلاپلا، ئىدارىمىزدە ماددىي جەھەتتىكى تەييارلىق خىزمەتلىرى ئىشلەندى. تەييارلىق خىزمىتىنىڭ مۇھىم ھالقىلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى. چۈنكى، ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇلغانىكەن، چوقۇم، ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتىنىڭ كونكرېت خاتىرىسى بولۇشى، تەكشۈرۈش پائالىيىتىنىڭ ئاساسى بولۇشى كېرەك. شۇنداقلا، بىر نەچچە كۈنلۈك تەكشۈرۈش پائالىيىتى داۋامىدا تارتىلغان سۈرەت ماتېرىياللىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن كومپيۇتېر بولۇشى لازىم. كومپيۇتېر بولمىسا ماتېرىياللارنى بىر تەرەپ قىلماق تەس، زامانىۋى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسكۈنىسى بولمىسا ماتېرىيال ئىسراپچىلىقى يۈز بېرىدۇ، نەتىجىدە ماتېرىيال تولۇق بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ قېتىمقى ئىلمىي تەكشۈرۈش جۇڭگو موڭغۇلىيە ھەمكارلىقىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئىككى دۆلەتنىڭ نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇھىم پائالىيەت بولغاچقا، نورغۇنلىغان ئەمە-

لىي پائالىيەتلەرنى نەق مەيداندىن سىنغا ئېلىپ، ماتېرىياللارنى ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئېھتىياج سەۋەپلىك بۇ قېتىمقى ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتىدە مەخسۇس بىر دانە سىنئالغۇ سەپلەندى ھەم تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىدارىسىدىن بىر نەپەر مۇتەخەسسىسنى، مەخسۇس نەق مەيداندىن سىنغا ئېلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. چۈنكى سىنغا ئېلىش بۇ قېتىمقى ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتىدىكى مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بارلىق ئەمەلىي تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرى جەريانى، سىنغا ئېلىنغان ماتېرىياللار ئارقىلىقلا ئەمەلىي كۆرسىتىلىدۇ ھەم سىنغا ئېلىنغان بۇ ماتېرىياللار، پۈتكۈل ئىلمىي تەكشۈرۈش جەريانىدا توپلانغان ماتېرىياللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىي تەكشۈرۈش داۋامىدا نەق مەيداندا قولغا كەلتۈرگەن ماتېرىياللارنى خالىغان چاغدا قولغا كەلتۈرمەك ناھايىتىمۇ تەس. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ قېتىمقى ئىككى دۆلەت بىرلىشىپ ئېلىپ بارىدىغان ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتىنىڭ يېمەك - ئىچمەك تەييارلىقىنىمۇ ناھايىتى ئەستايىدىل ئىشلىدۇق. ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۆرپ - ئادىتى بويىچە ئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى يېمەكلىكىمىز «نان»نى يەرلىك ناۋايلارغا ئالاھىدە زاكاز قىلىپ تەييارلاتقۇزدۇق ھەم ئالاھىدە ئوراپ قاچىلاپ، ئىلمىي تەكشۈرۈش داۋامىدىكى يېمەك - ئىچمىكىمىزنى غەملىدۇق.

2006 - يىل 10 - ئىيۇل، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ يىغىن زالىدا جۇڭگو - موڭغۇلىيە بىرلەشمە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتىنى تەشكىللىگۈچى ساھىبخان تەرەپ ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشقۇچى مۇتەخەسسىسلەرگە يىغىن ئېچىپ، ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتىنىڭ كۈن تەرتىپلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىدا ئېچىلغان يىغىن ناھايىتى مۇھىم يىغىن بولۇپ، تاشقى موڭغۇلىيىگە بارغاندا جۇڭگو مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى نامايان قىلىدىغان، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا باشقىلارغا ياخشى تەسىر قالدۇرۇش، ئەقىل - ئىدراكنى نامايان قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان يىغىن ئىدى.

يىغىن ئاخىرىدا، بۇ قېتىمقى ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى تەشكىللەشتە ئالاھىدە كۆچ چىقارغان، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور يېتەكچىسى لوشىن بۇ قېتىمقى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، دوكتور ئاشتى، لىشياۋ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى بولۇپ بېكىتىلدى.

بۇ قېتىمقى ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتىنىڭ تەكشۈرۈش كۈن تەرتىپى مۇنداق ئورۇنلاشتۇردى.

### تەكشۈرۈش كۈن تەرتىپى

1. 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئولانباتور (Ulanbaatur) دىن يولغا چىقىپ خارا - خېرىنغا بېرىش ②(Harhorin, Хархорин)، مۇساپە 380 كىلومېتىر. ئەتىگەندە يولغا چىقىپ، يول ئۈستىدە ئەرەب يېزىقىدىكى تاش ئابىدىنى ۋە مۇسۇلمانلار قەبرىسىنى كۆرۈش. چۈشتىن كېيىن خارا - خېرىنغا يېتىپ بېرىش.

2. 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، چۈشتىن ئىلگىرى قارا قورۇم ئەتراپىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىزلىرىنى ھەم ئېردېنىز زۇن (Erdenezun) مۇزېيىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىش؛ چۈشتىن كېيىن بايەنگاۋلى گۆلك (بايىنغول ئوردىسى خارابىسى)، (13 - 14 - ئەسىرلەر) نى تەكشۈرۈش، «دۇربۇلجىڭگۇت» (جۇڭگوچە مەنىسى «چاسا شەھەر») نى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئىزى ھەم توققۇز ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقەددەس شەھىرى (Harabalagas) «قارا بالغاسۇن»نى تەكشۈرۈش، مۇساپە 90 كىلومېتىر.

3. 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، 8 - ئەسىردىكى تۈركچە بىلگە قاغان ھەم كۈلتې-

گەن ئابىدىسىنى تەكشۈرۈش، قۇت تېغىدىكى تۈرك قەبرىلىرىنى ھەم شىبوتاۋلىگەيدىكى (شىۋتورفايدىكى) مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش، مۇساپە 150 كىلومېتىر.

4. 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئەتىگەندە قارا قورۇمدىن يولغا چىقىپ، تامىر ③ (Tamir) دەرياسىدىن ئۆتۈپ، خۇ خاڭگەيشىڭ (كېيىنكى خاڭگەي ئۆلكىسى) تەۋەلىكىدىكى باتسىنگېل (Battsengel) ناھىيىسى ئىچىدىكى «تالىن خېرىمۇ» تارىن خېرىم (خەنزۇچە «يايلاقتىكى شەھەر سېپىلى») قەدىمكى زامان - خارابىلىقىنى تەكشۈرۈش. خۇدېگىن تاۋلىگەي (ئۆتكەن تورغاي) دىكى ھۇنلار قەبرىستانلىقىنى تەكشۈرۈش، مۇشۇ يەردە چۈشلۈك تاماق يېيىش. چۈشتىن كېيىن جاۋلىبۇۋلادىكى (چۆل بويلىرى) دىكى ھۇنلارنىڭ قەبرىستانلىقلىرىنى تەكشۈرۈش، كەچتە مۇشۇ يەردە قونۇش. مۇساپە 150 كىلومېتىر.

5. 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئەتىگەندە يولغا چىقىپ، ئالدى بىلەن شىبورتىنىڭ تاغ ئېغىزىدىكى بوغا شەكىللىك تاش ئابىدىلەرنى ۋە تاش چەمبەرلىك قەبرىلەرنى تەكشۈرۈش، ئاندىن كېيىن خۇخاڭگەيشىڭنىڭ ئۆلكە مەركىزى چېچېرلىك (Tsetserleg) چېچەككە بېرىش، مۇزېيخانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، بۇ يەردە چۈشلۈك تاماق يېيىش. چۈشتىن كېيىن يولغا چىقىپ، بايەن چاگەن تاغ ئېغىزى (بايان چاغان) غا يېتىپ بېرىش، شۇ يەردىكى بۇغا شەكىللىك بالباللارنى تەكشۈرۈش، تاش چەمبەرلىك قەبرىلەرنى ۋە قەبرىستانلىقلارنى تەكشۈرۈش، ئاندىن مۇشۇ يەردە قونۇش. مۇساپە 250 كىلومېتىر.

6. 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ئەتىگەندە يولغا چىقىپ، جاۋلۇڭگاۋتى (جۆلۈڭگۈت) تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، زابۇخەن شىڭ (زاپقان ئۆلكىسى) نىڭ داۋۇلا (IKhUuI) ناھىيىسى تەۋەلىكىگە كىرىپ، شۇ يەردىكى تۈركلەر دەۋرىدىكى ئالۋاستى شەكىللىك تاش ئابىدىلەر ۋە چادىيەن قۇرۇلۇشى خارابىسىنى تەكشۈرۈش، مۇشۇ يەردە چۈشلۈك تاماق يېيىش، چۈشتىن كېيىن زابخان ئۆلكىسىنىڭ تاۋ سۇڭچىڭگېل (Tosontsengel) ناھىيىسى تەۋەلىكىگە يېتىپ بېرىش، ئىدېر دەريا بويلىرىدىكى قەبرىستانلىق ۋە تاش چەمبەرلىك قەبرىلەرنى تەكشۈرۈش، كەچتە مۇشۇ يەردە قونۇش. مۇساپە 250 كىلومېتىر.

7. 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئەتىگەندە يولغا چىقىپ، زابخان ئۆلكىسىنىڭ تەلمىن (Telmen) ناھىيىسى چېگرىسىغا كىرىش، ئىدىر دەرياسى جىلغىلىرىدىكى بۇغا شەكىللىك تاش ئابىدىلەرنى، قەبرىلەرنى، تاش چەمبەرلىك قەبرىلەرنى ۋە قىيا تاش رەسىملىرىنى تەكشۈرۈش، كەچتە مۇشۇ يەردە قونۇش، مۇساپە 230 كىلومېتىر.

8. 7 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ئەتىگەندە يولغا چىقىش، زابخان ئۆلكىسىنىڭ ئۇلاستاي (Uliastay) شەھىرى تەۋەلىكىگە كىرىش، مۇزېينى ئېكىسكۇرسىيە قىلىش، مۇشۇ يەردە چۈشلۈك تاماق يېيىش، چۈشتىن كېيىن ئۇدۇنگەن تەڭرى (otgonTengerUul) تاغلىرىغا يېقىنلاپ بېرىپ كۆرۈش، سۈرەت تارتىش، ئاندىن قايتىپ كېلىش، شۇ ئەتراپتا قونۇش. مۇساپە 230 كىلومېتىر.

9. 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئەتىگەندە يولغا چىقىپ، بورخې دەرياسىنى بويلاپ، دەريا بويىدىكى بىر قىسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش، مۇشۇ يەردە چۈشلۈك تاماق يېيىش، چۈشتىن كېيىن ئېردېنخەرخەن (Erdenehaythan) ناھىيىسى تەۋەلىكىگە يېتىپ بېرىش، شۇ يەردىكى قەبرىلەرنى ۋە تاش چەمبەرلىك قەبرىلەرنى تەكشۈرۈش، مۇشۇ يەردە قونۇش، مۇساپە 250 كىلومېتىر.

10. 7 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، ئەتىگەندە يولغا چىقىپ، سەپەر جەريانىدا بىر قىسىم قەبرىلەرنى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش، چۈشتىن كېيىن زابخان ئۆلكىسىنىڭ دۆربىلجىن (Dorboljin)

ناھىيىسى تەۋەلىكىگە يېتىپ بېرىش، ناھىيە بازىرىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل كېبدو (Hord) شەھىرىگە بېرىش، كېبدو (خوۋۇد) شەھىرىدە قونۇش. مۇساپە 320 كىلومېتىر.

11. 7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، چۈشتىن ئىلگىرى خوۋۇ شەھىرى ئەتراپىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىزلىرىنى تەكشۈرۈش، چۈشتىن كېيىن خوۋۇد (قوبدۇ) ئۆلكىسى مەنخەن (Manhan) ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى قىيا تاش رەسىملىرىنى، تاش قوراللار دەۋرىگە تەۋە تاش غارنى ۋە ھۇن قەبرىلىرى تەكشۈرۈش، دالىدا قونۇش، مۇساپە 150 كىلومېتىر.

12. 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئەتىگەن يولغا چىقىپ، ئالتاي تاغلىرىنى تەكشۈرۈش، سەپەر ئۈستىدە چۈشلۈك تاماق يېيىش، ئالتاي تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، كەچقۇرۇنلۇقى بورگەن (Bulgan) بولگان ناھىيىسى تەۋەلىكىگە كىرىش، بىر قىسىم قەبرىلەرنى ۋە قىيا تاش رەسىملىرىنى تەكشۈرۈش، دالىدا قونۇش، مۇساپە 350 كىلومېتىر.

7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، جۇڭگو تەرەپتىن بارغان مۇتەخەسسىسلەر چېگرىدىن ئۆتۈپ جۇڭگو شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىگە كىرىدۇ، موڭغۇلىيە تەرەپ خادىملىرى چېگرىدا ئۇزۇتۇپ قويۇپ قايتىپ كېتىدۇ، تەخمىنەن 4 كۈن ئەتراپىدا ئۇلانباتورغا يېتىپ بارىدۇ، 2100 كىلومېتىر يول يۈرىدۇ.

بۇ قېتىمقى ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتى يۇقىرىدىكى كۈن تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلدى.

بىرلەشمە ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى تۆۋەندىكى مەزمۇنلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولدى.

**4. موڭغۇلىيىدىكى ئورقون دەرياسى ۋە تامىر دەرياسى بويلىرىدا تەكشۈرۈش**

بۇ قېتىم جۇڭگو - موڭغۇلىيىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەتتىن تەشكىللەنگەن 17 كىشىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى، تارىختا ئۆتكەن قەدىمكى تۈركلەر، ئۇيغۇرلار ئۈستىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش بولۇپ، بۇ قېتىمقىسى تۇنجى نۆۋەتلىكى، يەنە ئەھۋال ئىگىلەش ھەم كېيىنكى خىزمەتلەرگە ئاساس سېلىش، پىلان تۈزۈش بولۇپ، كېيىنكى خىزمەتلەر ئۈچۈن ئۇل سېلىش ھېسابلىنىدۇ.

شۇ مەقسەتتە، جۇڭگو - موڭغۇلىيە ئىككى دۆلەت بىرلىشىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخى، مەدەنىيەت، ئىقتىساد ۋە باشقا تەرەپلىرىدىكى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش، بۇرۇن ئىشلەنمىگەن خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو - موڭغۇلىيىدىن بولۇپ 17 نەپەر ئالىم توپلاندى.

11 - ئىيول، ئەتىگەن سائەت 8 دە بېيجىڭ ئايرودۇرۇمىدىن يولغا چىقتۇق. موڭغۇلىيە ۋاقتى سائەت 12:20 مىنۇت ئۆتكەندە موڭغۇلىيە پايتەختى ئۇلانباتورغا يېتىپ باردۇق. ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا موڭغۇلىيە دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرۇۋاتقان ياۋكېچىڭ مۇئەللىم، موڭغۇلىيە دۆلەتلىك تارىخىي مۇزېيىنىڭ باشلىقى، پروفېسسور ئوۋچېر ئەپەندى، موڭغۇلىيە دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى گاڭباتېر قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر بىزنى كۈتۈۋالغىلى ئالدىمىزغا چىقىپ تۇرۇپتۇ، ئۇلارنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى بىلەن ھاردۇقلىرىمىز چىقىپ، ئۆزىمىزنى ئازادە ھېس قىلدۇق. تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ياتاقلارغا ئورۇنلىشىپ، بىرەر سائەتتەك ئارام ئالغاندىن كېيىن، چۈشلۈك تاماققا چىقىش ئۇقتۇرۇش قىلىنىدى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئىككى سائەتتەك ئىختىيارىي پائالىيەتتە بولۇش پۇرسىتىدە ئۇلانباتور شەھىرىنىڭ قىسمەن جايلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن، موڭغۇلىيە تارىخ مۇزېيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق.

جۇڭگو مۇتەخەسسىسلىرى ئۇلانباتورغا يېتىپ بارغان كۈنى، موڭغۇلىيىنىڭ دۆلەت قۇرۇلغان بايرام كۈنى بولۇپ، دۆلەت بويىچە، ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەردە ناھايىتى يۇقىرى قىزغىنلىق بىلەن ھەرخىل پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بايرام تەنتەنىسىگە چۆمگەن كۈن ئىكەن. جۇڭگودىن موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىگە كېلىپ موڭغۇللارنىڭ دۆلەت بايرىمىدىن شاتلانغان قۇتلۇق بىر كۈنىمىز شۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشتى.

12 ـ ئىيۇل، ئەتىگەندە ئۇلانباتوردىن يولغا چىقتۇق. ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكى ئەزالار بىرقەدەر كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، تۆت ئارابۇس ماشىنا كىرا قىلىندى، مۇتەخەسسىسلەر ماشىنىلارغا بۆلۈنۈپ ئولتۇردى. ھەممەيلەننىڭ يۈك ـ تاقلىرى ئۆزىمىز ئولتۇرغان ماشىنىغىلا ئورۇنلاشتۇرۇلدى ھەم شۇنىڭ بىلەن دالادىكى ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتىمىز رەسمىي باشلاندى.

سەپەر جەريانىدا بىز يول بويىدىكى «سىبرتىن» دەيدىغان يەرگە كەلدۇق ھەم شۇ يەرگە قويۇلغان ئەرەبلەرنىڭ «مۇسۇلمانلار قەبرىسى»نى تەكشۈردۇق. بۇ يەرگە قويۇلغان مۇسۇلمانلار قەبرىسى، جەمئىي 10 ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ قەبرىنىڭ يېنىدا قويغان كەڭلىكى 6 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 8 مېتىر كېلىدىغان مەسچىت شەكلىدە تاش بىلەن ئوراپ قويغان ئەھۋال بار، بۇ پەقەت قەبرىگە قويۇلغانلارغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدىغان ئۆينىڭ رولىغا ئىگە قورشاق تامدىن ئىبارەت. چۈنكى مۇسۇلمانلاردا ئادەم بۇ ئالەمدىن ئۆتكەن چاغدا ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدىغان ئادەت بار.

«سىبرتىن»غا قويۇلغان مۇسۇلمانلار قەبرىسىنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن كۆزىتىشىمىزچە، بۇ قەبرىلەر بىرنەچچە قېتىم ئوغرىلاپ كېتىلگەندەك تۇرىدۇ. بۇ قەبرىلەرنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدە قەبرىلەرگە ئاتاپ قويۇلغان بىر قەبرە تېشى بولۇپ، بۇ تاشنىڭ ئالدى يۈزىگە ئەرەبچە خەتلەر چېكىلگەن، خەتلىرى سۇسلاپ ئۆچۈپ كېتەيلا دەپتۇ، سەپسېلىپ كۆزەتكەندە بەزى خەتلەرنىڭ شەكلىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۆزۈممۇ بۇ خاتىرە تاشقا نېمە خەت ئويۇلغانلىقىنى دەسلەپتە ئېنىق پەرق ئېتەلمىدىم، تازا سەپسېلىپ ئىنچىكە كۆزىتىش ئارقىلىق خاتىرە تاشقا «ۋارىسۇل ئىللاللاھ»④ دېگەن خەتنىڭ ئويۇلغانلىقىنى بىلدىم، باشقا خەتلەرنى تازا ياخشى پەرق ئېتەلمىدىم. ئەگەر مەن تونۇشتۇرغاندەك ئەھۋال بولسا، «ۋارىس» دېگەن بۇ سۆزنى ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئىنسانلارنىڭ ئەۋلادى، دېگەندەك مەزمۇندا دەپ چۈشەنسەك بولىدۇ. بۇ يەردە يېزىلغان «ئىللەللاھۇ» دېگەن سۆزنى ئاللاھ بىزگە غەمخورلۇق قىلغايسەن، بىزگە ئىلتىپات قىلغايسەن، بىز مۇشۇ يەردە قازاقىلىپ، مۇشۇ يەردە يېتىپ قالدۇق. بىزنىڭ روھىمىز قورۇنۇپ قالمىغاي، دېگەندەك مەنالارنى بىلدۈرىدۇ، دېگەن مەزمۇنلارنى بىلدۈرىدىغان سۆز دەپ قارىساق بولىدۇ.

خاتىرە تېشىنىڭ بۇ يەرگە ئورنىتىلۇشىدىن قارىغاندا، قەبرىلەرنىڭ دەۋرى تەخمىنەن 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى قەبرىلەردەك قىلىدۇ.

بىز بۇ يەردىكى قەبرىلەرنى تەكشۈرۈپ بولۇپ، يېتەكچى بولغان نىشانىمىزنى كۆزلەپ ئىلگىرىلىدۇق ھەم بۈگۈن قونماقچى بولغان نىشانىمىز قارا قورۇمغا يېتىپ كەلدۇق. قارا قورۇمغا يېتىپ كېلىپلا تۇنجى ئىشىمىز، ياتاقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەم تەكشۈرۈش جەريانىدا ئىشلىتىدىغان ئۈسكۈنىلەرنى رەتلەش بولدى. چۈنكى بۈگۈنكى يولىمىز پۈتۈنلەي يايلاق يولى بولغاچقا، تولىمۇ خەتەرلىك ھەم جاپالىق ئىدى. تەكشۈرۈش جەريانىدا ئىشلىتىشكە ئېلىۋالغان بىر قىسىم ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەر چېچىلىپ ھەم چۇۋۇلۇپ كەتكەنىدى.

بىزنىڭ تۇنجى قونالغۇمىز موڭغۇل تىلىدا (خاراخېرىن) دەپ ئاتىلىدىكەن. ئەسلىدە چەت ئەللىك ئالىملار ئىلگىرى بۇ يەر-

گە كۆپ قېتىم تەكشۈرۈشكە كەلگەن بولۇپ، ئۇلار بۇ يەرنىڭ نامىنى ئۆز ماقالىلىرىدا «قارا قۇرۇم» دەپ خاتىرىلىگەنىكەن. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە ئەسلىدە «قاراقۇرۇم» دەپ ئاتىلىۋاتقان سۆز «خاراخېرىن»غا ئۆزگەرگەنىكەن. بۇ ھەقتە، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق تىللىرى فاكۇلتېتى موڭغۇل تىلى كەسپىي دوتسېنتى ياۋكېچىڭ ئەپەندى چەت ئەللىكلەرنىڭ ماقالىلىرىنى كۆرگەنلىكىنى ھەم «قارا قۇرۇم» دەپ خاتىرىلىگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتى.

مەن «خالا - خېلىن» دېگەن بۇ نامنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى «قارا قۇرۇم» دېگەن نامغا بەك يېقىن كېلىدىغانلىقىنى ھەم ئەسلىدە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان «خالا - خېلىن»نىڭ ئەسلىدە «قارا قۇرۇم» بولۇشى مۇمكىنچىلىكىنى ئېيتتىم. مېنىڭ بۇ پىكرىمگە ئاساسەن، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى ياۋكېچىڭ ئەپەندى بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان چەت ئەللىكلەرنىڭ ئەينى زاماندىكى تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىدا «قارا قۇرۇم» دەپ خاتىرىلىگەنلىكىنى سۆزلەپ ئۆتتى. دېمەك، بىزنىڭ تونجى قونالغۇمىز بولغان بۇ يەرنىڭ ئەسلىدىكى نامى «قارا قۇرۇم» ئىكەن.

ماتېرىياللىرىمىزنى بىرەر قۇر رەتلەپ بولغاندىن كېيىن، كەچلىك تاماق يېدۇق. كەچلىك تاماقتىن كېيىن، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت مەيدانى بولغان ئورقۇن دەريا بويىغا بېرىپ، دەريا مۇھىتىنى تەكشۈردۇق. ئورقۇن دەرياسى ھازىرمۇ يەنىلا موڭغۇل خەلقىنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى بولۇپ، داۋاملىشىپ كېلىۋېتىپتۇ. بىز ئورقۇن دەريا بويىغا بارغان چېغىمىزدا نۇرغۇنلىغان چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ ئورقۇن دەريا بويىغا چېدىرلىرىنى تىكىپ، بۇ ئانا دەريا ۋادىسىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن ۋە ساپ ھاۋاسىدىن بەھىر ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق.

ئورقۇن دەريا ۋادىسى ھەقىقەتەن ئىسمى جىسمىغا لايىق، سۈيى ئەلۋەك، ئوت - چۆپى مول، ناھايىتى گۈزەل، ھاياتلىققا تولغان ئانا - ماكانلىرىمىزنىڭ بىرى ئىكەن. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەينى زامانلاردا ئوت - چۆپ ۋە سۇ قوغلىشىپ ئورقۇن دەرياسى ۋە سېلېنگا دەرياسى ۋادىلىرىنى ماكان تۇتۇپ تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى ھەم قارا بالغاسۇن شەھىرىدەك بۈيۈك شەھەرلەرنى قۇرغانلىقىنىڭ، شىمالىي قۇملۇقتا ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇپ يۈز يىلدىن ئارتۇق سەلتەنەت سۈرۈشىدىكى سەۋەبلىرىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. مەن ئورقۇن دەرياسىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ دەريانى ئۆزىگە ماددى - مەنىۋى يۆلىكى قىلغانلىقىنى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىراق قەدىمكى زامانلاردىكى كۈرەشچان روھىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ھازىر ئورقۇن دەرياسىغا ناھايىتى ھەيۋەتلىك ۋە ناھايىتى گۈزەل قىلىپ زامانىۋى بىر كۆۋرۈك سېلىنىپتۇ. ھەرخىل زامانىۋى قاتناش قوراللىرى ئۆكسۈمەي يۈرۈپ تۇرىدىكەن. يېڭىدىن ياسالغان بۇ كۆۋرۈككە «قارا قۇرۇم» كۆۋرۈكى دەپ نام قويۇلۇپتۇ. كۆۋرۈككە قويۇلغان «قارا قۇرۇم» دېگەن نامنى ئاڭلاپ بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتتىم، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. يات ئەللەردە تۇرۇپ ئۆزىگە تونۇش بولغان ناملارنى ئاڭلاش تولىمۇ يېقىملىق تۇيۇلىدىكەن.

ئورقۇن دەرياسى بويلىرىنى تەكشۈرۈپ بولۇپ قايتىپ كېلىپ، ياتىقىمىزدا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى لوشىن ئەپەندى تۇرپان ۋىلايىتىدىن لى شاۋ، ئابلىم قېيۇم، دەنچىڭ، جاڭ يۈڭبىڭ قاتارلىق يولداشلار بىلەن قەدىمكى تارىخ ئۈستىدە قىسقا، ئەمما ئەھمىيەتلىك سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزدۇق. ھەممەيلەننىڭ كاللىسىدا بىر ئۇلۇغۋار پىلان لايىھەلەنمەكتە، بىز يىراق تارىختىن بۇيان ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن ياشاپ كەلدۇقغۇ!

مانا تاڭمۇ ئاتتى. 13 - ئىيۇل ئەتىگەن سائەت 8 (ئولانباتور ۋاقتى) بىزنىڭ ئەتى-

گەنلىك ناشتا ۋاقتىمىز. ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن، بىز كونلۇك ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە بۇگۈن تەكشۈرمەكچى بولغان نىشانغا قاراپ يولغا چىقتۇق. يولدا ياۋكېچىلىك مۇئەللىم بىلەن موڭغۇل تىلىدىكى بىر قىسىم ئاتالغۇلارنىڭ يەر ناملىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم ئاتالغۇ ۋە يەر ناملىرى بىلەن ئوخشاشلىقى، ئاتىلىش جەھەتتە ئوخشاش بولۇپ قالماي، مەنا - مەزمۇن جەھەتتىمۇ ئوخشاش ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ باردىم. سۆھبىتىمىزگە ئەمەلىي مىسال، بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان يەر ناملىرىدىن — «خالا - خېلىن» دېگەن شەھەرنىڭ نامى ئەسلىدە «قارا قورۇم» بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن. بۇ نامنى ئەجدادلىرىمىز بىر بولسا ئوت - سۇقوغلىشىپ تارىم ئويمانلىقىدىن تاشقى موڭغۇل يايلاقلىرىغا يۈرۈش قىلغان چاغلىرىدا بىللە ئېلىپ كەلگەن قەدىمكى ناملارنىڭ بىرى، يەنە بىر جەھەتتىن، ئۆزلىرى ياشىغان تاشقى موڭغۇل يايلاقلىرى ئەتراپىدىكى گۈزەل تاغلارغا قويغان نام. دېمەك، قارا بالغاسۇندىن ئىبارەت بۇ شەھەردە ياشىغان ئەجدادلىرىمىز كۆڭلى قاتتىق ئازار يەپ، غەربكە ئۆز توغقانلىرىنىڭ يېنىغا يەنە ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ماكانىنى سېغىنىپ، غەربكە يۈرۈش قىلغان ۋاقتىدا ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن، قەدىمدىن ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ناملارنىڭ بىرى دەپ قارايمەن. ئەجدادلىرىمىز «قارا قورۇم» دېگەن بۇ نامنى ئەمەلىي قوللانغان ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇن، كېيىن بۇ ھەقتە ئايرىم توختىلىمەن.

يەنە ماقالىمىزنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا قىسقىچە توختالغان، ئۇلانباتۇردىن - قارا - قورۇمغا كېتىپ بېرىپ، ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتىمىز نۇقتىلىق تەكشۈرگەن ئەرەبلەرنىڭ قەبرىستانلىقى بار «سېرتىن» دەپ ئاتالىدىغان يەرنىڭ ئىسمى «سېرتىن» بۇ ئەسىم ئۇيغۇرلاردىمۇ بار، مال سويغاندا دەيدىغان سۆزىمىز «سىرت»، «سىرتلاپ قوي» ، كالا - قويلارنىڭ گۆشىنى پارچىلاپ ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە قىلىش، ئۇيغۇرچىدا «سىرتلاش» دېيىلىدۇ. دېمەك، «سېرتىن» دەپ ئاتالغان بۇ يەرمۇ ئەسلىدە ئوتتۇرىسى سەل چوقچايغان، ئىككى تەرىپى سەل پەسرەك بولۇپ شەكىللەنگەن يەر، موڭغۇل تىلىدا «سېبىرتىن» دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ، ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ موڭغۇل تىلىدىكى بىر قىسىم سۆزلەر بىلەن ئاتىلىشى، تەلەپپۇز قىلىنىشى جەھەتتە ئەمەس، مەزمۇن جەھەتتىمۇ ئوخشاشلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. «سىرت» دېگەن بۇ ئاتالغۇمۇ ئۇيغۇرلاردا قوللانغان ۋاقتى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنۈۋالغىلى بولىدۇ.

13 - ئىيۇل چۈشتىن ئىلگىرى، بىز قارا قورۇم شەھىرىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە جايلاشقان ۋەن ئەن گۇڭ ئوردىسى بىلەن ئېردىنى ئىبادەتخانىسىنى تەكشۈردۇق. ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتىدە ماڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپە بۇ قېتىمقى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتىمىزنىڭ پائالىيىتىنى سۈرەتكە ئېلىش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتىمىزنىڭ ھەربىر پائالىيىتىنى مەخسۇس سۈرەتكە ئالدىم. بىز بۈگۈن چۈشتىن ئىلگىرى ئىلمىي تەكشۈرگەن ئىبادەتخانا بىلەن قەدىمكى ئوردىنىڭ دەۋرى يۈەن دەۋرى بىلەن مىڭ دەۋرىگە توغرا كېلىدىكەن.

مۇناسىۋەتلىك ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر تەمىنلىگەن ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، ۋەن ئەنگۇڭ ئوردىسىنى ئوگەداي ھۆكۈمرانلىق قىلغان زامانلاردا سالدۇرغانىكەن. ۋەن ئەنگۇڭ ئوردىسىنىڭ كەڭلىكى ئىككى كىلومېتىر، ئۇزۇنلۇقى تۆت كىلومېتىر كېلىدىكەن. ھازىر پەقەت ناھايىتى كىچىك دائىرىدىكى بىر خارابە ئىزىنىلا كۆرگىلى بولىدۇ. قالغان قىسمى پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان. تەكشۈرۈش داۋاملىشىپ، موڭغۇلىيە ۋاقتى سائەت 1.30 بولغاندا چۈشلۈك تاماق يېدۇق، تاماقنى يەپ بولۇپ دەم ئالمايلا بۇگۈن تەكشۈرمەكچى بولغان يەنە بىر نىشانغا قاراپ يولغا چىقتۇق. تەكشۈرمەكچى بولغان نىشانىمىز قەدىمكى ئۇيغۇرلار تۈركلەرنى

ئاغدۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ خاندانلىقىنى قۇرغان زاماندا سالغان بۈيۈك شەھەر «قارا بالغاسۇن» ئىدى. چۇشلۇق تاماق يەپ بولۇپ، ئىككى يېرىم سائەت يول يۈرۈپ، قارابالغاسۇن قەدىمكى شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. «قارابالغاسۇن» شەھىرى تۆت چاسا بولۇپ، شەھەرنىڭ سىرتقى سېپىلى ھازىرمۇ ئەينى زامانلاردىكى ھەيۋىتىنى نامايان قىلىپ، قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. «قارابالغاسۇن» شەھىرى سېپىللىرىنىڭ ھازىرقى ئېگىزلىكى 10 مېتىردىن ئېگىز كېلىدىكەن. شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچىدە ئەينى زاماندا قۇرۇلغان قۇرۇلۇشلارنىڭ خارابىلىرى ھازىرمۇ ناھايىتى ئېنىق ساقلانغان. شىمالدىن جەنۇبقا قارىتىپ سېلىنغان تاملارنىڭ ئىزلىرى گەرچە ئوت - چۆپلەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا پەرق ئەتكىلى بولىدىكەن. شەھەرنىڭ غەرب تەرىپىدە 15 مېتىر ئېگىزلىكتە ناھايىتى ھەيۋەتلىك ياسالغان كۆزىتىش مۇنارى بار ئىكەن. بۇ كۆزىتىش مۇنارىمۇ سوقۇپ ياسالغان بولۇپ، «قارا بالغاسۇن» قەدىمكى شەھىرى بىلەن تەڭلا قۇرۇلغانلىقى ئېنىق. «قارابالغاسۇن» قەدىمكى شەھىرىنىڭ بارلىق سېپىللىرى سوقۇپ ياسالغان، سېپىلنىڭ ئاستى تەرەپىنىڭ كەڭلىكى 10 مېتىر كېلىدۇ. سوقما قاتلىمى 10 - 15 سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئۈستى تەرەپىنىڭ كەڭلىكى 6 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ.

ھېلىھەم قەدىمكى شەھەرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە رۇسىيىلىك ئالىم ئىۋان فىدىرىن ئۆز ئەسىرىدە تەسۋىرلىگەندەك مەنزىرىلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ. شەھەر ئىچىدە ساپال پارچىلىرى چېچىلىپ ياتقان بولۇپ، خۇددى ياپونىيىلىك ئالىم سىنئەن شاۋفۇ تەسۋىرلىگەندەك شامان دىنى ئىبادەتخانىسى دەپ قارالغان ئىبادەتخانىنىڭ ھەيۋەتلىك تاشتىن ياسالغان بويۇملىرىنىڭ ھەممىسى چېقىلىپ، پارچە - پارچە قىلىۋېتىلگەن. تاشلارنىڭ ئۈستىدە قەدىمكى ئورقۇن يېزىقىدا نۇرغۇن خاتىرىلەر يېزىلغان، بۇ تاش بويۇملار قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىدا پارچە - پارچە قىلىپ، ۋەيران قىلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، تاش ئۈستىگە ئويۇلغان خاتىرىلەر ساقلىنىپ قالغان. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە پارچە تاشلارنىڭ ئۈستىگە ئويۇلغان يېزىق خاتىرىلەرنى سۈرەتكە ئېلىۋالدىم. ئىلگىرى رۇسىيىلىك ئالىم ئىۋان فىدىرىن بۇ قەدىمكى شەھەرنى تەكشۈرگەن چاغدا مەلۇم قىلغان ئەھۋاللارنى ھازىر ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، چۈنكى تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ كۆپ بولۇشى بۇ قەدىمكى شەھەرنى تېخىمۇ ۋەيران قىلىۋەتكەن. قارا بالغاسۇندىن ئىبارەت ئەجدادلىرىمىز قۇرغان بۇ قەدىمكى پايتەخت ئىگىلىگەن يەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 14.7147 كۋادرات مېتىر كېلىدىكەن. پۈتكۈل قەدىمكى شەھەرنىڭ تۆت ئەتراپىدا شەھەرنى قوغداش خەندەكلىرىنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. موڭغۇلىيە دۆلەتلىك تارىخ مۇزېيىنىڭ باشلىقى، پروفېسسور ئوۋچىر ئەپەندىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، قارا بالغاسۇن قەدىمكى شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا يەنە نۇرغۇنلىغان كىچىك تىپتىكى شەھەر خارابىلىرى بار ئىكەن. قارابالغاسۇن قەدىمكى شەھىرىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى تەپسىلىي سۈرەتكە ئېلىۋالدىم. سۈرەتكە ئېلىش جەريانىدا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىراق زامانلاردىكى ھېچنەرسىدىن قورقمايدىغان قەھرىمانلىق روھى مېنى ئىلھاملاندۇرغاندەك ھېسسىياتتا بولدۇم، ئەجدادلىرىمىزدىن ھەم پەخىرلەندىم. قارابالغاسۇن قەدىمكى شەھىرىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، داۋاملىق ھالدا يەنە، تۈركلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تاش دۆۋىلىك قەبرىلىرىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. بىز تەكشۈرگەن تۈركلەرنىڭ قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا بەش ئورۇندا قەبرە بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىر قەبرە ئالاھىدە قاتۇرۇلغانىكەن، ئەتراپىتىكى باشقا قەبرىلەردىن پەرقلىنىپلا تۇرۇدىكەن، قەبرە تۇپىسى ئالاھىدە چوڭ بولۇپ، قەبرىنىڭ تۆت ئەتراپىغا پۈتۈنلەي تام ياساپ قورشىۋېتىلگەنىكەن. بىز تەكشۈرگەن تۈرك قەبرىسىنىڭ ئەھۋا-

لى، شىمالىي پاراللېل "47°19'150"، شەرقىي مېرىدىيان "104°13'811" قا قا توغرا كېلىدىكەن، دېڭىز يۈزىدىن 1344 مېتىر ئېگىز.

قارا بالغاسۇن قەدىمكى شەھىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، شىمالىي پاراللېل "47°258'73" قا، شەرقىي مېرىدىيان "102°39'478" قا توغرا كېلىدىكەن. دېڭىز يۈزىدىن 1387 مېتىر ئېگىز. تۈرك قەدىمكى قەبرىستانلىقىنىڭ چۆرىسىدىكى قورشاۋ تامنىڭ كەڭلىكى 32 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 37 مېتىر.

بۇگۈنكى بىر كۈنلۈك ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئەسلىي پىلان بويىچە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياقلاشتى.

14 - ئىيۇل، ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىنلا يولغا چىقتۇق. ئالدىن بىلەن بەلگىلەنگەن نىشان بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىنى تەكشۈردۇق. بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى ناھايىتى ھەيۋەتلىك ھەم ئىنتايىن نەپىس ياسالغان بولۇپ، بۇ مەڭگۈ تاش ھازىر موڭغۇل يايلىقىغا ئالاھىدە ياسالغان — مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ساقلاش ئىسكىلاتىدا ساقلانماقتا. بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى بۇ ئىسكىلاتتا خۇددى ئەسلىي ئورنىغا قويۇلغاندەك تىكلەپ قويۇلۇپتۇ. بۇ ئىسكىلاتتا بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىدىن باشقا يەنە ناھايىتى نۇرغۇن مەزمۇنغا ئىگە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار ئىكەن، ساپال قاچا پۇچۇقلىرى، ناھايىتى سىپتا ۋە نەپىس ياسالغان. بۇنىڭدىن ئەينى زامانلاردا ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۈندۈلۈك تۇرمۇشىدا ناھايىتى نەپىس - چىرايلىق ياسالغان ساپال قاچىلارنى ئىشلەتكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. مەخسۇس ياسالغان بۇ ئىسكىلاتتا يەنە، ئەجدادلىرىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بالبال تاشلارنىڭ ساقلانغانلىقىنى ھەم پۈتۈنلەي تاشتا ئويۇلغان ئادەتتىكى قويلارنىڭ چوڭلۇقىدا بولغان قوي ھەيكەللىرى، ئوردىدىكى مۇلازىم ئاياللارنىڭ ھەيكەللىرى، ھەرخىل گۈل نۇسخىلىرى بار. ئەينى زامانلاردا قۇرۇلۇشقا ئىشلەتكەن زىننەت بويۇملىرى يەنە ھەرخىل ھەر شەكىلدە تەييارلانغان مەخسۇس قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان تاش بېزەكلەر ساقلانغان بولۇپ، ھەقىقەتەن ئادەمنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ. خۇددى قەدىمكىلەردىن بىزگىچە قېپقالغان، ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى لال قىلىپ، كۆزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتىدۇ، دېگەن دەبدەبىلىك بايانلارنىڭ ئەمەلىي مىسالىنى مانا مۇشۇ ئىسكىلاتتىن ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

بۇ ئىسكىلاتتا ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارىسىدا گۈل چېكىلگەن تاشلار بار بولۇپ، بۇلار شامان دىنىغا تەۋە، ئىككى قۇشنىڭ بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرغان كۆرۈنۈشى ھەقىقەتەن ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. پۈتكۈل ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئادەملەردىكى روھىي ئېتىقاد ئادەملەرنى باشقۇرۇشتىكى ناھايىتى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. ئادەملەردە پەقەت ئەنە شۇ روھىي ئېتىقاد بولغانلىقى ئۈچۈن، بىرخىل چاقىرىق ئاستىغا ئويۇشىدۇ. مۇشۇ روھىي ئېتىقاد ئادەملەرنى ئادەمگە ئوخشاش ياشاشقا، ئۆزلۈكسىز كۆرەش قىلىشقا، داۋاملىق تىرىشىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئادەملەرنى ئۆز ئارا بىر - بىرىگە ياردەملىشىشكە، بىر - بىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا، بىر - بىرىنى قوللاشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئىنسانلاردىكى بۇ خىل بۈيۈك روھىي ئېتىقاد ئادەملەردە ئادەمىيلىك ئاڭنىڭ بولغانلىقىنىڭ تۈپ ئاساسى. روھىي جەھەتتىكى مەنبە بولمىسا ئىنسانلار بىرخىل چاقىرىق ئاستىغا قانداقمۇ ئويۇشالىسۇن؟

تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى مۇتەخەسسىسلەر، بىلگە قاغان ئابىدىسىنى تەكشۈرۈپ بولۇپ، بىلگە قاغان ئابىدىسىگە يىراق بولمىغان جايدىكى كولتېگىن ئابىدىسىنى تەكشۈردۇق. بۇ ئىككى پارچە ئابىدە تاشنىڭ ئارىلىقى 808 مېتىر كېلىدىكەن.

كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشىنىڭ ئەتراپىنى پۈتۈنلەي سىم توساق بىلەن توساپ قويۇپتۇ. كۆلتېگىن ئابىدە تېشىنىڭ ئەتراپى، بىز

ئىلگىرى كۆرگەن ماتېرىياللاردا تەتقىق قىلىنغىنىدەك قەدىمكى تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قەبرىستانلىقى ئىكەن. كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشىنىڭ ئالدى تەرىپىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان خاتىرە بار ئىكەن، كەينى تەرىپىدە خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان خاتىرە بار ئىكەن. يان تەرىپىدە ئورقۇن يېزىقىدا يېزىلغان خاتىرە بار ئىكەن. كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشىنىڭ دۇنيانى تاڭ قالدۇرۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم سىرلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ھەرخىل يېزىقلاردىكى خاتىرىلەرنى قالدۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسى ئەلادلىرىغا يەتكۈزگەنلىكىدەك ئۇلۇغلىقىدا. كۆلتېگىن ئابىدىسىنى تەكشۈرۈشنى ئاياغلاشتۇرۇپ، بۇ يەرگە رەت تەرتىپى بويىچە قويۇلغان ئەينى زامان تۈرك ھۆكۈمرانى ئۆزى ئۆلتۈرگەن دۈشمەنلىرىگە ئاتاپ كۆمگەن «قەتل تاش»لارنى تەكشۈردۇق. شۇ زاماننىڭ قائىدىسىدە بىر ھەربىي ئەمەلدار ئۇرۇش داۋامىدا قانچىلىك دۈشمەننى ئۆلتۈرگەن بولسا شۇنچىلىك تاش كۆمۈلۈپ خاتىرىلىنىدىكەن. بۇ ئەينى زاماندا شۇ ھەربىي ئەمەلدارنىڭ تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. تەكشۈرۈش جەريانىدا، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور يېتەكچىسى لوشىن ئەپەندى بىزگە ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى بىر قېتىملىق، تاشقى موڭغۇلىيىدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈش داۋامىدا بىر تۈرك ھەربىي ئەمەلدارنىڭ 4000 دۈشمەن يوقاتقانلىقىنى، 4000 «قەتل تاش» كۆمۈپ خاتىرىلىگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ يەرگە كۆمۈلگەن «قەتل تاش»نىڭ ئۇزۇنلۇقى تۆت كىلومېتىر دائىرىگىچە كۆمۈلگەنىكەن. بىز تەكشۈرگەن «قەتل تاش»لار ئاساسەن، غەربنى يەنى قەبرىنى ئاساس قىلىپ شەرققە قارىتىپ كۆمۈلگەنىكەن. بۇ «قەتل تاش»لارنى تەكشۈرگەن جۇڭگو مۇتەخەسسىسلىرى ناھايىتى ئەستايىدىل ئىشلىدى. ھەربىر مۇتەخەسسىس خاتىرىلەشكە تېگىشلىك ئەھۋاللارنى قالدۇرماي خاتىرىلىدى. ھەممەيلەن تەكشۈرۈش جەريانىدىكى ئەھۋاللارنى كۆپرەك خاتىرىلىۋېلىشقا تىرىشتى. جۈملىدىن ئۆزۈممۇ ئىمكانىيىتىمنىڭ بارىچە سۈرەتكە ئالغۇدەكلا ئەھۋال بولسا كۆپرەك سۈرەتكە ئېلىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشتىم. بۈگۈنكى چۈشلۈك تاماق بىر موڭغۇل چارۋىچى ئائىلىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپلا تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇردۇق. تاماقتىن كېيىنكى تەكشۈرۈش چۈشتىن ئىلگىرى تەكشۈرگەن ئىككى ئابىدە تاشنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئىككى ئورۇنغا قويۇلغان تۈركلەر قەبرىستانلىقى بولدى. بۇ ئىككى ئورۇندىكى قەبرىلەرنىڭ سانى خېلى كۆپ، ھەربىر قەبرىستانلىق رايونىغا ئاز دېگەندىمۇ 50 ـ 60 قەبرە قويۇلغان. بۇ قەبرىستانلىقتىكى بەزى قەبرىلەر ئالاھىدە ياسالغان. قەبرىلەرنىڭ دائىرىسى ۋە قەبرە دۆۋىسى ناھايىتى چوڭ، ئېگىز، ھەيۋەتلىك دۆۋىلەنگەن. چوڭ دۆۋىلىك قەبرىنىڭ ئوبيومى 15 مېتىر كېلىدۇ. سەل كىچىكرەكلىرىنىڭ ئوبيومى 10 مېتىردىن ئارتۇقراق كېلىدۇ. بىز بۇ قەبرىستانلىق رايونىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا پروفېسسور لوشىن ئەپەندى تەمىنلىگەن يەنى 1970 ـ يىللاردا تۈركىيىلىك ئارخېئولوگلار قازغان قەبرىلەرنى كۆردۇق. بۇ قەبرىلەرنى تەكشۈرۈش جەريانىدا قەبرىلەرنىڭ تېگى قىسمى، يان تاملىرىنىڭ ھەممىسىگىلا چوڭ ھەجىملىك ياپىلاق تاشلارنى ئىشلەتكەنىكەن. بۇ قەبرىستانلىقتا ئىشلەتكەن تاشلارنىڭ مەنبەسىدىن قارىغاندا، قەبرىلەرگە ئىشلىتىلگەن تاشلارنىڭ 70% دىن كۆپرەكى ياغاچ تاشقاتمىلىرى بولۇپ، ياغاچلاردا بولىدىغان ئالاھىدىلىكلەر بولۇپمۇ قارىغاي ياغىچىدا بولىدىغان ئالاھىدىلىكلەر ناھايىتى گەۋدىلىك بولۇپ، بىر قارىغاندىلا بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ قەبرىستانلىقلارغا شۇنچە كۆپ ياپىلاق تاشلارنى ئىشلىتىشتىكى ئاساسلىق سەۋەب ئېھتىمال قەبرىلەرنىڭ ئۇزاققىچە ياخشى ساقلىنىشىنى مەقسەت قىلغان ياكى تۈرك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ جەمئىيەت قاتلىمىنى پەرقلەندۈرۈش شەكلىدۇر ياكى بولمىسا تۈركلەر ھۆ-

كومرانلىقى دەۋرىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قەبرىسى بولۇشى مۇمكىن. تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشىدا خاتىرىلەنگەن مەزمۇنلارنىڭ مۇھىم بىرقىسمى بۇ يەرگە قويۇلغان قەبرىلەرنىڭ تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قەبرىسى دەپ خاتىرىلەنگەنلىكىدە.

بىز بۇ قەدىمكى قەبرىلەرنى تەكشۈرۈشنى ئاياغلاشتۇرۇپ داۋاملىق ھالدا قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ياشىغان يايلاقتا تەبىئىي شەكىللەنگەن Ogiinor كۆلىنى، كۆلنىڭ ھازىرقى مۇھىتىنى، ھازىرقى جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى تەكشۈردۇق. تەبىئىي شەكىللەنگەن Ogiinor (ئوگىنور) كۆلى ناھايىتى گۈزەل بولۇپ، دۆلەت تەرىپىدىن تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايونغا تەۋە ئەكەن، مەخسۇس خادىملار قوغدايدىكەن. ئوگىنور كۆلى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئەكەنلىكى ئېنىق.

بىز ئولتۇرغان ماشىنىنىڭ شوپۇرى بۇ كۆلنى «كۆكنور» كۆلى دېگەن مەنىدىكى سۆز ئىكەنلىكىنى دەپ بەردى. ئۇ موڭغۇل تىلىدا «كۆك تېڭگىر» دېيىمىز دېدى. بۇ «كۆك تەڭرى» دېگەنلىك ئىدى. دېمەك، بۇ كۆل قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم روللارنى ئوينىغان. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ چارۋىچىلىقى، ھايات - ماماتلىقى، گۈللىنىشى، ئاۋۇشى دېگەندەك تەرەپلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

بىز «كۆكنۇر» كۆلىنى تەكشۈرۈپ بولۇپ، يەنە بىر ئورۇننى، ئېگىزلىكى 1.5 مېتىردىن 2 مېتىرغىچە، ئوبيومى 70 مېتىر كېلىدىغان تاشقاتما دۆۋىسىنى تەكشۈردۇق. تەكشۈرۈش ئۈمىكىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەھلىلىگە ئاساسلانغاندا، بۇ تەبىئىي ھالدا ئۆزلۈكىدىن شەكىللەنگەن ياغاچ تاشقاتمىسى دۆۋىسى ئىكەن. بۇ تاشقاتما دۆۋىسىگە يىراق بولمىغان يەردە ياپىلاق تاشقا ئويۇلغان بىر قىيا تاش رەسىمى بولۇپ، بۇ قىيا تاش رەسىمى موڭغۇللارنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان «ئوۋباۋ» تاشلاردا دۆۋىلەپ ياسايدىغان مەلۇم بەلگىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. «ئوۋ باۋ» موڭغۇل خەلقىگە نىسبەتەن بىرخىل دىنىي تۇس ئالغان شەكىل بولۇپ، ئاساسلىق يول بويلىرىدا، يايلاقلاردىكى مەھەللىلەردە بولىدىكەن.

مېنىڭ قارىشىمچە، «ئوۋ باۋ» دېگەن شەكىل يىراق قەدىمكى زامانلاردا ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان مەھەللە، يۇرتلىرىغا شۇنداق بەلگىلەرنى قويۇپ، ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان يۇرت - مەھەللىلىرىنى پەرق ئەتكەن بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى كۈنلەردە بۇ خىل بەلگە قويۇش ئادىتى تەرەققىي قىلىپ يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەر بۇ بەلگىنىڭ ئۈلك تەرىپىدىن ئۈچ نۆۋەت ئايلىنىپ، ئامان - ئېسەنلىكىنى، سالامەتلىكىنى، ئىشقىلىپ ياخشىلىق تىلەشنى مەقسەت قىلغان دىنىي ئېتىقاد بىلەن چوقۇنىدىغان شەكىلگە ئۆزگىرىپ قالغانمىكىن دەيدىغان قاراش بار. چۈنكى بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغاندا، مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇننى تامامەن ئۆزگەرتىۋېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

14 - ئىيول، قارا قورۇمدىن ئالغا قاراپ يولغا چىقتۇق. يول بويىدا چىڭگىل ناھىيىسى بازىرىدىن ئۆتتۇق. بازارنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ئانچىلىك چوڭ بولمىغان بىر تارماق دەريا بار ئىكەن. بۇ دەرياغا خېلى زامانىۋى كۆۋرۈك سېلىنغان بولۇپ، موڭغۇل دالاسىدىكى باشقا يۇرت - رايونلارغا بارىدىغان بىردىن - بىر كۆۋرۈك ئىكەن. چىڭگىل ناھىيىسىدىن ئۆتۈپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ باتسىنگىر ناھىيىسى دەپ ئاتىلىدىغان ناھىيىگە يېتىپ كەلدۇق. باتسىنگىر ناھىيىسى تەۋەلىكىدە خېلى كۆپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە قەدىمكى قورۇلۇشلارنى كۆردۇق. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە بۇ زېمىنلارغىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغانىكەن. چىڭ سۇلا-

لىسى ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە موڭغۇللارنىڭ يۇرتلىرىغا، مەجبۇرى ھالدا كۆپلىگەن بۇدخانىلارنى، ئىبادەتخانىلارنى سالدۇرغان. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەرنى تۇرغۇزۇپ، موڭغۇل خەلقىنى باشقۇرۇش تەۋەسىگە كىرگۈزگەن.

تەكشۈرۈش داۋامىدا، بىز يەنە ناھىيىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان يەنە تامىر دەرياسىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىگە قويۇلغان ھۇن ئىمپىراتورلىقى دەۋرىدىكى ھۇنلارنىڭ قەبرىلىرىنى تەكشۈردۇق. ھۇن قەبرىلىرى بىرخىل لىنىيە بويىچە، پاراللېل سىزىق شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن. بىز بۇ يەردە تەكشۈرگەن قەبرىستانلىق دەل شۇ ئۈچ تال سىزىق شەكلىدە جەنۇبتىن ـ شىمالغا قارىتىپ قويۇلغانىكەن. قەبرىستانلىقنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە قويۇلغان قەبرىستانلىقمۇ ئىككى تال سىزىق شەكلىدە رەتلىك قويۇلۇپتۇ. بۇ يەردىكى قەبرىلەر بىلەن شىنجاڭ رايونىدىكى ھۇنلارنىڭ قەبرىستانلىقلىرىنىڭ قويۇلۇشى ئانچە ئوخشىمايدىكەن، ياشاش مۇھىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن ۋە ياكى قويۇش تەرتىپىدە ئۆزگىرىش بولغانمۇ قانداق؟

تەكشۈرۈش داۋامىدا، موڭغۇلىيە دۆلەتلىك تارىخ مۇزېيىنىڭ باشلىقى پروفېسسور ئۇۋچىر ئەپەندىنىڭ بىزگە دەپ بېرىشىچە، ئەينى چاغدا بۇ ھۇنلار قەبرىسى تۆت چاسا قېزىلغانىكەن ھەم ئۆلگۈچىنىڭ پۇتىغا ئاتاپ مەخسۇس ياسالغان «پۇت قويۇش ئورنى» لايىھىلەنگەنىكەن. بۇ ئۆلگۈچىنى قىستىلىپ، قىينىلىپ قالمىسۇن دەپ ئالاھىدە مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانىكەن.

بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقنى تەكشۈرۈش داۋامىدا، قەبرىستانلىقتا جەمئىي 22 ئورۇندا قەبرە بارلىقىنى ئېنىقلىدۇق. بۇ قەبرىلەرنىڭ ئويبويى 13 مېتىردىن 15 مېتىرغىچە كېلىدىكەن. قەبرىلەرنىڭ دەۋرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 1 ـ 2 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە ئىكەن.

قەدىمكى قەبرىلەرنى تەكشۈرۈپ بولۇپ، داۋاملىق ھالدا بىپايان كەتكەن يايلاق يولى بىلەن ئىلگىرىلەپ، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى يەنە بىر ۋۇنزا دەۋرلىرىگە تەۋە بولغان قەبرىلەرنى تەكشۈردۇق. بۇ قەدىمكى قەبرىلەرنىڭ يېنىدا يەنە ھۇنلارنىڭ نۇرغۇنلىغان قەبرىلىرىنى ۋە تۈركلەرنىڭ قەبرىلىرىنى تەكشۈردۇق. بۇ قەدىمكى قەبرىلەرنى تەكشۈرۈش داۋامىدا يەنە، بۇنىڭدىن ئىلگىرى، رۇسىيىلىك ئارخېئولوگلار قىدىرىپ تەكشۈرگەن قەبرىلەرنى تەكشۈردۇق. ئۇلارنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئادىتىدە قەبرىلەرنى قېزىپ تەكشۈرۈپ بولۇپ، قەبرىلەرنى ئىلگىرىكىدەك كۆمۈپ تىندۇرۇۋېتىدىكەن. تىندۇرۇلغان توپىلارنى چىرايلىق تۆت چاسا قىلىپ، رەتلەپ قويىدىكەن.

قەدىمكى قەبرىستانلىقلارنى تەكشۈرۈپ بولۇپ، يول ياقىسىدىكى ئارشاڭ دېگەن جايغا كېلىپ، تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇردۇق. بۈگۈن تاشقى موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ خۇخاڭغەيشېڭ ئۆلكىسىنىڭ ⑤ نىڭ چېچىرلىك (چېچەكلىك) دېگەن شەھىرىگە كەلدۇق. (چېچىرلىك)، موڭغۇل تىلىدا چېچەكلىك، گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەن دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆز ئىكەن. گۈل چېچەككە پۈركەنگەن شەھەر دەپ نام ئالغان بۇ شەھەر بىلەن ئارشاڭ دەپ ئاتالغان كىچىك شەھەرنىڭ ئارىلىقى پەقەت 28 كىلومېتىرلا كېلىدىكەن.

16 ـ ئىيۇل ئەتىگەن، يەنە ئىلگىرىكى پىلانىمىز بويىچە خۇخاڭغەيشېڭ مۇزېيىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ مۇزېيخانا ئەسلىدە بىر ئىبادەتخانا بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇرۇلغانىكەن. كېيىن ھەرخىل ئېھتىياجلار سەۋەبىدىن مۇزېيخانا قىلىپ ئۆزگەرتىلىپتۇ. بۇ مۇزېيخانىنىڭ ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر پارچە سوغدى يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش قويۇلغانىكەن. بۇ سوغدىچە يېزىق ئويۇلغان مەڭگۈ تاش ھازىرمۇ خۇخاڭغەيشېڭ مۇزېيىدا ساقلىنىۋېتىپتۇ. بۇنىڭدىن يىراق قەدىمكى زامانلاردا سوغدىلارنىڭ ئەجدادلىرى بۇ يەرلەردىمۇ ماكان تۇتۇپ

ياشىغانلىقى مەلۇم. بۇ سوغدىغىچە مەڭگۈ
تاش بىز دەۋاتقان ئەھۋالنىڭ دەلىل - پاكى-
تى بولالايدۇ. خوخاڭئەيشىڭ مۇزېيى ئەسلى-
دە تارىخ - ئۆرپ ئادىتى مۇزېيى ئىكەن.
مۇزېينىڭ ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 1705 مې-
تىر ئېگىز ئىكەن. بۇ مۇزېيخانىنىڭ نامى
— زايابانىدىدا - زايانكۇلۇن ئىكەن. بىز زا-
يانكوكۇن ئىبادەتخانىسىنى تەكشۈرۈپ بو-
لۇپ، يەنە يايلاق يولىنىڭ ياقىسىدىكى بىر
غەلىتە تاشنى تەكشۈردۇق. پروفېسسور لو-
شىن ئەپەندىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ يەردە
يىراق قەدىمكى زامانلاردا ناھايىتى زور غەلى-
تە بىر يىلان پەيدا بولۇپ قېلىپ خەلققە زور
بالايى ئاپەتلەرنى كەلتۈرگەندىن كېيىن موڭ-
غۇللار ئارىسىدىن بىر باتۇر چىقىپ بۇ غەلى-
تە تاش بىلەن بۇ يىلاننىڭ بېشىنى باستۇ-
رۇپ قويغانىكەن. شۇندىن كېيىن خەلق خا-
تىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ، بۇ غەلىتە زور
تاشمۇ مۇشۇ يەردە تۇرۇۋېرىپتۇ. بىز بۇ غە-
لىتە تاشنى تەكشۈرۈش داۋامىدا شۇنى بايقى-
دۇقكى، غەلىتە تاشنىڭ ئەتراپىغا ھەرخىل
خەتلەر يېزىلغانىكەن. ئەجەبلىنەرلىكى، بۇ
يېزىقلار ئارىسىدا يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزى-
قى يېزىلغان خاتىرىلەرمۇ بارىكەن. بۇ غەلى-
تە چوڭ تاشنى تەكشۈرۈپ بولۇپ، يەنە شۇ
يايلاق يولىنى بويلاپ مېڭىپ، بوگوت دېگەن
يەرگە كەلدۇق ھەم بۇ يەردىكى نەزىر - چى-
راق ئورنىنى كۆردۇق. بىز تەكشۈرۈۋاتقان
بۇ نەزىر - چىراغ ئورنى جۇڭگو فېئوداللىق
مەدەنىيىتىدىكى بۇدخانىنىڭ يەنى ئىبادەتخا-
نىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ ھەم تامامەن ئىبادەت-
خانا دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ نەزىر - چى-
راغ خارابىسى يەنىلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ يى-
راق - قەدىمكى زامانلاردا ئىشلەتكەن قەدىم-
كى مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ بىرى.

بۇ قەدىمكى قەبرىستانلىقنىڭ ئالدىغا يە-
نە «قەتىل تاش» تۇرغۇزۇلۇپ، بۇ قەبرە ئى-
گىسىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا كۆرسەتكەن قەھرى-
مانلىقىنى نامايان قىلىپتۇ. بۇ «قەتىل تاش»
تۇرغۇزۇلغان ئارىلىق 300 مېتىر كېلىدى-
كەن. بىز مېڭىۋاتقان يايلاق يولى پەقەت
چارۋىچىلار ئۆزلىرى مېڭىپ چىقارغان يول
بولۇپ، ماشىنىلارنىڭ مېڭىشىغا ناھايىتى
تەسكە چۈشتى. ھەربىر داۋان، ھەربىر ئە-
گىش نۇقتىسى ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەن،
بوگونكى لېنىيە ماشىنا مېڭىشقا پەقەت ماس
كەلمەيدىكەن. شۇنداق خەتەرلىك بولسىمۇ بۇ
يولدىن باشقا ھېچقانداق يول بولمىغاچقا،
قەتئىي تەۋرەنمەي داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلە-
ۋەردۇق. ئاخىرى كۈن كەچ بولغاندا بىر
كۆل بويىغا يېتىپ كەلدۇق، بۈگۈن كەچ
مۇشۇ يەردە قونۇشنى قارار قىلدۇق. ئەترا-
پىمىزدىمۇ بىزدىن ئىلگىرىرەك كەلگەنلەر
چېدىرلىرىنى تىكىپ، قونۇشقا تەييارلىنىۋې-
تىپتىكەن، ئۇلاردىن ئازراق ئەھۋال ئىگى-
لىدۇق. بۇ يەر ئەسلىدە دۆلەت نۇقتىلىق
قوغدايدىغان يانار تاغ ئېكولوگىيە باغچىسى
ئىكەن. بىز قونغان يەردىكى بۇ كۆلنىڭ
ئىسمىنى «چەگەننۇر» دەپ ئاتايدىكەن. بۇ
كۆلنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى دېڭىز يۈزى-
دىن 2078 مېتىر ئېگىز ئىكەن. بىز تەخ-
مىنەن 20 كىلومېتىردەك يول ماڭدۇق.
يول بويى پۈتۈنلەي يانار تاغنىڭ ۋولقان كۈ-
لى بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. كۆلنىڭ شەرق
تەرىپىدە ئانچە ئېگىز بولمىغان بىر تاغ بو-
لۇپ، تاغنىڭ ئۈستى خۇددى ئىگەر شەكلىگە
ئوخشاپ قالغان، موڭغۇلىيە دۆلەتلىك ئۇنى-
ۋېرسىتېتىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى
دوتسېنت گاڭباتېرنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇ-
شىچە، بۇ ئىگەر شەكىللىك يەر دەل نەچچە
مىليون يىللار ئىلگىرى ۋولقان پارتلاپ چىق-
قان ۋولقان ئېغىزى ئىكەن. ئېيتىلىپ چىق-
قان ۋولقان ماگمىلىرى نەچچە كىلومېتىر
كېلىدىغان ئويمانلىقلارغا تولۇپ كەتكەن بو-
لۇپ، قېلىنلىقىمۇ 5 - 10 مېتىردەك كېلى-
دىكەن. يول بويىدىكى ئېگىز بولمىغان بەزى
تاغلارمۇ ۋولقان ماگمىلىرىدىن شەكىللەن-
گەن.

17 - ئىيۇل، ئەتىگەندە چاغاننۇر كۆ-
لىدىن يولغا چىقتۇق. ئىلگىرىلەش يولىمىز
يەنىلا دۆلەت ئېكولوگىيىلىك باغچىسىدىن
يولغا چىقىپ، ۋولقان ماگمىلىرى بىلەن تو-

لۈپ كەتكەن يول بىلەن مېڭىشقا توغرا كەلـ
دى. تەكشۈرۈش سەپىرى جەريانىدا يول بو-
يىدىكى يەنە 7 تۈپ دەرەخ بار ئېغىزدىكى
قەبرىنى تەكشۈردۇق. بۇ قەبرىمۇ بىز ئىلـ
گىرى تەكشۈرگەن قەبرىلەردەك تاش چەمـ
بەرلىك قەبرە ئىكەن. تەكشۈرۈشكە قاتناشـ
قان مۇتەخەسسىلەرنىڭ تەھلىلىگە قارىغانـ
دا، بۇ قەبرىمۇ تۈركلەرنىڭ قەبرىسى ئىـ
كەن. بۇ قەبرە ئىگىلىگەن يەرنىڭ دائىرىسى
خېلى چوڭ، قەبرىنىڭ يېنىدىلا بىر بوغا
تاش بار ئىكەن. بۇ تۈرك قەبرىسىنى تەكشۈ-
رۈپ بولۇپ يەنە بىر قەبرىنى تەكشۈردۇق.
بۇ قەبرىمۇ مەڭگۈ تاش تىكلەنگەن قەبرە بو-
لۇپ، بۇندىن ئىلگىرى موڭغۇلىيە ئارخېئو-
لوگلىرى بىلەن رۇسىيىلىك ئارخېئولوگلار
بىرلىكتە قېزىپ تەكشۈرگەن قەبرە ئىكەن.

بۇ كەلگەن كەتكەن يايلاقتا سىرتقى شەكلى
ئوخشاپ كېتىدىغان تاش چەمبەرلىك ياكى
تاش دۆۋىلىك قەبرىلەر خۇددى يۇلتۇزلارغا
ئوخشاش ھەممە يەرگە تاراپ كەتكەنىكەن. بۇ
قەبرىلەرنىڭ بەزىلىرى تۆت چاسا تاش تامـ
نىڭ ئىچىگە، يۇمىلاق تاش چەمبەر قىلىپ
قويۇلغان قەبرىلەر بولسا، بەزىلىرى بىۋاسىـ
تىلا ھەم چوڭ ھەم تۈزۈك قىلىپ ياسالغان
چەمبەر ئىچىگە قويۇلغان قەبرىلەر ئىدى، بۇ
قەبرىلەرنىڭ سىرتقى شەكلىگە قاراپلا تەۋە-
لىكىنى پەرق ئەتكىلى بولىدىكەن.

يول بويىدا يەنە، سەيشىڭفىيگۇ دېگەن
جايغا كەلگەندە يەنە بىر تۈركلەرگە تەۋە قەبـ
رىنى تەكشۈردۇق. بۇ قەبرىمۇ تۆت چاسا
شەكىلدە تاش تىزىلىپ ياسالغان، ئوتتۇرىـ
سىغا يۇمىلاق قىلىپ تاش دۆۋىسى دۆۋىلەنـ
گەن. بۇ قەبرىنىڭ يېنىدىمۇ شەرقتىن ـ
غەربكە قارىتىپ تىزىپ قويۇلغان «قەتل
تاش» بارىكەن. دېمەك، بۇ قەبرە ئىگىسىـ
نىڭمۇ ئەينى زاماندا ناھايىتى داڭقى بار قەھـ
رىمانلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق.

بۇ قېتىم بىزگە يول باشلىغۇچى ھەم
مەسلىھەتچى بولغان موڭغۇلىيىلىك ئالىم
ئوۋچىر ئەپەندىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، تارىخـ
تا ئۆتكەن تۈركلەرنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەر-
نىڭ قەبرىسىگە «قەتل تاش» قويۇش ئادىتى
يوقكەن. پەقەتلا يۇقىرى تەبىقىدىكى ئەمەلـ
دارلارنىڭ، ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ قەبرىـ
سىگىلا «قەتل تاش» تىزىپ قويۇلىدىكەن.
مۇشۇنداق شەكىل بىلەن قەبرە ئىگىسىنىڭ
ھايات ۋاقتىدىكى قەھرىمانلىق تۆھپىسىنى
ئىپادىلەيدىكەن. بۇ قەبرىنىڭ يېنىغا قويۇلـ
غان قەتل تاشنىڭ ئارىلىقى 250 مېتىر كېـ
لىدىكەن. ھەربىر قەتل تاشنىڭ ئارىلىقى
بىر مېتىر، بىر يېرىم مېتىر ئارىلىقىدا
بولىدىكەن. بۇ قەبرىنىڭ ئالدىدا بىر تاش
بولۇپ، بۇ تاشقا ھېچقانداق بەلگە ئويۇلمىـ
غان، خاتىرىمۇ يېزىلمىغان. بۇ تاشتىن
باشقا يەنە، بۇ قەبرىنىڭ تۆت ئەتراپىدا خېلى
نۇرغۇن ياپراقچە تاش بار، «قەتل تاش»لار
پاكارراق تىزىپ كۆمۈلگەنىكەن. ئېگىزلىكى
30 سانتىمېتىردىن 40 سانتىمېتىرغىچە
كېلىدىكەن. قەبرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئور-
نى، دېڭىز يۈزىدىن 2575 مېتىر ئېگىز.

قەبرىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ بولۇپ،
يول بويىدا يەنە بىر تۈرك قەبرىسىنى تەكـ
شۈردۇق. بۇ قەبرىنى موڭغۇلىيە دۆلەتلىك
تارىخى مۇزېيىنىڭ باشلىقى، پروفېسسور
ئوۋچىر ئەپەندىنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسلانـ
غاندا، 1976 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقلىق
بايتېخۇ دېگەن ئارخېئولوگ ئالىمى بىلەن
موڭغۇلىيە دۆلەتلىك تارىخ مۇزېيى بىرلەـ
شىپ تەكشۈرگەنىكەن. قەبرىنى قازغان ئەيـ
نى چاغدا بىر مەڭگۈ تاش چىققانىكەن. بۇ
قەبرىنىڭ ئالدى تەرىپىگىمۇ قەتل تاش قو-
يۇلغان. قەبرىدىكى قەتل تاش قويۇلغان ئاـ
رىلىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىردىن 16 مېـ
تىرغىچە كېلىدۇ. بۇ قەبرە يۇمىلاق تىزىلـ
غان تاش چەمبەر ئىچىگە قويۇلغان. قەبرىـ
نىڭ تاش دۆۋىسى چەمبەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا
قويۇلۇپتۇ. رەتلىك تىزىپ قويۇلغان قەتل
تاش ئەھۋالىدىن كۆزەتكەندە بۇ قەبرە ئىگىـ
سىمۇ ئاددى ئادەم ئەمەستەك قىلىدۇ. تاش
دۆۋىسىنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىردىن 1.5
مېتىرغىچە كېلىدۇ. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم
بولۇشىچە، بۇ قەبرىنى مەركەز قىلىپ تۆ-

روۋپ شەرق تەرەپكە يەنە بەش ئورۇنغا قەبرە قويۇلۇپتۇ. بۇ قەبرىلەرنىڭ ئالدى تەرىپىگە رەتلىك تىزىپ قويۇلغان قەتل تاشنىڭ سانى 202 دانە، ئۇزۇنلۇقى 312 مېتىر كېلىدۇ. بۇ قەبرىلەرنى تەكشۈرۈپ بولۇپ، يەنە بىر نۇقتىنى كۆزلەپ ئالغا ئىلگىرىلىدۇق. يول ئۈستىدە يەنە تېرمەن دېگەن ناھىيىگە يېتىپ كەلدۇق. يول بويىدا ناھايىتى ھەيۋەتلىك بىر تاش دۆۋىلىك قەبرىنى تەكشۈردۇق. بۇ قەبرە ئەسلىدە غۇزلارنىڭ يەنە (ساقاللىقلار) نىڭ قەبرىسى ئىكەن. بۇ تاش دۆۋە قەبرىنى مەركەز قىلىپ، ئەتراپىغا يەنە نۇرغۇن قەبرىلەر چەمبەر ئىچىگە قويۇلۇپتۇ.

بۈگۈن كەچمۇ يەنە شۇ يايلاقتا چېدىرلىرىمىزنى تىكىپ قونۇشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدۇق. كېچىدە ناھايىتى قاتتىق يامغۇر ئېغىپ كەتتى. چېدىرنىڭ سىرتىغا چىقىشىمۇ ئامال بولمىدى.

18 - ئىيۇل ئەتىگەندە، تەكشۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتۇق. بىز قونغان بۇ يايلاقتا ناھايىتى نۇرغۇن قەبرە بار ئىكەن. بۇ يەرنىڭ ئىسمىنى «شورگاخۇن» دەپ ئاتايدىكەن. بۇ يەردە بىز تەكشۈرگەن بىر قەبرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر بوغا تاش قويۇلۇپتۇ. بوغا تاشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.22 مېتىر، قېلىنلىقى 24 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 54 سانتىمېتىر كېلىدىكەن. بۇلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىراق قەدىمكى زامانلاردىكى يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى ئورۇندىكى قەبرىنى تەكشۈردۇق. بۇ قەبرىلەرگىمۇ ئوخشاشلا بوغا تاش قويۇلۇپتۇ. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى جاڭ فەن ئەپەندىنىڭ بايان قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، بۇ قەبرىلەرنىڭ ھەممىسى بىرونزا دەۋرىگە تەۋە قەبرىلەر ئىكەن. بۇ قەبرىلەرنىڭ تەۋەلىكى تېخى ئېنىق ئەمەس ئىكەن. يۇقىرىقى قەبرىلەردىن باشقا يەنە، بۇ قەبرىلەرنىڭ غەرب تەرىپىگە تەخمىنەن 200 مېتىر كېلىدىغان يەردە يەنە بىر قەبرىنى تەكشۈردۇق. بۇ قەبرىنىڭ ئالدى تەرىپىگە بىر بوغا تاش قويۇلغان بولۇپ، بوغا تاشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2.58 مېتىر، كەڭلىكى 65 سانتىمېتىردىن 71 سانتىمېتىرغىچە كېلىدىغان بوغا تاش قويۇلغان. بۇ قەبرە بىر قەدەر ئالاھىدە بولۇپ، قەبرىنىڭ ئەتراپىدا ئىككى رەت تاش چەمبەر تىزىقلىق، ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنىدىكەن. تاشقى چەمبەرنىڭ 15 يېرىگە، ئىچكى چەمبەرنىڭ 14 يېرىگە ئالاھىدە بەلگە قويۇلغان. تەكشۈرۈش داۋامىدا، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەھلىل قىلىشىچە، بۇ ئىككى رەت ئالاھىدە بەلگە ئېھتىمال ئات كۆمۈلگەن ئازگال بولۇشى مۇمكىنىكەن. بۇ قەبرە ھازىرغىچە تولۇق ساقلىنىپ قالغانىكەن. تەكشۈرۈش داۋامىدىكى ئەمەلىي ئۆلچەش ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا، ئىچكى چەمبەرنىڭ ئۇبيومى 31.7 مېتىر. بۇ قەبرە شىمالدىن - جەنۇبقا قارىتىپ قويۇلغان. سىرتقى چەمبەرنىڭ ئۇبيومى 50 مېتىر. بوغا تاش قەبرىنىڭ غەرب تەرىپىگە قويۇلغان.

بىز تەكشۈرگەن بەشىنچى قەبرە ئوخشاشلا تاش دۆۋىلىك قەبرە بولۇپ، بۇ قەبرىمۇ بىرونزا دەۋرىگە تەۋە ئىكەن. ئوتتۇرىسىغا تاش دۆۋىلەنگەن. قەبرىنىڭ ئەتراپىدا 25 ئورۇندا ئالاھىدە لايىھىلەنگەن نەزىر - چىراق ئورنى خارابىسى بار. قەبرىنى قورشىغان ئەتراپتىكى تاش تامنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا 57 مېتىر. شەرقتىن غەربكە 71.6 مېتىر. بۇ قەبرىلەرنى ئىلگىرى موڭغۇلىيە دۆلەتلىك تارىخى مۇزېينىڭ باشلىقى، پروفېسسور ئۇۋچىر ئەپەندىلەر بىر نۆۋەت ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرگەنىكەن. ئۇۋچىر ئەپەندى تونۇشتۇرغان ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، چوڭ، ھەيۋەتلىك قەبرىلەرنىڭ چۆرىسىدە ئۈچ قۇر نەزىر - چىراق ئورنى بار بولىدىكەن. بۇنداق ئەھۋاللارنى ئۇۋچىر ئەپەندىلەر ئىلگىرىكى تەكشۈرۈش داۋامىدا بايقىغان.

بىز نىشانىمىزغا قاراپ كېتىپ بېرىپ

«زاغىستان داۋان» دەپ ئاتىلىدىغان داۋاندىن ئۆتتۇق. بۇ داۋاندا بىر ئۇۋاق بار ئىكەن. چۈشتىن كېيىن بىز ئۇلاستاي شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق، بۇ يەردىكى مۇزېينى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ مۇزېيغا نۇرغۇن بېرونزا دەۋرىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قويۇلۇپتۇ. مۇزېينى جاپۇخەن ئۆلكىلىكى مۇزېي دەپ ئاتايدىكەن. بۇ مۇزېيغا يەنە نۇرغۇن ئۆرپ ـ ئادەت كۆرگەزمە بۇيۇملىرى قويۇلغان بولۇپ، موڭغۇللارنىڭ «ساما» ئۇسۇلى ئوينىغاندا كىيىدىغان كىيىملىرىمۇ بار ئىكەن. موڭغۇلىيىلىك مۇتەخەسسىس ئۇۋچىر ئەپەندىنىڭ دېيىشىچە، «ساما» ئۇسۇلى موڭغۇللارنىڭ بىر خىل دىنىي پائالىيەت ئۇسۇلى ئىكەن.

بۇ يەردە بىز ئەسلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر ئىش، ئۇيغۇرلاردىكى «ساما» ئۇسۇلىمۇ پەقەت «روزى ھېيت»، «قۇربان ھېيت» قاتارلىق تەنتەنىلىك بايراملاردىلا ئوينىلىدۇ. دېمەك، بۇ ئۇسۇل ئۇيغۇرلاردا ئەسلى بارمۇ؟ ياكى موڭغۇل دالاسىدىن غەربكە كۆچكەن چاغلىرىدا بىللە ئېلىپ كەلگەنمۇ؟ ياكى تارىم دەريا ۋادىسىدىن شىمالىي يايلاقلارغا كۆچكەندە بىرگە ئېلىپ كەتكەنمۇ؟

## 5. موڭغۇلىيىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈش

بىز ئالغا ئىلگىرىلەپ ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، موڭغۇلىيىنىڭ غەرب تەرىپىگە كېلىپ قالدۇق. بىز يەنە داۋاملىق غەرب تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەيمىز. بىزنىڭ ئەمدىكى تەكشۈرۈشىمىز موڭغۇلىيە يايلاقلىرىنىڭ غەربىي تەرىپىگە تەۋە ئىدى.

19 ـ ئىيۇل ئەتىگەن، ئەسلىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە، تەكشۈرۈش پائالىيىتىمىزنى باشلاپ كەتتۇق.

ئەجدادلىرىمىز ماڭغان يوللار بىلەن مېڭىپ، ئۆتۈكەن تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئىچىگە كىردۇق ھەم ئۆتۈكەن بازىرىدىن ئۆتتۇق. چۈشلۈك تاماقنى، ئۆتۈكەن بازىرىغا يىراق بولمىغان بىر تەبىئىي تۈزلەڭلىكتە يېدۇق. بىز چۈشلۈك تاماق يېگەن يەرنىڭ شەرق تەرىپىدىن، ئۆتۈكەن تاغلىرىنىڭ يەنىمۇ شەرق تەرىپىدە ئۈستىنى پۈتۈنلەي ئاپئاق قار قاپلىغان ئۆتۈكەن تاغلىرىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۆتۈكەن تاغلىرى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئورقۇندىكى سەلتەنەت دەۋرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۈچ لىنىيىگە بۆلۈنۈپ ئۈچ تارماق بويىچە غەربكە كۆچكەن ھاياتىنى ئەسلەتتى. ئۆتۈكەن تاغلىرىنىڭ قارلىق چوققىلىرى ھەربىر ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترەت ئەزاسىنى ھاياجانلاندۇرماقتا ئىدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت بىلەن ئۆتۈكەن تاغلىرىنىڭ مەركىزىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن 2469 مېتىر ئېگىز ئىكەن. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىزلىرى قېپقالغان ئۆتۈكەن تاغلىرىنى تەكشۈرۈش پائالىيىتىگە بىۋاسىتە قاتناشقانلىقىمدىن ئۆزەمنى تولىمۇ ئىپتىخارلىق ھېس قىلدىم. ئەجدادلىرىمىز پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئۆتۈكەن تاغلىرىدىكى تەكشۈرۈش پائالىيىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، قايتىشىمىزدا يول بويىدا خۇددى يۇلتۇزدەك تارقىلىپ ياتقان قەدىمكى تاش دۆۋىلىك قەبرىلەرنى تەكشۈردۇق.

بۇ قەبرىلەرنىڭ ھەممىسىلا تاش دۆۋىلىك چەمبەر ئىچىگە ئېلىنغان قەبرىلەر بولۇپ، بەزى قەبرىلەرنىڭ چەمبىرىكى ئىككى قەۋەت قىلىپ قويۇلغان. چوڭلىرىنىڭ دائىرىسى تەخمىنەن 360 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. چەمبىرەكنىڭ سىرتىدا يەنە خېلى كۆپ ساندا، ھەربىر تەرىپىگە تەڭ نىسبەتتە قويۇلغان نەزىر ـ چىراق ئازگىلى بار ئىكەن. تەكشۈرۈشكە قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دېيىشىچە، بۇ قەبرىلەرنىڭ ھەممىسىلا تۈرك ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قەبرىلىرى ئىكەن. بىز بۈگۈنكى تەكشۈرۈشنى ئاياغلاشتۇرۇپ كەچ سائەت 12 لەر بىلەن ئۇلاستاي شەھىرىگە قايتىپ كەلدۇق. بۇ شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى چۆپلۈككە چېدىرلىرىمىزنى تە-

كىپ، كېچىنى مۇشۇ يايلاقتا ئۆتكۈزدۇق.

20 ـ ئىيۇل ئەتىگەن، چېدىرلىرىمىزنى يىغىپ، تەكشۈرۈش خىزمىتىمىزگە ئاتلاندۇق. بۈگۈن ئۇلاستاي شەھىرىدىن ئايرىلساق قايتىدىن بۇ يەرگە كېلەلمەيمىز. پىلانىمىز بويىچە تەكشۈرۈش خىزمىتىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، غەربىي موڭغۇلىيە تەۋەلىكىدىكى قەدىمكى ئىز خارابىلەرنى تەكشۈرۈشنى داۋاملاشتۇرىمىز.

19 ـ ئىيۇلدىكى تەكشۈرۈش داۋامىدا يولۇققان بىر ئالاھىدە ئەھۋال، بىز تاش دۆۋىلىك قەبرىلەردىن باشقا تۆت چاسا قىلىپ، 1.5 مېتىر ئەتراپىدا ئېگىز تاش تۈرغۈزۈلغان قەبرىلەرنى تەكشۈردۇق. بىراق بۇ خىل ئەھۋالغا ھېچكىم بىر نىمە دېيەلمىدى. موڭغۇلىيىلىك ئالىملارمۇ ئېنىق چۈشەنچە بېرەلمىدى. بۇ قەبرىلەردىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىك زادى قانداق مەنىنى چۈشەندۈرىدۇ، قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە؟ بۇمۇ ھازىرچە بىرخىل سىر بولۇپ تۇرىدىغان بولدى.

20 ـ ئىيۇل، تەكشۈرۈش ئەترىتىمىزدىكى مۇتەخەسسىسلەر نۇقتىلىق تەكشۈرگەن جاي كۆمۈش تاغ دەپ ئاتىلىدىغان تاغنىڭ يېنىدىكى بىر رەسىملىك تاش بولۇپ، بۇ رەسىملىك تاشنىڭ ئۈستى كىچىك، ئاستى تەرىپى چوڭراق لايىھىلەنگەن، تاشنىڭ ئۈستى قىسمىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە كىچىكرەك شەكىلدە ئولتۇرغان ھالەتتىكى بىر تۈرك ئوغۇلنىڭ رەسىمى ئويۇلغانىكەن. بۇ رەسىملىك تاشنىڭ سول تەرىپىنىڭ ئۈستى قىسمىغىمۇ بىر نەپەر تۈرك ئەربابىنىڭ ئولتۇرغان شەكىلدىكى رەسىمى ئويۇلغانىكەن. رەسىملىك تاشنىڭ ئوڭ ـ سول ئىككىلا تەرىپىگە ئويۇلغان تۈرك ئەربابىنىڭ رەسىمى خۇددى بىر ـ بىرى بىلەن روبىرو ئولتۇرۇپ، بىرەر مۇھىم ئىش ئۈستىدە مەسلىھەت قىلىشىۋاتقان ھالەتنى ھاسىل قىلغان.

يۇقىرىدا بىز بايان قىلغان رەسىمنىڭ ئاستى تەرىپىگىمۇ، ھەربىر رەسىمنىڭ ئۇدۇل ئاستىغا قولىغا بىردىن قۇرال ئېلىپ ئۆرە ھالەتتە تۇرغان ئىككى تۈركنىڭ رەسىمى ئويۇلغان. بۇلاردا ئىپادىلەنگەن ئەھۋالغا قاراپ، خۇددى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىككى تۈرك ئەربابىنىڭ قوراللىق قوغدىغۇچى خادىمەك ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدىكەن دەپ قارىدۇق. بۇ رەسىملىك تاشقا ئويۇلغان بۇ تۆت تۈركنىڭ ئۈستىگە كىيگەن كىيىمى، قايرىما ياقىلىق تىزنىڭ ئۈستىگە كېلىدىغان ئۇزۇن چاپان بولۇپ، تۈركلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا چېچى ئۇزۇن، تال ـ تال ئۆرۈلۈپ كەينىگە تاشلانغان ھالەتتە، پۇتىغا ئۇشۇقىغا كەلگۈدەك بېشماق (ئۆتۈك) كىيگەن، كىيگەن ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىنى بېشماقىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالغان. كىيگەن ئۇزۇن چاپىنىنىڭ ئالدى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈلگەن. خىزمەتلىرىمىزنى ئەسلىسەك، شىنجاڭ يايلاقلىرىدىكى رەسىملىك تاشلاردىمۇ تۈركلەرنىڭ رەسىمى قايرىما ياقىلىق چاپان كىيگەن ھالەتتە ئويۇلغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ خىل ئوخشاشلىقلار تۈركلەرنىڭ ئوخشاش بىرخىل مەدەنىيەتكە تەۋە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىز تەكشۈرگەن رەسىملىك تاشنىڭ جەنۇبىدا بىر دەريا توختىماي ئېقىپ تۇرىدىكەن. بۇ دەريانى شۇ يەردىكى موڭغۇللار بۇغدا دەرياسى دەپ ئاتايدىكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بىز تەكشۈرگەن رەسىملىك خاتىرە تاش ئەتراپىدا قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تۇرمۇشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

ئۇلاستاي دېگەن شەھەردىن سائەت ئىككى ئەتراپىدا يولغا چىقتۇق. ئەسلىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە داۋاملىق غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىدۇق. كەچ كىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن يول بويىدىكى سەل تۈزرەك يەرنى تاللاپ، چېدىرلىرىمىزنى تىكىپ قونۇپ قالدۇق. بىز قونغان بۇ يەرنىڭ نامىنى موڭغۇل ئالىم ئۇۋچىر ئەپەندىنىڭ دەپ بېرىشىچە، دوربىجىلىن ناھىيىسى دەپ ئاتايدىكەن.

21 ـ ئىيۇل، ئەتىگەن سائەت 8.30 ئەتراپىدا ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن،

غەربكە قاراپ ئىلگىرىلىدۇق. كېتىۋېتىپ بىر نەچچە كۈندىن بېرى تەكشۈرۈپ كېلىۋاتقان تاش چەمبەر ئىچىگە ئېلىنغان خېلى كۆپ قەبرىلەرنى ئۇچراتتۇق. دېمەك، ئورقون ۋادىلىرىدىن تارتىپ تاكى دورگىن ناھىيىسى تەۋەلىكىگىچە تارقالغان بۇ قەدىمكى تاش چەمبەرلىك قەبرىلەر قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەبرىلىرىدۇر. بىراق بۇ قەبرىلەر ئەجدادلىرىمىز بۇ يەرلەرنىمۇماكان تۇتۇپ داۋاملىق تۇرغانمۇ؟ ياكى غەربكە كۆچكەن مەزگىللىرىدە باشقىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قازا قىلغانلار ياكى كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەنلەرنى مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلغانمۇ؟ بۇ تەرەپلەر تازا ئېنىق ئەمەس. بىراق بۇ قەبرىلەرنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق. چۈنكى قەبرىلەرنىڭ سىرتقى بېزىلىشى، قويۇلۇشى ئورقون بويلىرىدا تەكشۈرگەن قەبرىلەرگە ئوخشاش.

چۈشتىن كېيىن بېيجىڭ ۋاقتى سائەت تۆت ئەتراپىدا «كېدۇ» ئۆلكىسىگە يېتىپ كەلدۇق. موڭغۇل تىلىدا «قويدۇ» دەپ ئاتايدىكەن، قويدۇ ئۆلكىلىك مۇزېينى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ مۇزېي تارىخىي يادىكارلىقلار بىلەن ئۆرۈپ ئادەت كۆرگەزمىسى بىرلەشتۈرۈلگەن مۇزېي ئىكەن. بۈگۈن كەچ قويدۇ مېھمانخانىسىدا قونۇپ قالدۇق. كەچ سائەت 10.30 دا جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە بىرلەشمە يىغىن ئاچتۇق. يىغىندا، تەكشۈرۈش پائالىيىتى ئاياقلاشقاندا مەخسۇس بىر پارچە ئىلمىي تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىش قارار قىلىندى.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش مەيلى جۇڭگولۇق ياكى چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ئۆگىنىش پۇرسىتى بولدى.

تەكشۈرۈش ئاياغلاشقاندا، جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە بىرلەشمە ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتى توغرىسىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش دوكلاتىنى جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ليۇۋېنسو ئەپەندى يازماقچى بولدى. دەسلەپتە ئارخېئولوگىيىلىك ئىلمىي تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ چىقىلىدىغان ھەم مەخسۇس بىر پارچە كىتاب چىقىرىلىدىغان بولدى.

موڭغۇلىيە تارىخ مۇزېينىڭ باشلىقى، پروفېسسور ئوۋچىر ئەپەندى پىكىر قىلىپ، مەن بۇ قېتىم جۇڭگولۇق ۋە ئامېرىكىلىق مۇتەخەسسىسلەر بىلەن تونۇشقىنىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن، ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان. بۇ قېتىم جۇڭگولۇق كەسىپداشلارنى ئاساس قىلغان مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بىرگە موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدە يەنە بىر نۆۋەت ئارخېئولوگىيىلىك ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. بۇ بىز ئۈچۈن پەخىرلەنگۈدەك بىر ئىش. ئەلۋەتتە، ئىلمىي ماقالىلار توپلىمىغا ئاتاپ مەنمۇ موڭغۇلچە بىر پارچە ئىلمىي ماقالە يازىمەن، مېنىڭچە بۇ ئىشلارنى قانچە تېز ئورۇنلاشتۇرساق شۇنچە ياخشى دەپ قارايمەن. 22 ـ ئىيۇل، بىز ھەممىمىز ئالتاي تاغلىرىغا يېتىپ بارىمىز. يەنە داۋاملىق ئارخېئولوگىيىلىك ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىمىز.

22 ـ ئىيۇل ئەتىگەن ناشتىدىن كېيىن، تەييارلىقلىرىمىزنى پۈتتۈرۈپلا يولغا چىقتۇق، بۈگۈن قوبدۇ شەھەرنىڭ بازىرىدىن تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى سېتىۋالدۇق. يولغا چىقىپ دەسلەپتىلا بىر ھۇنلار قەبرىسىنى تەكشۈردۇق. بىز تەكشۈرگەن قەبرىنىڭ تۈزۈلۈشىدىن كۆزەتكەندە يۇمىلاق تاش دۆۋىلىك قەبرە بولۇپ، ئوبيومى 13.5 مېتىر كېلىدىغان، ئىككى يېقىغا تاش تېزىپ چىقارغان يانتۇ يولى بار. بىز قەبرىنى تەكشۈرۈپ بولۇپ، يول بويىدىكى تاغ قاپتىلىدىكى يەنە بىر تاش غارنى تەكشۈردۇق. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، غارنىڭ ئىچى ناھايىتى چوڭ ئىكەن. ئېھتىمال، ئەينى زاماندىكى ئەجدادلىرىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ پاناگاھلىرىنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. قەدىمكى غارنى تەكشۈرۈپ بولۇپ، يول بويىدىكى قىيا تاش رەسىملىرىنى تەكشۈردۇق، قىيا

تاش رەسىملىرىدە تاغ تىكىسى، بۇغا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ رەسىمى ئاساسى مەزمۇن قىلىنغان. بىز تەكشۈرگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى موڭغۇلىيىنىڭ قوبدۇ ئۆلكىسى مەنخەن ناھىيىسى تەۋەلىكىدە ئىكەن. بىر كۈنلۈك تەكشۈرۈشنى ئاياقلاشتۇرۇپ، يول ياقىسىغىلا چېدىرلىرىمىزنى تىكىپ قونۇپ قالدۇق. كېچىچە يامغۇر ياغدى، قاتتىق سوغۇق بولدى.

23 - ئىيۇل، ئەتىگەندە تەكشۈرۈش پائالىيىتىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. يول بويىدا، تاش چەمبەرلىك، تاش دۆۋىلىك، بوغا تاش تۇرغۇزۇلغان ئۈچ قەبرىنى تەكشۈردۇق. موڭغۇلىيە تارىخى مۇزېيىنىڭ باشلىقى پروفېسسور ئوۋچىر ئەپەندىنىڭ دېيىشىچە، بۇ قەبرىلەرنىڭ ھەممىسى بىرونزا دەۋرىگە تەۋە قەبرىلەر ئىكەن. بۇ ئۈچ قەبرىگە ئېگىزلىكى، چوڭلۇقى ئوخشاش بولمىغان بوغا تاش تۇرغۇزۇلغان. مۇستى ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى بۇ قەدىمكى قەبرىلەر گەرچە بىرونزا دەۋرىگە تەۋە بولسىمۇ، ئوۋچىر ئەپەندىنىڭ بايان قىلىشىچە، بۇ قەدىمكى قەبرىلەر ئىلگىرى قېزىلىپ باقمىغان. كەچقۇرۇن موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ غەربىدىكى ئەڭ چەت چېگرا ناھىيىسى بولغان بورگىن ناھىيىسىگە كېلىپ قونۇپ قالدۇق.

24 - ئىيۇل بېيجىڭ ۋاقتى ئەتىگەن سائەت 8 دە يولغا چىقتۇق. سائەت 12 ئەترابىدا تاموژنىدىن ئايرىلدۇق. چۈشلۈك تاماق شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ چىڭگىل ناھىيىسىدىكى كىچىك بىر بازارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

2006 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى يولغا چىقىپ، 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى رەسمىي باشلانغان تاشقى موڭغۇلىيىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتى، 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاياقلىشىپ، ئىشلار پىلان بويىچە ئورۇنلىنىپ، جۇڭگو - موڭغۇلىيە بىرلەشمە ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاندى.

### *6. مۇناسىۋەتلىكلەر*

#### 1) تىلىمىزدىكى ئوخشاشلىقلار

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش داۋامىدا مەن، موڭغۇل تىلىدا ھازىرغىچە ئىشلىتىلىۋاتقان خېلى كۆپ سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلىۋاتقان سۆزلەر بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. تۆۋەندە مەزمۇنى، ئاتىلىشى، ئىشلىتىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئوخشاش بولغان سۆزلەر ھەققىدە ئەمەلىي مىسال ئارقىلىق قىسقىچە مۇلاھىزە قىلماقچىمەن. چۈنكى تارىختا، بىز بۇ قېتىم مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان موڭغۇل دالىسىدا ئەجدادلىرىمىز ئۇيغۇرلار بىلەن موڭغۇل دالاسىدا ئەسلىدىن ياشاپ كېلىۋاتقان موڭغۇل خەلقى ناھايىتى ئۇزاق مەزگىل بىرگە ياشىغان. بۇ جەرياندا نۇرغۇن جەھەتلەردە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا قوبۇل قىلىش، ئۆزئارا ئۆگىنىش بولغان. ئۇيغۇر تىلىمىزدىكى ئاتالغۇلار بىلەن موڭغۇل تىلىدىكى بىرقىسىم ئاتالغۇلارنىڭ ئوخشاشلىقى، يىراق قەدىمكى تارىختا قوشنا بولۇپ ئۆتكەنلىكىمىزنىڭ شاھىدىمۇ قانداق؟

#### 2) قارا قورۇم

قارا قورۇم — بۇ ئۇيغۇر خەلقى تارىختىن بۇيان ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان ئاتالغۇ. بۇ قېتىم تاشقى موڭغۇلىيە ئىگىزلىكىدە تەكشۈرۈشتە بولغان ۋاقتىمىزدا، بىز بىرنەچچە كۈن تۇرغان شەھەرنىڭ بىرى ھازىرقى موڭغۇل تىلىدا «قارا قېرىن» دەپ ئاتىلىدىكەن. دۆلىتىمىزدە تەھرىرلىنىپ نەشر قىلىنغان خەرىتىلەردە «خالا خېلىن» دەپ يېزىلغان. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تىللىرى فاكۇلتېتى موڭغۇل تىلى كەسپىي ئوقۇتقۇچىسى پروفېسسور ياۋكېچىڭ ئەپەندىنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، رۇسىيىلىك ئالىملار، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆزلىرى يازغان ماقالىلىرىدا «قارا قورۇم» « KaraKurum » دەپ يازغان.

بىز ئولتۇرغان ماشىنىنىڭ شوپۇرىنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ سۆز ئەسلىي «قارا قورۇم» دەپ ئاتالغان، كېيىنچە «قارا

قىرىن» بولۇپ قالغانىكەن.

شىنجاڭدىكى قارا قۇرۇم تاغلىرىمۇ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى ماكانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپلا «قارا قۇرۇم» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئۇيغۇر تىلىدىكى «قارا قۇرۇم» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن موڭغۇل تىلىدىكى «قارا قۇرۇم» دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەزمۇن، ئاھاڭ، ئىشلىتىلىشى جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى ھەرگىزمۇ تەسادىپىلىق ئەمەس دەپ قارايمەن.

3) ساما

ساما ـ ساما ئۇسسۇلى، موڭغۇلىيىدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتى داۋامىدا، قوبدۇ ئۆلكىلىك مۇزېيخانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. مۇزېيخانىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش داۋامىدا موڭغۇللارنىڭ ئادەتتىكى كىيىمىدىن باشقىچە بىرخىل كىيىمنىڭ مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم ھەم بۇ كىيىمنى نېمە سەۋەبتىن بۇ يەرگە قويۇپ قويغانلىقىنى سورىدىم، مۇزېي خادىمى بۇ كىيىملەرنى موڭغۇللارنىڭ ساما ئۇسسۇلى ئوينىغاندا كىيىدىغانلىقىنى، ئادەتتە كىيمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتىگە قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەر ساما ئۇسسۇلىنىڭ قانداق ئۇسسۇل ئىكەنلىكىنى، نېمە سەۋەبتىن ساما ئۇسسۇلى ئوينايدىغانلىقى قاتارلىق سوئاللارنى سورىدى، مۇزېي خادىمى «ساما ئۇسسۇلى» بىرخىل دىنىي تۈس ئالغان دىنىي ئۇسسۇل، موڭغۇللارنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، پەقەت موڭغۇللارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت بايراملىرىدىلا ئوينىلىدۇ دەپ تونۇشتۇردى. مۇشۇ خىل چۈشەندۈرۈشكە ئاساسەن، ئۇيغۇرلاردىكى ساما ئۇسسۇلىنى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئۇسسۇلكەن، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەن دەپ ئويلاپ قالدىم.

بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئۇيغۇر خەلقىمۇ ساما ئۇسسۇلى ئوينايدۇ. ئۇيغۇرلار ساما ئۇسسۇلى ئوينايمىز دېمەيدۇ، ساما سالىمىز دەپ ئاتايدۇ. مۇشۇ سۆزنىڭ ئۆزىدىنلا ساما ئۇسسۇلىنىڭ بىرخىل ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئالاھىدە مەزمۇننىڭ بارلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇيغۇرلار ساما ئۇسسۇلىنى پەقەت قۇربان ھېيت، روزى ھېيت قاتارلىق ئەنئەنىۋى بايراملاردىلا ئوينايدۇ. مەلۇم مەنادىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر خەلقى ئويناپ كېلىۋاتقان ساما ئۇسسۇلىمۇ يىراق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا، ئۆرپ ـ ئادىتىمىز بىلەن بىللە شەكىللەنگەن قەدىمكى ئۇسسۇل شەكىللىرىنىڭ بىرى.

يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدىن شۇنداق بىر نۇقتىنى چۈشىنىۋېلىشقا ھەم ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا بولىدۇكى، مەيلى موڭغۇل خەلقى ئارىسىدىكى «ساما ئۇسسۇلى» بولسۇن ياكى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىكى «ساما ئۇسسۇلى» بولسۇن ئاتىلىشى، مەزمۇنى، ئىشلىتىلىشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئوخشاش ئالاھىدىلىككە ۋە ئوخشاش خاسلىققا ئىگە تىل ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز.

4) سىرتىن

بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىدىكى «سىرت» يەنە قوينىڭ دۈمبىسى، گۆشىنىڭ ئوتتۇرىسى، كالا ـ قوي قاتارلىق ھايۋاناتلارنى سويۇپ، تېرىسىنى سويىۋەتكەندىن كېيىنكى ئومۇرتقىسى بار يەرنى ئۇيغۇر تىلىدا «سىرت» ياكى «سىرتى» دەپ ئاتايمىز. موڭغۇل تىلىدا ئوتتۇرىسى سەل دۆڭرەك ئىككى تەرىپى پەسرەك كەلگەن يەر شەكلىنى «سىرت»، «سىرتىن» دەپ ئاتايدىكەن. بىز تەكشۈرگەن بىر مەدەنىيەت يادىكارلىقى جايلاشقان يەرنىڭ ئەتراپى موڭغۇل تىلىدا «سىرتىن» دەپ ئاتىلىدىكەن.

مەن بۇ سۆزنىڭ مەنا، ئاھاڭى جەھەتلەردىن، ئۇيغۇر تىلىدىكى «سىرت» دېگەن

سۆز بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بايقىدىم ھەم بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تىللىرى فاكولتېتى موڭغۇل تىلى كەسپىي ئوقۇتقۇچىسى پروفېسسور ياۋكېچىڭ ئەپەندى بىلەن بۇ ھەقتە ئازراق تەھلىلىمۇ ئېلىپ باردۇق. ياۋكېچىڭ ئەپەندىمۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى «سىرت» دېگەن سۆز ھەققىدە بەرگەن ئىزاھاتىمنى ئاڭلاپ، «سىرتىن» دېگەن سۆز بىلەن «سىرت» دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقەتەن ئوخشاش بىر مەنادىكى سۆز ئىكەن دېدى. مېنىڭ بۇ يەردە تەكىتلىمەكچى بولغىنىم، ئۇيغۇرلار موڭغۇللار بىلەن تاشقى موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدە ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت قوشنا بولۇپ ئۆتكەن. تىل ئىشلىتىش ئادىتى جەھەتتە بىر ـ بىرىگە تەسىر قىلغان جايلىرى ناھايىتى كۆپ، بىرىنىڭ يەنە بىرىگە سىڭىپ كىرگەن سۆزلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ، شۇڭلاشقا بەزى سۆز ـ ئىبارىلەر ئاتىلىشى جەھەتتىنلا ئوخشاش بولۇپ قالماي، مەنا، مەزمۇن، ئاتىلىشى، ئىشلىتىلىشى جەھەتلەردىمۇ ئوخشاش ئىكەن دېگەن قاراشتىمەن.

5) چىچىرلىك

چىچىرلىك دېگەن بۇ سۆز موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدىكى بىر شەھەرنىڭ نامى.

«چىچىرلىك» دېگەن موڭغۇلچە سۆز بىزدىكى «چىچەكلىك» دېگەن سۆز ئىكەن.

«چىچىرلىك» دېگەن موڭغۇلچە سۆزنىڭ مەنىسى موڭغۇل تىلىدا گۈل ـ چېچەك، گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەن دېگەن مەنالارنى بىلدۈرىدىكەن.

بىز ئۇيغۇر تىلىدىمۇ دائىم، چىچەك، چېچەك پەسلى، دەل ـ دەرەخلەر چېچەكلەپتۇ دەيدىغان ئادەت سۆزىمىز بار.

تاشقى موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدىكى «چىچىرلىك» شەھىرى ئۇيغۇرچىدا ئىشلەتىدىغان «گۈل ـ چېچەككە پۈركەنگەن شەھەر» دېگەن مەنادىكى سۆز ئىكەن. موڭغۇل تىلىدا بۇ سۆز يەنىمۇ سۈپەتلەشتۈرۈلۈپ، «بۇ شەھەرنىڭ ھەرقانداق بۇلۇڭ پۇشقاقلىرىغا بارساڭمۇ بۇرنىڭغا گۈل ـ چېچەك پۇرىقى پۇراپ تۇرىدۇ» دېگەن مەنىدا ئېيتىلىدىكەن. جۈملىدىن — موڭغۇلچە «چىچىرلىك» دېگەن سۆز، بىزنىڭ ئۇيغۇرچە «چېچەكلىك» دېگەن سۆز بىلەن مەنا، مەزمۇن، جەھەتتىن ئوخشاش سۆز ئىكەن.

6) بوغدا

بىز تاشقى موڭغۇلىيىدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتى داۋامىدا، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزغا مۇناسىۋەتلىك رەسىملىك قەدىمىي خاتىرە تاشنى تەكشۈردۇق. بۇ خاتىرە تاشنى تۇرغۇزغان يەرنىڭ جەنۇبىي تەرپىدە بىر تاغ بولۇپ، بۇ تاغنى موڭغۇللار، «بوغدا تېغى» دەپ ئاتايدىكەن. بۇ تاغقا يېراق بولمىغان شىمالىي تەرەپتە بىر دەريا بولۇپ، بۇ دەريانى ھەم «بوغدا دەرياسى» دەپ ئاتايدىكەن⑥.

شىنجاڭدىمۇ تەڭرىتاغ تىزمىلىرىدىكى بىر ئېگىز چوققىنى «بوغدا چوققىسى» دەپ ئاتايمىز، مۇشۇ بوغدا چوققىسىدىكى قار ـ مۇزلاردىن ئېرىپ شەكىللەنگەن تەبىئىي كۆلنى «بوغدا كۆلى» دەپ ئاتايمىز. موڭغۇللارمۇ بۇ ناملارنى تاغ بىلەن دەرياغا ئىشلەتكەن، ئۇيغۇرلارمۇ تاغ بىلەن كۆلنىڭ نامىنى مۇشۇنداق ئاتايدۇ.

7) ئالتاي

بۇ قېتىمقى ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتى داۋامىدا، موڭغۇلىيە پايتەختى ئۇلانباتۇردىن يولغا چىقىپ، غەربكە يۈزلىنىپ ئىلگىرىلەپ، ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. تەكشۈرۈش پائالىيىتىمىزنىڭ ئاخىرقى نىشانلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلارنى موڭغۇل تىلىدا «ئالتاي تېغى» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ھەم بۇ رايوننىمۇ، «ئالتاي رايونى»⑦دەپ ئاتايدىغانلىقىنى بىلدۇق. بۇ يەرنىڭ جۇڭگو شىنجاڭ ئالتاي ۋىلايىتىگە يېقىن قوشنا ئىكەنلىكىنى

بىلدۇق. ئالتاي دېگەن سۆزنىڭمۇ، موڭغۇل-
چە ئاتىلىشى بىلەن ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى جە-
ھەتتىكى ئوخشاشلىقىنى چۈشەندۇق. «ئال-
تا» دېگەن بۇ سۆز موڭغۇل تىلىدىكى ئىش-
لىتىلىش ئورنى، مەزمۇنى، ئاتىلىشى،
ئۇيغۇرچە «ئالتاي» دېگەن سۆز بىلەن ھەر
جەھەتتىن ئوپمۇ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بى-
لىۋالدۇق.

يۇقىرىدا، بۇ قېتىم تاشقى موڭغۇلىيە
ئىگىزلىكىدە ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتىگە
قاتنىشىش داۋامىدا ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇ-
رۇش ياكى موڭغۇلىيىلىك ئالىملارنىڭ پى-
كىر بايان قىلىشى داۋامىدا بايقىغان ئاھا-
ڭى، مەزمۇنى، ئىشلىتىلىشى ئوخشاش بول-
غان سۆزلەردىن ئاز بىر قىسمىنى مىسال
قىلىپ كۆرسەتتىم، ئەمەلىيەتتە بۇنداق
ئوخشاش سۆزلەر ناھايىتى كۆپ ئىكەن.

### خۇلاسە

يۇقىرىدا بىز ئەمەلىي مىسال كەلتۈر-
گەن موڭغۇلچە ئاتىلىشى، مەزمۇنى، ئىشلى-
تىلىشى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتىلىشى،
مەزمۇنى، ئىشلىتىلىشى ئوخشاش بولغان
سۆزلەرنىڭ، بىر - بىرىگە ئوخشاش بولۇ-
شىدىكى سەۋەبلەرنى، ئۇزۇن مۇددەت قوش-
نىدارچىلىق قىلغانلىقىمىزنىڭ، بىللە يا-
شاش، ئۇزۇن مۇددەت ئۆزئارا مەدەنىيەت
ئالماشتۇرغانلىقىمىزنىڭ، ئۇزۇن مۇددەت
قوشنا بولۇش، ئالماشتۇرۇش جەريانىدا،
تىل ئىشلىتىش جەھەتتە ھەم باشقا جەھەت-
لەردە بىر مۇنچىلىغان ئوخشاشلىقلارنى ۋۇ-
جۇدقا كەلتۈردى. ئۇزۇن مۇددەت قوشنا بو-
لۇپ ئۆتۈش، ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇ-
رۇش موڭغۇللار بىلەن ئۇيغۇرلاردا بىر قى-
سىم ئوخشاشلىقلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى
مۇھىم بىر سەۋەب دەپ قارىدۇق. ئەمەلىي
مىسال بىلەن سۆزلىسەك، ھازىر خۇنەن
ئۆلكىسىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان «ئۇيغۇر-
لار» تىل جەھەتتە خەنزۇتىلى قوللىنىدۇ،
مەدەنىيەت جەھەتتە، يەرلىك خەلقلەر بىلەن
ئاساسەن ئوخشاش، ئۆرپ - ئادەت جەھەتتە
ئۆزلىرىنىڭ خاسلىقىنى ساقلاپ قالغان. يې-
زىق ئىشلىتىشتە خەنزۇ يېزىقىنى ئىشلىتى-
دۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇزۇن مۇددەت
ئۆزئارا قوشنا بولۇپ تۇرغانلىقىنىڭ تەسى-
رى.

يۇقىرىدا بايان قىلغان ئەھۋاللاردىن
باشقا، ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى، دۆ-
لىتىمىزنىڭ ھەرقايسى تىللارنى تەتقىق قى-
لىش داۋامىدا ئۇيغۇر تىلىنى ئالتاي تىل
سىستېمىسى تۈرك تىل ئائىلىسىگە تەۋە دەپ
بېكىتتى. موڭغۇل تىلى ئالتاي تىل سىستې-
مىسى موڭغۇل تىل ئائىلىسىگە تەۋە دەپ
بېكىتتى⑧. تىللارنىڭ تىل سىستېمىسى،
تىل ئائىلىسىگە تەۋە بولۇشى، تىللارنىڭ
مەنبەسىدىكى مەلۇم بىر ئوخشاشلىققا ئاسا-
سەن ئايرىلغان. بۇ يەردە بىز ئالاھىدە چۈ-
شەندۈرمەكچى بولغان بىر مۇھىم ئىش،
چوڭ جەھەتتىكى تەۋەلىككە ئايرىشتا، ئۇي-
غۇر تىلى بىلەن موڭغۇل تىلى ئوخشاشلا
بىرخىل تىل سىستېمىسىغا يەنە تۈرك تىللى-
رى سىستېمىسىغا تەۋە دەپ ئايرىلغان. مىل-
لەت تەۋەلىكىگە ئايرىلغاندا، موڭغۇل تىلى
ئائىلىسىگە تەۋە دەپ ئايرىلغان. دېمەك،
موڭغۇل تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ئوخشاش
بىر تىل سىستېمىسىغا تەۋە بولۇپ، تىل
مەنبەسى جەھەتتە ناھايىتى ئوخشاشلىققا ئى-
گە. تارماقلارغا تەۋەلىكى جەھەتتە، موڭغۇل
تىل ئائىلىسىگە تەۋە، بۇنىڭدىكى سەۋەب،
موڭغۇل تىلىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ھەم
تىل خاسلىقىغا ئېتىبار بېرىلگەن.

يۇقىرىدا بايان قىلغان ئەھۋاللاردىن،
قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ياشىغان تاشقى موڭ-
غۇلىيە ئىگىزلىكىدىكى يايلاقلاردا قەدىمكى
ئەجدادلىرىمىزنىڭ نۇرغۇن مەدەنىيەت ئىزنا-
لىرىنى كۆردۇق. ئۆزىمىز بىۋاسىتە تەك-
شۈردۇق، تەكشۈرۈش خاتىرىلىرىنى ياز-

دۇق. قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ تاكى ئەجدادلىرىمىز غەربكە كۆچكىچىلىك بولغان دەۋرلەردىكى ئوخشاشلىقلارنى بايقىدۇق.

دېمەك، ئەجدادلىرىمىز مەيلى كەڭ كەتكەن موڭغۇل ئېگىزلىكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە بولسۇن ۋە ياكى ئىجتىما-ئىي داۋالغۇش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان دەۋرلەردە بولسۇن ئۆزلۈكسىز ھالدا ئۆزلىرىنىڭ مەدە-نىيەت تارىخىنى ياراتقان ھەم بۇ ئېگىزلىككە ئۆزلىرىنىڭ كۆمۈلمەس ئىزلىرىنى قالدۇر-غان.

بىزنىڭ يۇقىرىقى بايانلىرىمىز بۇنىڭغا ھەقىقىي دەلىل - پاكىت بولالايدۇ.

چۈشۈنىكلەر:

① بۇ 2006 - يىللىق تاشقى موڭغۇلىيىدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتىگە ئاتاپ قويۇلغان مەخسۇس نام.

② موڭغۇل تىلىدىكى «خاراخېرىن» دېگەن سۆز ئەسلىدە «قارا قورۇم» دەپ ئېيتىلىدىكەن. چەت ئەللىك ئالىملارمۇ تەتقىقات ئەسەرلىرىدە «قارا قورۇم» دەپ يازغانىكەن. مەنمۇ «قارا قورۇم» دەپ ئېلىشنى مۇۋاپىق كۆردۇم.

③ «تامىر» دەرياسى، بۇ يىلقى تەكشۈرۈشىمىزدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى ھاياتلىق مەنبەسى بولغان دەريالارنىڭ بىرى ئىكەن. بۇ دەريانىڭ ئەسلى ئىسمى «تارىم» بولۇشى مۇمكىن. بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى لوشىن ئەپەندى «جۇنامە» دېگەن كىتابتا (تارېن) دەپ خاتىرىلەنگەنلىكى ھەققىدە ئىزاھات بەردى. مۇشۇ خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، ئەسلى «تارىم» بولۇپ كېيىن قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن «تامىر» دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن.

④ قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان بۇ سۆزنى توغرا تەلەپپۇز قىلدىم دەپ قارايمەن. بىراق مەن ئەرەب يېزىقىنى تازا بىلىپ كەتمەيمەن. خاتا بولۇپ قالغان بولسا مۇتەخەسسىلەرنىڭ تۈزىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

⑤ مۇئەللىپ (خاگئەي) دېگەن سۆزنى (ھىنگان) دېگەن سۆزمىكىن دېگەن پەرەز بىلەن شۇنداق ئاتىغان؟

⑥ موڭغۇلىيىلىك ئالىملاردىن ئۇۋچېر ئەپەندى بىلەن گالڭ باتېر ئەپەندى تەمىنلىگەن.

⑦ موڭغۇلىيىلىك ئالىملاردىن ئۇۋچېر ئەپەندى بىلەن گالڭ باتېر ئەپەندى تەمىنلىگەن.

⑧ جۇڭگو كۇتۇبخانىلىرىدا تۇرگە ئايرىش ئۇسۇلى 4 - نەشرى، بېيجىڭ كۇتۇپخانا نەشرىياتى، 161 - بەت.

ئىزاھات:

1. مېنىڭ بۇ قېتىم تاشقى موڭغۇلىيە ئىگىزلىكىدە تەكشۈرۈش داۋامىدىكى ۋەزىپەم، تەكشۈرۈش پائالىيىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى سىنئغا ئېلىش بولغانلىقى ئۈچۈن، يازغان خاتىرەم تازا تولۇق بولمىدى، جۇغراپىيىلىك ئورۇن دېگەندەك ئەھۋاللارنى تولۇق خاتىرىلىيەلمىدىم.

2. بۇ ماقالە، ئۆزۈمنىڭ تاشقى موڭغۇلىيە ئىگىزلىكىدە ئەمەلىي تەكشۈرۈش جەريانىدىكى كۈندىلىك خاتىرەمگە ئاساسەن رەتلەنگەن بولۇپ، باشقىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىشىم تازا تولۇق بولمىدى.

(ئاپتور: تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ كاندىدات ئالىي تەتقىقاتچىسى)

تەھرىرلىگۈچى: ئەركىن ئىمىننىياز قۇتلۇق

# Contents

### Studies on the old sctiPts

★ Uighur Scripts Found in Dunhuang and Turpan .... Ablajan umidyar,Arkin Qutlug (1)
★ Three Documents of Adoption Found in Turpan .................. Yunusjan Ali (18)

### studies on Relics

★ Some Old Current Money in Turpan ............................Anvar Abbas(27)
★ Post Affairs in Qočo Uighur kingdom ..............................Yasin nur(47)

### Turpan Studies

★ Early Chaghataids ..............................................Liu ying Sheng(49)
★ On the Fortmantion of New Uighurs ..............................Abliz Orhun(64)

### Qočo Peronality Studies

★ Moral standpoint of the Uighur Buddhist poet and Ideoligist Pert Yashiri .............
................................................................Abdurihim Tursun(77)
★ Seven Girls Tombs in Piqan Turpan ..............................Ahmat Imin(81)
★ Two Translaters in Qočo Uighur Kingdom .......................Israil Mutilla(89)

### Science and Quest

★ Geographical Position of the Arghuna ..........................Tursun Hoshur(95)
★ Academic Activity of '2006 China Mongolia Cooperative Academic Research Team'
................................................................Ablim Qeyum(101)

***Cover: I***

The Consecrating Portrait of the king of Uighur Qočo - Cave -20(Grotto Artof Bezeklik Buddhist Cave sin)

***Cover: IV***

Tombs of Seven Girls

*English Contents is Translated by Dr. Ablikim Yasin*

*Xinjing Turpan Research Socicty and Cultural Relic Bureuu Turpan xinjiang*



م قىيۇم ، ياۋ كىچىك قاتارلىق مۇتەخەسسىلەر تاشقى موڭغۇلىيەدىكى ئىلمىي
شۇرۇشتە



قەدىمكى تۈرك قەبرىلىرىنى تەكشۈرۈش ، قەبرىگە قويۇلغان تاش دۆۋىلىرى



ك سەركەردىلىرى ئۇرۇشتا ئۆلتۈرگەن دۈشمەنلىرىنىڭ سانىنى خاتىرىلەش
چۈن تۇرغۇزۇلغان « قەتل تاش » لار



تاشقى موڭغۇلىيەگە ئىلمىي تەكشۈرۈشكە قاتناشقان جۇڭگولۇق مۇتەخەسسىلەر
چەتئەللىك ساياھەتچىلەر بىلەن سۆھبەتلەشمەكتە



مكى تۈرك قەبرىلىرىنى تەكشۈرۈش نەق مەيدانى



ھەيۋەتلىك ئۆتۈكەن تاغلىرى دۆلەت باغچىسىنىڭ قاراۋۇللۇق پونكىتى
ئەتراپىدا تەكشۈرۈش

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەركىن ئىمتىياز تۇتلۇق



تۇرپان يېقاندىكى « يەتتە قىز مازىرى » ۋە تاغدىكى « تاشقا ئايلانغان يەتتە قىز »

ھەقسىز ئالماشتۇرۇلىدىغان ئىچكى ماتېرىيال

# تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى

# 吐鲁番学研究

باشقۇرغۇچى ئورۇن : شىنجاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ، ش ئۇ ئا ر تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى

نەشر قىلغۇچى : << تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى >> ئۇيغۇر تەھرىراتى

ئادرېس : ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 711 - نومۇر << ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى >> قورۇسى 3 - بىنا 2 - ئىشىك 502 - ئۆي

پوچتا نومۇرى : 830000 تېلېفون : 0991 - 2566833

主办单位：新疆吐鲁番学学会　吐鲁番地区文物局

编辑：《吐鲁番学研究》编辑部

地址：乌鲁木齐市延安路711号（伊斯兰教经文学院）3号楼2单元502房

邮政编码：830000　电话：0991- 2566833

ش ئۇ ئا ر ئىچكى ماتېرىيال (مەجمۇئە) لارنى بېسىشقا رۇخسەت قىلىش كۇۋانامىسى 00153 - نومۇر

新疆内部资料（刊形）准印证：00153